«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵
双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署

XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • مجلة حضارة شنجان •

## تىلشۇناس ئامىنە غاپپار خانىم



1

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
01>
9 771008 649003

2007



پەلسەپە دوكتورى، ئالىم ياسىن ھوشۇر ئەپەندى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## ئالىملىرىمىز


تورانلار تورۇپ، تارىختىكى ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى .. ت.باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 2


## ئەدەبىيات


قەلبىمدىكى ھېكايە ............(پوۋېست)............. خالىدە ئىسرائىل 9


## ئائىللىق قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت


ئائىل ۋە قىممەت ..................... ھۆرنىسا مامۇت گۈلتېكىن 32


## قىزلىق نىداسى


گۆھەر زادى كىمگە تەئەللۇق؟ ................... گۈلمېھرە تۇرسۇن 36


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ................ قۇربان ئابلىمىت قاتارلىقلار 38


## زۇلمەت ۋە نۇر


«جىنچىراغ»دىن تۇغۇلغان ھېسلار.............. جېنەستە ناسىر تارىمي 56


## ساياھەت كۆزنىكى


گۈزەل ئىتالىيە.......................دىلئارام قۇربان ئايتۇرك 58


## نادانلىق — ياۋۇزلۇق


ھېكايەت ھاسلاتلىرى ......................تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 69


## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ


چولپانلىرىمىز نېمىشقا ئاغزىنى يۇممايدۇ؟ ...... توختىھاجى يۇنۇس تەرجىمىسى 80


مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 56- يىل نەشرى )


قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2007- يىل 1- سان
( ئومۇمىي 283- سان )

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )



تۈزانلار تۇرزۇپ،

تارىختىكى ھەقىقەت

ئايدىڭلاشتى

# «جۇڭخۇا باغۇ ـ بوستانى»نىڭ ئالاھىدە خەۋىرى

جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ ھەرقاندىقى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى «تۆت چوڭ كەشپىيات»نى ـ سىلىنىق دورىسى، قەغەز، كومپاس ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنى دۇدۇقلىمايلا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. «تۆت چوڭ كەشپىيات» دۇنيا مەدەنىيىتىدە ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا. مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئويما مەتبەئە ۋە مىخ ھەرپلىك مەتبەئە دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. جۇڭگودا ھەممىدىن ئاۋۋال ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنغان. بۇ تېخنىكا بىرنەچچە يۈز يىل قوللىنىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئاندىن كېيىن مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنغان.

لېكىن ئوتتۇرا ئەقلىمدا بۇرۇنقى مىخ مەتبەئە تەۋەررۇكلىرى ناھايىتى كەم ئۇچرىغانلىقتىن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئۆلىما شىن كۇنىڭ «مېڭشىبىتەن ــ چۈشۈمدە كۆرگەن جىلغا سۇلىرى» ناملىق كىتابدا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى توغرىسىدا ئەڭ بۇرۇنقى دۇنياۋى بىلىم تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولسىمۇ، مەسىلىنى بېشىپ بېرەلمەيدۇ، دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن «كاۋاك» يەرگە چات كىرىپ، «مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى كورېيەدىن باشلانغان»، «مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى گېرمان گۇتېنبېرگ كەشىپ قىلغان»، «مەتبەئە تېخنىكىسى ئاۋۋال گېرمانىيەدە كەشىپ قىلىنغان»، «مىخ مەتبەئە ئاۋۋال كورېيەدە كەشىپ قىلىنغان» دېگەندەك گەپلەرنى پەيدا قىلغان ئادەملەرمۇ چىقتى. مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ھوقۇقى توغرىسىدا خەلقئارادا ئىلىم تەتقىقاتى ساھەسىدىكىلەر ئۇزۇندىن بۇيان بەس - مۇنازىرىنى توختاتماي كەلدى.

ياۋروپادا 2000 ـ يىلى گۇتېنبېرگنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 600 يىل بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن زور پائالىيەت ئۆتكۈزۈلگەندە، گېرمانىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى «گۇتېنبېرگنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ ـ ئىجاد قىلىنىشىغا قوشقان تۆھپىسى»نى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى، لېكىن جۇڭگودا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشتىن ئاغلىق ھالدا ئۆزىنى تارتقاندەك بولدى.

## ئالىملىرىمىز

# تۇزانلار تۇزۇپ، تارىختىكى ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى

—— جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئالىي تەتقىقات ئەتىجىلىرى بويىچە 4 - قېتىمدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا

ئېرىشكەن دوكتور، ئالىم ياسىن ھوشۇرنى زىيارەت

ئالىم ياسىن ھوشۇر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئالىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە 4 - قېتىمدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا نائىل بولغۇچى.



ئالىم ياسىن ھوشۇر

ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتى (ھازىرقى سانكىت پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى)نىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا، (سابىق) س س س پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇپ ئوقۇپ، ئالىملىق دەرىجىسىنى ئالغان. ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىلا ئۇيغۇر ھەرپلىرى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىغا ئىشتىياق باغلاپ 1992 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ھونگرىيە خەلقئارالىق تارىخ جەمئىيىتىنىڭ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ، ياپونىيە خەلقئارا ئالاقە فوند جەمئىيىتىنىڭ سەرمايىلىرى بىلەن ھونگرىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە،گېرمانىيە، ياپونىيە ئەللىرىگە ئىلىم - بىلىم ئېلىش ئۈچۈن زىيارەت قىلىپ باردى.

## تارىخنىڭ يۈزىدىكى چاڭ - تۇزانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش يولىدا تەۋەررۈكلەرنى ئىزدەپ چەت ئەللەردە يۈردى

غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر باشقا ئەللەردىن مۇستەملىكە بۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىن،19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ يەنە غەربىي دىيار ئاسارىئەتىقىلىرىنى قىدىرىش دولقۇنىنى كۆتۈرۈۋەتتى. رۇسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيە، ياپونىيە، فىنلاندىيە دۆلەتلىرىنىڭ قىدىرغۇچىلىرى غەربىي دىيارغا كېلىپ تەكشۈرۈش،خەرىتىلىرىنى سىزىش، تەۋەررۈك نەرسىلەرنى قېزىش بىلەن مەشغۇل بولدى. جۇڭگوشۇناس فرانسۇز پائۇل پېللىئوت (Paul Pelliot) 1908 - يىلى 25 - فېۋرال فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنى دۇنخۇاڭغا باشلاپ كەلگەن. ئۇنىڭ ھەمسەپەرلىرى ئىچىدە فوتوگراف نوئېت، توفوگراف(يەر خەرىتىسىنى سىزغۇچى) ۋايانمۇ بار ئىكەن. ئۇلار دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆي - تاشكېمىرلىرىنىڭ ئورنى ۋە مۇھىتىنى تەپسىلىي ئۆلچەپ - سىزىپ، تەكشۈرۈپ كۆرگەن. غارلارنىڭ ھەممىسىگە نومۇر قويغان، تامدىكى رەسىملەرنى، ھەيكەللەرنى سۈرەتكە تارتقان، غارلاردىكى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، تاڭغۇتچە خەتلەرنى ۋە باشقا تىللاردىكى لەۋھەلەرنى كۆچۈرۈۋالغان؛ دۇنخۇاڭدىكى تەۋەررۈك كىتابلارنى ساقلايدىغان غارلارغا كىرىپ، تەۋەررۈك كىتاب - ھۆججەتلەرنى كانتلاپ كەتكەن. پائۇل پېللىئوت دۇنخۇاڭ مىڭئۆي — تاشكېمىرلىرىنىڭ شىمالىدىكى 181 - غار (دۇنخۇاڭ تەتقىقاتخانىسى 464 - نومۇرلۇق غار)دىكى تىنىپ كەتكەن قۇملار ئىچىدىن ئۇيغۇرچە ۋە تاڭغۇتچە نۇرغۇن كىتاب - ھۆججەتنى تاپقان؛ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ئىلىم تەتقىقاتى ساھەسىدىكىلەر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئۇيغۇرتىلىدىكى تەۋەررۈك مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىمۇ تاپقان.

پائۇل پېللىئوت غەربىي دىياردا يىغىۋالغان نۇرغۇن تەۋەررۈكنى ئېلىپ فرانسىيەگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قىدىرغۇچىلار توپلىغان كىتاب - يازمىلارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنى گىمېي ئاسىيا سەنئەتلىرى مۇزېيىغا ساقلاشقا بەرگەندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسمىنى فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ شەرق بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. گىمېي ئاسىيا سەنئەتلىرى مۇزېيىدا ساقلاقلىق ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپى جەمئىي 960دانە بولۇپ، دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرغان ھەممىدىن بۇرۇنقى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئەڭ قىممەتلىك تەۋەررۈكتۇر.

مەشھۇر ئىنگلىز ئالىم يوسېف نىدھامنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكى بىلەن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو پەن - تېخنىكا تارىخى»نىڭ 5 - توم 1 - قىسمى«قەغەز ۋە مەتبەئە»(چيەن سۈيشۈن قەلەم تەۋرەتكەن)دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۇيغۇر مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى پائۇل پېللىئوت 1907 - يىلى تاپقان. يېقىندا تارالغان بىر خەۋەرگە قارىغاندا، شۇ بىر يۈرۈش مەتبەئە ھەرپى يوقىلىپ كېتىپتۇ.»

ياسىن هوشۇر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ خىراياما نامىدىكى «يىپەك يولى تەتقىقاتى»غا ئاتالغان مۇكاپات فوندىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، 1995 ـ يىلى لوندوندا دۇنخۇاڭ كىتاب ـ يازمىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ئەنگلىيە مۇزېيىدا ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا ئۇيغۇرچە كىتاب ـ يازمىلارنى تېپىپ ئوقۇغان چاغلىرىدا يۈسۈپ نىدھامنىڭ كىتابىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تىگى ـ تەكتىنى بىلىۋېلىشنى زادىلا ئەس ـ يادىدىن چىقارمىدى. مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ پارىژدىكى گىمېي ئاسىيا سەنئەتلىرى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال پويىز بىلەن پارىژغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇ، دۇنخۇاڭدىن چىققان ھېلىقى ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى تاپماقچى.

ئالىم ياسىن هوشۇر جىق جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ، ئاخىر گىمېي ئاسىيا سەنئەتلىرى مۇزېيىنىڭ ئاسارىئەتىقە ئامبىرىدىن ھېلىقى 800يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىنى تاپقان.

گىمېي ئاسىيا سەنئەتلىرى مۇزېيى كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى فرانسۇۋا ماكوۋا ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئەينى چاغدا شۇ ھەرپلەر توپا ـ لايغا مىلىنىپ كەتكەنىكەن، مۇزېينىڭ ئامبىرىدا ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. كېيىن ئۇ ھەرپلەرنىڭ ئۈستىدىكى توپا ـ لايلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىپ، غەللىسى بار ئۈچ قەۋەتلىك تارتمىغا سېلىپ ساقلاپتۇ. تەۋەررۈكلەرنىڭ نومۇرى بويىچە ئۇنىڭغا MG25507 دەپ نومۇر سېپتۇ. M.G دېگىنى فرانسۇزچە «گىمېي ئاسىيا سەنئەتلىرى مۇزېيى»دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىكەن.

ئالىم ياسىن هوشۇر قاتار تىزىقلىق تۇرغان ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىدە خۇددى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تارىخىي زامان ۋە ماكاننى ئاتلاپلا ئۆتۈپ، زاماندىن ـ زامانغا دەستە بېسىپ كەتكەن تارىخىي چاڭ ـ توزانلارنى سۈرتۈپ تاشلاپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئويۇپ تەييارلىغان قەدىمكى ھەرپلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن؛ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئىجاد قىلغان پارلاق مەدەنىيەتنى كۆزىگە سۈرتكەن. ئۇ شۇ چاغدا، شۇ دەقىقىدە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان كۆرمىگەن ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرىنى كۆرگەندەك ئەمەس، بەلكى ئۆز كۆڭلىدە ئەجدادلىرى بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشكەندەك ۋە گەپلىشىۋاتقاندەك بولغان، ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە خۇشھال بولغان، ھاياجانلانغان.


1971 ـ يىل 6 ـ سېنتەبىر تارتىلغان بۇ سۈرەت ياسىن هوشۇرنىڭ پىچان ناھىيىسىدە «زىيالىي ياش» بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدىن ساقلىنىپ قالغان خاتىرە سۈرىتى

شۇ چاغدا ئۇ شۇ ھەرپلەرنى ، شۇ مىللىي مەدەنىيەتنى ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ لاماكان ـ تۇرار جايىنىڭ قارارى يوق بوپقالغان روھىنى ئېلىپ قايتىش نىيىتىگە كەلگەن...

ئۇ، مۇزېي باشلىقىنى ماقۇل كەلتۈرگەن. مۇزېي باشلىقى ياسىن هوشۇرنىڭ شۇ 960دانە مەتبەئە ھەرپىدىن نۇسخا ئېلىۋېلىشىغا[1] ماقۇل بولغان.

ئالدىدىن بىرمۇنچە تەييارلىق كۆرگەن ئالىم ياسىن هوشۇر ئىككىنچى كۈنى بامبۇكتىن ياسالغان بىر قولتۇق ئەنئەنىۋى قەغەزنى ئېلىپ بېرىپ، ھەرپلەردىن بىر ـ بىرلەپ نۇسخا ئالغان. 960 دانە ھەرپ، بىرسىنىمۇ چالا قالدۇرمىغان. ئۇ، سەككىز ئەسىر قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەلگە كېتىپ قالغان ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىنى يوغان بەش ۋاراق ئەنئەنىۋى بامبۇك قەغەز[2]گە ئېنىق بېسىپ چىقىرىپ، ھەممىسىنى ۋەتەنگە ئېلىپ كەلگەن.


ئالىم ياسىن هوشۇرنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ 960دانە مەتبەئە ھەرپى ئۆز زامانىسىدا ئىشلىتىلگەن مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى بولۇپ، سەككىز ئەسىر تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن تېپىلغان، قالغان كۆپ قىسمى ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقالغان ياكى بۇزۇلغان بولسا كېرەك. شۇنىڭغا شۇكۇر قىلىمىزكى، دۇنخۇاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ھاۋاسى قۇرغاق بولغاچقا،

[1] مەتبەئە ھەرپىدىن نۇسخا ئېلىش ـ ئۆلگىسى ئېلىنىدىغان ھەرپلەرگە رەڭ بېرىپ نېپىز ھەم يۇمشاق، ئاسان يىرتىلمايدىغان، بامبۇكتىن ياسالغان ئەنئەنىۋى قەغەزگە بېسىپ، ھەرپلەرنىڭ شەكلىنى ئېنىق چىقىرىۋېلىش. بۇنى يەنە بىر مەنىدە نۇسخە ئېلىش دەپ ئاتاش ھەم مۇمكىن. ـ تەرجىمان ئىزاھى.

[2] بۇيەردە ئەسلىي جۇڭگودىن چىقىدىغان، بامبۇكتا ياسىلىدىغان«شۈەنزى»ناملىق ئەنئەنىۋى قەغەز كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇزى يۇمشاق، يىرتىلمايدۇ، رەڭ ياكى سىيانى ئوبدان ئىچىدۇ، قۇرت يېمەيدۇ. ـ تەرجىمان ئىزاھى.

ساقلىنىپ قالغان مىڭدىن ئارتۇق ھەرپ سەللىمازا تۇرۇپ قالغان: سىيسىماي-چىرىمەي تۇرغانلىقى، ئېلىنغان نۇسخىلارنىڭ ئېنىق بولغانلىقى شۇ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياسىغۇچىلارنىڭ ئىشلەتكەن ياغاچلارنى خېمىيە ئىلمى بىلەن ئامال قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇنى ھازىرقى ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرى نۇسخىلىرى(ئەمەلىي نەرسىلەر)بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىساق، ئوپئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا، دۈنخۇاڭ تەتقىقاتخانىسىدىكى تەتقىقاتچى پېڭ جىنجاڭ يېتەكچىلىكىدىكى مەخسۇس تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر دۈنخۇاڭنىڭ شىمالىي تاش غارلىرىنى ئېرىغداۋېتىپ، يەنە 48دانە ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپىنى تاپقان. بۇلار دۈنخۇاڭ تەتقىقاتخانىسىنىڭ ئاسارىئەتىقە ئامبىرىدا ساقلاقلىق تۇرغان ئالتە دانە ھەرپ بىلەن قوشۇلۇپ، جۇڭگودا تېپىلغىنى 54دانە بولدى. ياسىن ھوشۇر بۇلارنى تەتقىق قىلىپ سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ھەرپلەرنىڭ فرانسىيىلىكلەر كانتلاپ كەتكەن ھەرپلەر بىلەن ئوخشاش بىر نۇسخىلىق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھازىر دۇنيادا ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپى 1014دانىغا يەتكەن.



ياسىن ھوشۇر 1995-يىلى ئاۋغۇستتا پارىژدىكى گىمېي ئاسىيا سەنئەتلىرى مۇزېيىدا مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىدىن نۇسخا ئالماقتا

مانا بۇ ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرى ھازىرغىچە دۇنيادا ساقلىنىپ تۇرغان ئەڭ دەسلەپكى تەۋەررۈك مەتبەئە ھەرپلىرىدۇر، شۇنداقلا دۇنيادا ساقلىنىپ قالغان ئەڭ دەسلەپكى ئېلىپبەلىك مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تەۋەررۈكلىرىدۇر. بۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئالساق، جۇڭگولۇقلار ئالدىدىمۇ، جۇڭگودا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىلەر ئالدىدىمۇ بىباھا ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ، مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭگودا ئىجاد قىلىنغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاشتا تېخىمۇ ئوبدان دەلىللەش رولىنى ئوينايدۇ.

مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن جۇڭگونىڭ ئىجاد قىلغان تارىخىي مەرتىۋىسىگە يەنە نېمە گۇمان بولسۇن!

## چەت ئەللەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى تەتقىق قىلىپ، كۆزنى ئىلمىي يول بىلەن روشەنلەشتۈرۈش

مەتبەئەچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىس كارتېر 1925-يىلىدىكى مەشھۇر ئەسىرى«جۇڭگودا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى»دېگەن كىتابىدا ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تۆت دانە كۆچۈرمىسىنى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئېنىق ئېتىراپ قىلغان. ئۇ كىتابتا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق، ئۇ ئەسلىي ئارامېئىك يېزىقىدىن شاخلاپ چىققان. ئۇيغۇرلار مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىغاندا خەتلىرى ئايرىم-ئايرىم مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ياخشىلىقىنى، شۇنداق سىستېمىنىڭ جۇڭگو مەتبەئە ھەرپلىرىگە قارىغاندا كۆپ ئەپچىل ئىكەنلىكىنى بىلگەن.

دۈنخۇاڭدىن تېپىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى پۈتۈنلەي سۆزلەرنى ئاساس قىلغان مەتبەئە ھەرپلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئېھتىمال ئۇلاردا ئەمەلىيەتتە ھەرپلەرنى ئاساس قىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن بىز شۇنداق پاكىت توغرىسىدا خاتىرە ئۇچراتقىنىمىز يوق. ھازىرغىچە ئېلىپبەدىن ئىشلەنگەن مەتبەئە ھەرپلىرىدىن قالغان تەۋەررۈكلەرنىمۇ كۆرگىنىمىز يوق. دېمەك دۈنخۇاڭدىن تېپىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى ئېلىپبەلىك ھەرپ ئەمەس، يەنە شۇ جۇڭگوچە ئىشلەنگەن، بىر-بىرىگە چېتىلغان ھەرپلەردۇر.»

كارتېرنىڭ ئىلىم ساھەسىدە تۇتقان ئورنى ئۇنىڭ ئەنە شۇ ھۆكۈمىنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئۇزۇندىن بۇيان خاتا يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىشىغا سەۋەبچى بولغان. مەتبەئەدە ئېلىپبەلىك ھەرپلەرنى قوللىنىدىغان ئەللەر كارتېرنىڭ ھۆكۈمىنى ئاساس قىلىۋېلىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ قالغان شەرقتە مەتبەئەدە مىخ ھەرپلەرنى ئىشلىتىشتىن يۈز يىل بۇرۇنلا ئېلىپبەلىك مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئىشلىتىدىغان مەتبەئە تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي كەلگەنىدى.

ئالىم ياسىن ھوشۇر ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ئەللىرىدە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى ئۆلگىسىنى ئېلىۋالغان ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئۇزۇن ۋاقىت تەتقىق قىلدى. كېيىن يەنە ياپونىيە خەلقئارا ئالاقە فوندىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىش سەرمايىسى ئېلىپ، ياپونىيەدە توپتوغرا بىر يىلغىچە نۇرغۇن كىتاب-ماتېرىيالنى ئوقۇپ چىقتى. مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ھەربىرىنى يەشتى، شەرھلىدى، تۈرگە ئايرىدى، سېلىشتۇرۇپ كۆردى، مەتبەئەچىلىك تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن تەتقىقات ئەسىرى ۋە يازمىنى

ئوقۇدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرى ۋە شۇ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ غەربكە




ياسىن ھوشۇر مۇنبەردە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتنامىنى قولىغا ئېلىپ تۇرماقتا

تارقىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى»، «تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئەچىلىككە يەتكۈزگەن مۇھىم تۆھپىسى»(ھەمكارلىشىپ يازغان)، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»(ياپون تىلىدا يازغان) دېگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھىم ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. (ئالىم دەپ تەرىپلىگەن ئادەملىرىمىز مانا مۇشۇنداق پاراسەتكە، غەيرەت ـ شىجائەتكە ۋە سۇباتلىق پەزىلەتكە ئىگە بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ شۇ مىللەتنىڭ پەخرى ھەم بەختى! ئالىم ياسىن ھوشۇر ئەپەندى، ھىممىتىڭىزگە رەھمەت ياغسۇن! بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىۋېتىپ، ھەقىقەتەن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتۈپ، يېشىم 80نىڭ داۋىنىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، پەزىلەتلىرىڭىزنىڭ ئىلھامى ماڭا يەنە غەيرەت ۋە قۇۋۋەت بېغىشلىماقتا. بۇ ھېسسىيات ھەركىم ئۈچۈن ئورتاق مەنىۋى بايلىق بولۇپ رول ئوينىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ژۇرنالچىلىق قېلىپىنى بۆسۈپ يازغان بۇ تەسىراتىمغا ھۆرمەتلىك مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ ژۇرنالدا ئالقانچىلىك ئورۇن بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ـــ ت. باقى ئارتىشى.)

ئالىم ياسىن ھوشۇرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلى يېپىشقاق تىل. بۇ تىلنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ھەربىر تۈپ سۆزنىڭ تومۇرىغا ھەرخىل گراماتىكىلىق ياكى سېمانتىكىلىق قوشۇمچە مۇئەييەن تەرتىپتە ئۇلىنىپ، ھەرخىل سېمانتىكىلىق ياكى گراماتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق. ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئىجادچىلىرى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىق بولغان مۇھىم ئامىلىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، خەنزۇ مەتبەئە ھەرپلىرىگىمۇ، تاڭغۇت مەتبەئە ھەرپلىرىگىمۇ ئوخشىمايدىغان يېڭى نۇسخىدىكى مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياسىغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى ئامېرىكان ئالىم كارتېرنىڭ ئېيتقىنىدەك پەقەت سۆزنىلا ئاساس قىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى ئەمەس، بەلكى ئېلىپبە ھەرپلىرىنى، بوغۇملار(قوشۇمچىلار)نى، سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ ھەرپلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا غەربنىڭ ئالفاۋىتلىك مەتبەئە ھەرپلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئاساسىي قائىدىلەر بار ئىكەن.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شېن كۇنىڭ بى شىڭ توغرىسىدا يازغان خاتىرىسىدە تىل(يەنى سۆز)نى ئەڭ كىچىك يېزىق تەركىبىنى ئاساس قىلغان ھالدا پارچىلاش ۋە شۇنىڭدىن مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياساش ئىدىيىسى بار ئىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل ـ يېزىقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەتبەئە




ياسىن ھوشۇر 1992 ـ يىلى ئىيۇل بۇداپىشتتا

ھەرپلىرىنى ئىجاد قىلىپ، مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىشلىتىش دائىرىسىنى غەربىي دىيارغىچە كېڭەيتكەن.

ئالىم ياسىن ھوشۇرنىڭ بۇ بايقىشى كارتېرنىڭ ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىدە «سۆز ئاساس قىلىنغان» دېگەن خاتا ھۆكۈمىنىڭ باشقىدىن يېزىلىشىغا تۈرتكە بولدى، جۇڭگونىڭ ئېلىپبەلىك مىخ مەتبەئەگە يەتكۈزگەن تۆھپىسىنىمۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتقا ئايلاندۇردى.

ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى بى شىڭ خەنزۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى

ئاساسىدىكى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلغان بولسا، قەدىم ئۇيغۇر مىللىتىمۇ شۇ ئاساستا ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئىجاد قىلغان. دېمەك، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئۇتۇقىنى بىرىنچىچە مىللەت ئورتاق ياندۇرۇپ ۋە كەڭ تۇتاشتۇرۇپ، ئىنسانىيەتكە ئىنئام قىلغان.



ياسىن ھوشۇر پارىژدىكى گىمې ئاسىيا سەنئەتلىرى مۇزېيى ئالدىدا

## ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەمكارلىشىپ ئەسەر يېزىپ، نەزەرىيىنى يېڭىۋاشتىن نۇرلاندۇردى

جۇڭگودا مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى 11 ـ ئەسىردىكى ئىش بولسا، ياۋروپادا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى 15 ـ ئەسىردىكى ئىش. بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن، جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ بىر ـ بىرىدىن ناھايىتى يىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە مەتبەئە ھەرپلىرى تۆت چاسا خەت (سۆز) لىك ھەرپ، ياۋروپانىڭ بولسا ئېلىپبەلىك ھەرپ. ئۆتمۈشتە بەزى ئادەملەر جۇڭگونىڭ مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ كەلگەن. جۇڭگونىڭ مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپاغا تەسىر قىلغانلىقىغا ئىقرار بولغان مۇتەخەسسىسلەرمۇ شۇ تېخنىكىنىڭ غەربكە قانداق يوللار بىلەن تارقىلىپ بارغانلىقىنى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە شەرھلەپ بېرەلىگەن ئەمەس.

ئالىم ياسىن ھوشۇر «بۇ چالا قالغان تارىخ»نى تولۇقلاپ يېزىشقا بەل باغلاپ، شۇ تارىخنى ۋە شۇ يولنى بىر ـ بىرىگە ئۇلايدىغان «ئارقان»نى تاپقان. ياسىن ھوشۇر ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدە زوق ـ شوق بىلەن ئىزدىنىۋاتقاندا، يەنە

بىر ئىجتىھاتلىق كىشىمۇ تائىفىت يېزىقىدىكى تەۋەررۈك كىتابلاردىن مىخ مەتبەئە تەۋەررۈكلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئىزدەپ يۈرگەنىكەن. ئۇ كىشى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تائىفىت مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، تەتقىقاتچى شى جىنبو ئىكەن. ئىككى بۆلەك ساھەنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئىككى ئالىم ئوتتۇرا قەدىم زاماندا كۆمۈلۈپ قالغان ئازسانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت ساھەسىگە خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا بىللە قەدەم تاشلىغان. مەسلىھەتلىشىش ۋە پىكىرلىشىش نەتىجىسىدە ئۇلاردا ئورتاقلىق پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ساھەسىدە بۈيۈك شەرق دىيارىنىڭ نامىنى ئاقلاش قارارىغا كەلگەن.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1997 ـ يىلى «جۇڭگودا مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تارقىلىشى»ماۋزۇلۇق تەتقىقاتنى ۋەزىپە قىلىپ بېكىتتى. ئالىم شى جىنبو بىلەن ئالىم ياسىن ھوشۇر تەتقىق قىلىۋېتىپ، جۇڭگو مىخ مەتبەئەچىلىكىنىڭ غەربكە تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا دائىر راسا جىق بار دەلىللەرنى تېپىپ، جۇڭگو مەتبەئەچىلىك تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقاتنى يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈردى.

ئېلىمىز ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى بىرمۇنچە ئەل بىلەن خېلى بۇرۇنلا قورۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىپ كەلگەن. ئىلىم ـ بىلىم ساھەسىدىكىلەر شۇ يولنى ئۆتكەن ئەسىردىن باشلاپ «يىپەك يولى»دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. «يىپەك يولى»نىڭ ئېچىلىشى بىلەن جۇڭگونىڭ قەدىم مەدەنىيىتى ۋە ئىجادىيەت ـ كەشپىياتلىرى غەربكە تارقىلىشقا باشلىدى. غەربنىڭ دىنلىرى، مەدەنىيەتلىرى، سەنئەتلىرىمۇ جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىشكە باشلىدى.

تائىفىتلار، ئۇيغۇرلار غەربىي دىياردا پارلاق مىللىي مەدەنىيەت ياراتقان ئىككى مىللەت. ئۇلار جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا تۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقە يولى بولغان خېشى كارىدورىنى سوراپ كەلگەن. بۇ كارىدور ئۆز زامانىسىدا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەتلەر ئالاقىسىدا



دۆلەت ئاخبارات ـ نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شى زۇڭيۇەن ياسىن ھوشۇرغا مۇكاپات بەرمەكتە

مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مىخ مەتبەئەنىڭ شەرقتىن غەربكە تارقىلىشى جەريانىدا مەتبەئە ھەرپلىرىنى تائىفىتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئىشلىتىشىدە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ.

مەتبەئە ھەرپلىرى ئىشلىتىلگەن ۋاقىت جەھەتتىن قارىغاندا، بى شىڭنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشپ قىلغان ۋاقتى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئەدىن پايدىلانغان ۋاقتى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېيىنكى ۋاقتى بىلەن 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغا توغرا كېلىدۇ. ياۋروپالىقلار بولسا مىخ مەتبەئەدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پايدىلانغان. تاڭغۇتلارنىڭ مىخ مەتبەئە جابدۇقلىرى ۋە ئۇيغۇر مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تېپىلىشى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىپ بېرىشىدىكى ئىككى ئەسىرلىك ئۆتكۈنچى دەۋرنى زامان جەھەتتىن تولۇقلىدى، ماكان جەھەتتىن بولسا ئوتتۇرا ئىقلىمدىن غەربكە ئىككى مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى ئىلگىرى سۈردى.

پاكىت شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگولۇقلار ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنى ياۋروپالىقلاردىن تەخمىنەن 800 يىل بۇرۇن قوللىنىشقا باشلىغان. بى شېڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى گۇتېنبېرگ قوللانغان مېتال ھەرپلەردىن 400 يىل بۇرۇن كەشپ قىلغان. بۇ ھەقتە خەنزۇچە، پارسچە ۋە مەغرىبچە كىتابلاردا ئېنىق خاتىرىلەر بار ئىكەن. بۇندىن باشقا، جۇڭگودا يەنە قەدىمكى مەتبەئە جابدۇقلىرى نەچچە ئون مىڭلاپ تېپىلدىكەن.

تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچتىن ياسالغان مەتبەئە ھەرپلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە مەلۇماتلار جۇڭگو مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى توغرىسىدىكى تولىمۇ قىممەتلىك ئىلمىي ئاساستۇر.

«تاڭغۇتلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئەچىلىككە يەتكۈزگەن مۇھىم تۆھپىسى»(ياسىن ھوشۇر ۋە شى جىنبو ئىككىيلەن ھەمكارلىشىپ يازغان)1997 ـ يىلى 5 ـ ئاۋغۇست«نۇر»گېزىتىنىڭ 5 ـ بېتىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىز ئىچىدىمۇ، سىرتىدىمۇ ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى. «جۇڭگودا مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تارقىلىشى ـ تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇر مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»( ياسىن ھوشۇر ۋە شى جىنبو ئىككىيلەن ھەمكارلىشىپ يازغان) ناملىق كىتاب ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت يازمىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ھەمدە ئاخبارات تارقىتىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى پۈتكۈل دۇنياغا ئېلان قىلىندى (بۇ ئىككى ئالىمنىڭ «جۇڭگودا مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تارقىلىشى ـ تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇر مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»ناملىق توت بابلىق كىتابى ھەققىدە ژۇرنىلىمىز ئۆزىنىڭ 2000 ـ يىل 6 ـ سانىنىڭ «مەدەنىيەت ـ سەنئەت گېزىتى»، ئومۇمىي 28 ـ ساندا تۇرغۇن ئابدۇلئەزىزنىڭ قەلىمىدە مەخسۇس خەۋەر بەرگەنىدى. ـ ئۇيغۇرچە نەشر مەسئۇل مۇھەررىرىدىن قىستۇرما). «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 25يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە 4 ـ قېتىملىق ئەلا نەتىجىلەر مۇكاپاتى»نى، « 2 ـ قېتىملىق ئەلا ژۇرناللار مۇكاپاتىنى تارقىتىش» يۇزىسىدىن 2002 ـ يىل 16 ـ ئۆكتەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا نائىل بولدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ يىلقى «جۇڭگو تارىخشۇناسلىقى بويىچە گومورو مۇكاپاتى»غىمۇ ئاتىلىپتۇ.



ياسىن ھوشۇر «جۇڭگودا مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تارقىلىشى ـ تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇر مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ ھەمكارى، مەشھۇر ئالىم شى جىنبو ئەپەندى بىلەن بىللە مۇكاپات ئالغاندىن كېيىن چۈشكەن سۈرەت

ياسىن ھوشۇر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا شىئەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا ئىلمىي تەتقىقاتى يىغىنىغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىكەن.

ياسىن ھوشۇر تارىخنىڭ زامان ـ ماكان تونىلىنى جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن بېسىپ ئۆتكەن ئادەم. بۇ جاھاننىڭ ئىگىر ـ چىگىر ئىشلىرىدىن ئۆزىنى نېرى تارتىپ ياشىغان ئادەم، مەن ئۇچراتقان ھەقىقىي ئىلىم ئىگىسى.



ياسىن ھوشۇر«جۇڭگودا مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تارقىلىشى ـ تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇر مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»ناملىق كىتابىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى خۇاڭ يەنشېڭ خانىم بىلەن ئىجتىمائىي پەن كىتابخانىسى ئالدىدا

بۈگۈنكى كۈندە «تۆت چوڭ كەشپىيات»نى يەنە تىلغا ئالغىنىمىزدا بىز جۇڭگو ئادەملىرى ياسىن ھوشۇرنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنى ئەس ـ يادىمىزدا تۇتۇشىمىز كېرەك. ئەنە شۇ ياسىن ھوشۇر، ئىلىم بىلەن شۇنچىغا ئوخشاش قېتىرقىنىپ ئىشلىگەن ـ ئىشلەيدىغان ئىلىم ئىگىلىرى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئۇلۇغ مەتبەئە تېخنىكىسى ،كەشپىياتنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى ۋە ئېنىقلىدى.

---

ماقالىنى يازغان ۋە سۈرەتلەرنى تارتقان مۇخبىر تەن شى ئىمزالىق بۇ سۆھبەت خاتىرىسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى رىياسەتچىلىكىدە چىقىدىغان «ئىزدىنىش»ژۇرنىلى قارىمىقىدىكى «جۇڭخۇا باغۇ ـ بوستانى»(ھازىرقى «قىزىلبايراق»سۈرەتلىك ژۇرنىلى)ناملىق ژۇرنالنىڭ 2002 ـ يىل 11 ـ سانىدىكى «ئالاھىدە خەۋەر»سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

**توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى (M2)



# قەلبىمدىكى ھېكايە

(پوۋېست)

## خالىدە ئىسرائىل

ھەرقانداق قەلبتە بىر ھېكايە بولىدۇ. ئادەم قەلبى خۇددى تۈگۈلۈپ قاتتىق قېپى ئىچىگە كىرىۋالىدىغان يۇمشاق قولۇلىگە ئوخشايدۇ. بىرەر چىچە تامچە ئىللىق يامغۇر ئۇنى قېپىدىن چىقىرالايدۇ. قەلبلەرگە ئاشۇ يامغۇر تامچىلىرىدەك غەمخورلۇق، ئىللىقلىق ئاتا قىلالىساڭ، چىن قەلبتىن ئۇرغىغان ئۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىنى ئاڭلايسەن. ئۇنىڭ ئىچىدە كىشىنى گاھ كۈلدۈرۈپ، گاھ يىغلىتىدىغان، ئاجايىپلىقتا ۋەھىملىك كىنولاردىكى ياكى ۋەقەلىك قوغلىشىدىغان رومانلاردىكى ئىشلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ھېكايىلارمۇ، قارىماققا ئاددىي، تېپتىنچ، ئەمما كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان سىر ـ ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان ھېكايىلارمۇ بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، مېنىڭ قەلبىمدىمۇ بىر ھېكايە بار. مەن بۇ ھېكايەمنى بالام ساڭا ـ تېخى تۇغۇلمىغان پەرزەنتىمگە بېغىشلىماقچىمەن.

بالام، بۈگۈن مەن سېنىڭ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولىدىغانلىقىڭدىن خەۋەر تاپقان چېغىمدا، بەخت ۋە شادلىقتىن بېشىم ئاسمانغا يېتىپ، يېڭىدىن بىر ئادەمگە ئايلانغاندەك بولدۇم. بىلىمەن، سەن تېخى بەك كىچىك، كىچىكلىكتە خۇددى بىر تال غۇنچىغا ئوخشايسەن. سەن ئاپاڭنىڭ تېنىدە كۈنسېرى بوي تارتىپ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىسەن. تەن، ئەقىل ۋە ھۆسن تۈزۈپ، ھەقىقىي كىشىلىك ھاياتقا يۈزلىنىشكە تەييارلىنىۋاتىسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئۇزاق يەتتە ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. مەن بۇ يەتتە ئاينىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى، سېنى باغرىمغا باسىدىغان كۈنلەرنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى سەن مېنىڭ 35 يېشىمدا ئاران ئېرىشكەن يۈرەك پارەم. ھاياتىمنىڭ مەناسى، مېنىڭ بارلىقىم. مەن سەن بىلەنلا مۇكەممەل ئادەمگە، بىر دادىغا ئايلىنىمەن. شۇ تاپتا مەن نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە. بىراق ... قەلبىمدە سېنىڭ خۇشاللىقىڭ بىلەن تەڭ پەيدا بولغان بىر تىنچسىزلىق، غەلىيان ماڭا بىر مىنۇتمۇ ئارام بەرمەي، مېنى ئازابلاپ كەلمەكتە. چۈنكى مەن سېنىڭ پەرىشتەدەك پاك، گۈل بەرگىدەك

ئەدەبىيات

*يۈمرىن چىرايىڭغا قانىدىق قىلاشنى، بىر كۈنلەردە ھامان سورايدىغان سوئاللىرىڭغا قانىدىق جاۋاب بېرىشنى تېخى بىلمەيمەن. مېنىڭ تېخى تەييارلىقىم يوق. بالام. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزۈم ھەققىدە، ئەڭ يېقىن كىشىلىرىم بولغان دادام بىلەن ئاپام، مېھرىبان ئائىلەم يەنى سېنىڭ ئاپاڭ ھەققىدە، بىزنىڭ ئەگرى ـ توقاي ھايات يولىمىز ھەققىدە بىر ھېكايە يازماقچىمەن. بۇ ھېكايەم بىر كۈنلەردە سوراپ قېلىشىڭ ئېھتىمال بولغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلىسە، سېنىڭ، مېنىڭ ۋە ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش، مۇھەببەت ۋە ئىشەنچنىڭ پاك نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، روھلىرىمىزنى مەڭگۈ ئايرىلماس قىلىپ بىرلەشتۈرەلىسە، كەلگۈسىدە ھاياتىڭ ئېگىز ـ پەس داۋانلىرىدا ساڭا ئاز ـ تولا مەنىۋى كۈچ بەخش ئېتەلىسە مەن ھەممە ئارزۇيۇمغا يەتكەن بولاتتىم.*

*شۇ تاپتا كەچ سائەت 11 بولدى. تام سائىتىنىڭ تىلى چىك ـ چاك، چىك ـ چاك قىلىپ، مىنۇت ـ سېكۇنتلارنى توختىماي ساناپ مېنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ. ئاپاڭ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكىلى ئەۋاق. چىرايىدا بەختىيار تەبەسسۇم. قارىغاندا، چۈشىدە ئۇ سېنى ئەركىلىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئۇنىڭ چىرايى. يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا بىر سۈلكەت. يوشۇرۇن بىر خۇشاللىق، جانلىنىش پەيدا بولغانىدى. ئەسلى بۇ سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئىكەن، بالام.*

*مەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم، قوللىرىم تىترەپ زادىلا قولاشمايتتى. كەتمەن ـ گۈرجەككە پىششىقلان، ماشىنا رولىغا كۆنگەن بۇ قوللار كىچىككىنە قەلەم ئالدىدا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ قانچە يىللار بوپكەتتى ـ ھە، مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ باقمىغىلى.*

*مەن بۇ ھېكايەمنى راستىنلا يېزىپ چىقالارمەنمۇ؟*

1

بۈگۈن مەن كوچىدا 40 ياشلارغا تېخى بارمىغان، بېشىغا ياغلىق ئارتىپ، ساددىلا كىيىنگەن بىر ئايالنى ئۇچراتتىم. ئۇ مەندىن بەش ـ ئالتە قەدەم ئىلگىرى كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغانچە قارىغۇم كېلىپ، ئۆزۈمچىلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خېلى يەرگىچە كېتىپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى، كىيىنىشى، يەرگە قاراپ ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىشى رەھمەتلىك ئاپامغا شۇنچىلىك ئوخشايتتىكى، خۇددى راستىنلا ئاپام تىرىلىپ قايتىپ كەلگەندەك ھاياجانلاندىم. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى. ئۇ ئايال 7 ـ يول ئاپتوبۇسىغا چىقىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن نە بىرەر ئېغىز پاراڭلىشالمىدىم. ھەتتا چىرايىنى بولسىمۇ كۆرەلمىدىم. ئەمما ئۇنىڭ قىياپىتى ئاپامنىڭ كۆڭۈل خاتىرەمدىكى قىياپىتى بىلەن بىرلىشىپ كەچكىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئاپام شۇنداق ياش، شۇنداق مۇلايىم، مېھرى ئىسسىق ئايال ئىدى. قايتا پەرزەنتلىك بولالمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، مەن ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك قىلىپ كېتەتتى. ھايات بولغان بولسا، ئەمدىلا 50ياشلاردىن ئاشقان بولاتتىمىكىن.

دادام بۇ يىل 60 ياشقا كىردى. ئۇ بەك سەممىي، تۈز كۆڭۈل ئەمما جاھىلراق ئادەم. ئۇ كىچىك ۋاقتلىرىدىكى ئىشلارنى سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ سۆزلەپ بېرىدىغان ئىشلار ۋە ئادەملەر ئەينى يىللاردا ماڭا خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك ئاجايىپ ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى. بەزىدە مەنمۇ نېمىشقا ئاشۇ چاغدا تۇغۇلۇپ قالمىغان بولغىيتتىم، دەپ ئارمان قىلىپ كېتەتتىم.

ـ يەنىلا ھازىرقى زامان ياخشى، بالام، ـ دەيتتى دادام، ـ بىر كۆرگەن ئاچارچىلىق يىللارنى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نى خۇدا بەندىلىرىگە ئىككىنچى كۆرسەتمىسۇن...

ئاچارچىلىق يىللىرى دادامنىڭ 13 ـ 14ياشلاردىكى تازا ئۆسۈۋاتقان ۋاقتى بولغاچقىمىكىن، ئۇنىڭدا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قالدۇرغانىكەن. ھەر قېتىم مەن تاماق يېگىلى ئۇنىماي خەقشىلىك قىلسام: «بالام، بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا يەيدىغانغا نان يوق، بىر ۋاقلىق تامىقىمىزغا ئاران بىرەر تىلىم كاۋا ياكى بىرەر سىقىم پۇرچاق يەيتتۇق. ئاچلىقتىن پۇت ـ قولىمىزدا ماغدۇر بولمىغاچقا سىنىپتا ھەممىمىز پارتىغا چاپلىشىپ يېتىپ كېتەتتۇق. مۇئەللىم دەرس سۆزلىسە، قۇلىقىمىغا خۇددى توختىماي ‹نان، نان› دەۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. شۇڭا مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى بەش يىلدا ئاران تۈگەتكەن»دەيتتى. شۇ يىللاردا دادام نۇرغۇن ئۆششاق بالا ۋە چوڭلارنىڭ بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكىنىنى، بەزى ياش بالىلارنىڭ بىر نان ئۈچۈن ئوغرى، قاتىل بوپكەتكىنىنى كۆرگەنىكەن. شۇڭا ئۇ ئىسراپچىلىقنى بەك يامان ئالىدۇ. ئۇنىڭ نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ، پۈۋلەپ ئاغزىغا سېلىشلىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىرقىسما قىلىپ قويىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ رېستورانلاردىكى ئىسراپچىلىقلارنى كالللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيدۇ. ئاشۇنچىۋالا ئېسىل تائاملارنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرسەم، يۈرىكىممۇ سۇ بولۇپ ئېقىۋاتقاندەك، ئۆزۈم چوڭ بىر گۇناھقا شېرىك بولغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدىكەن، دەيدۇ. باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ بىر قېتىم شۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ: «ھەي، خالايىق، بۇنداق قىلمايلى، گۇناھ بولمامدۇ، قورسىقى تويمايۋاتقان نى ـ نى ئادەملىرىمىز تۇرۇپ، بىز بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەك، خۇدا راۋا كۆرەمدۇ!...»دەپ سۆزلەپ قويۇپ، توي ئىگىلىرىنى نارازى قىلىپ قويغانىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ رېستورانغا بارماس بوپتۇ.

دادام يەنە« مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقاپ، مومايلارنىڭ چېچى بىلەن بوۋايلارنىڭ ساقىلىنى كەسكەنلىرىنى، مەسچىت، خانىقا، گۈمبەزلەرنى چاققانلىرىنى، كىتابلارنى كۆيدۈرگەنلىرىنى، ئىلگىرى كۆزىگە تىك باقالمايدىغان مۇئەللىملىرىنى «جىن ـ شەيتان»دەپ سۆرەپ يۈرۈپ كۆرەش ـ «پىپەن»قىلغانلىرىنى ئاجايىپ كۈلكىلىك قىلىپ ۋە ئېچىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى.

ـ ئىنقىلاب قىلىپ يۈرۈپ، نورما ئاشلىقنىمۇ ئالالماي ھەپتىلەپ ئۆچرەت تۇرىدىغان بوپكەتكەنىدۇق. بىر قېتىم، ئۆزۈم تولا قاقشاتقان بىر مۇئەللىمىمنىڭ ئۆچرەتنىڭ ئاخىرىدا ئىنتايىن مەيۈس ھالدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇن خالتىسى بىلەن كىنىشكىسىنى ئېلىپ، ئۆچرەتتىكى مىغ ـ مىغ ئادەمنىڭ يەلكىسىگە دەسسەپ بېرىپ، نورما ئاشلىقنى بىردەمدە ئېلىپ بەردىم. مۇئەللىم كۆرەش قىلىمىز دەپ سالغان جاپالىرىمنى ئۇنتۇپ، ئاشۇ كىچىككىنە ياخشىلىقنى ئېسىدە تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ مېنى نەدە كۆرسە، شۇ ئىشنى سۆزلەپ، مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈپ كېتىدۇ، ـ دەپ بەك ھاياجانلىنىپ كېتەتتى.

داداملار جاھاننى سوراپ يۈرگەن كۈنلەردە يۇقىرىدىن زىيالىي ياشلارنى تاغ ـ يېزىلارغا «قايتا تەربىيە ئېلىش»قا چۈشۈرۈش توغرىسىدا پەرمان كېپقاپتۇ. دادام 16ساۋاقدىشى بىلەن بىر چەت

يېزىغا ئورۇنلىشىپتۇ. دەسلەپتە دېھقانلار«زىيالىي ياشلار كەلدى»دەپ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، ھەرجەھەتتىن ئېتىبار قىپتۇ. ئەمما كېيىن قارىسا، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئۆتە ئاقنانچى، ھورۇن ئىكەن. كۈنبويى ئەمگەككە چىقماي ئۇخلايدىكەن، توخۇ-تۇخۇم، قوغۇن-تاۋۇز ئوغرىلاپ دېھقانلارغا ئارام بەرمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئۇلارنى «زىياندىشلار»دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. ئۇلار ئاشۇ يېزىدا ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ، بىردىن-ئىككىدىن يول تېپىپ شەھەرگە قايتىپ كېتىپتۇ. دادامىمۇ تالاي ئەگرى-توقاي يوللار ئارقىلىق كىچىك بىر زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ ئورۇنلىشىپتۇ. بىرەر يىلدىن كېيىنلا، بۇ زاۋۇت ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپتۇ، داداممۇ باشقا ئىشچىلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەپتۇ. بۇيەردە ئۆزى بىلەن بىر يۇرتلۇق، گېزىتخانىدا نابورچىكلىق قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ئاپتۇ. ئىككىنچى يىلى مەن تۇغۇلۇپتىمەن.دادام ئاشۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ: «كىچىكىمدە - تازا ئۆسۈۋاتقان چېغىمدا ئاچارچىلىققا دۇچ كېلىپ كۆرمىگەننى كۆردۈم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئادەم بولىدىغان چاغدا مەكتەپلەر تاقىلىپ يېزىدا قىغ توشۇدۇم. زاۋۇتتا سېخ مۇدىرى بولۇش نۆۋىتى ئەمدىلا ماڭا كېلىۋىدى، يۇقىرىدىن ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى، زىيالىيلارنى ئۆستۈرۈش سىياسىتى كېلىپ، سېخ مۇدىرىمۇ بولالمىدىم. مەن زادى تەلىيىم تەتۈررەك ئادەممەن» دەيتتى.

ئاپام ئۇنىڭغا قايىل بولماي: «سىلىدەك يېزىغا چۈشكەنلەردىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كاتتا ئادەم بوپكەتكەنلەرمۇ جىققۇ!»دېسە، دادام: «ئوسمىنى دەمدەك قويۇپ، ھىلھىلە ياغلىقنى بوينۇڭغا سېلىپ، كۈندە كەچتە كېلىپ كۆزۈمگە قاراپ ئولتۇرۇۋالمىغان بولساڭ، مەنمۇ ئۆيلىنىمەن دەپ يۈرمەي، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولاتتىم»دەپ تېرىكتۈرەتتى. ئاپام چىدىماي قېلىپ: «كۈندە كەچتە كېلىۋالغان كىم ئىكەن؟»دەپ تالاشقىلى تۇرسا، دادام: «بولدى، خوتۇن، تالاشمايلى. بىز قىلالمىغان ئىشلارنى ئوغلىمىز بەختىيار قىلار. بىز يېتەلمىگەن كۈنلەرگە بەختىيار يېتەر. بالىمىزنىڭ پېشانىسى ئوچۇق بولسۇن، دەپ تىلەيلى»دەيتتى. ئارقىدىن ماڭا قاراپ: « ئوغلۇم، سەن ماڭا ئوخشاش يېرىم ئادەم بوپقالما. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بولسا چەت ئەللەرگىمۇ چىقىپ ئوقۇ. ھازىر جاھان كەڭرىپ قالدى، قانچىلىك ئوقۇيمەن دېسەڭ ئىمكانىيەت بار» دەيتتى. مەنمۇ ئىچىمدە «ھەرنېمە بولسىمۇ دادامدەك بىچارە بوپقالماسمەن»دەپ ئويلايتتىم.

مەن مەكتەپتە خېلى ياخشى ئوقۇيتتۇم. بەك ئەلاچىلاردىن بولمىسامۇ، ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەي قالمايتتىم. مۇئەللىملىرىم: « كاللاڭ خېلى ئىشلەيدۇ،لېكىن تىرىشمايسەن»دەيتتى. ھازىر ئويلاپ قارىسام،ئەينى چاغدا دىققىتىمنى چېچىپ تۇرىدىغان ئىشلار كۆپ ئىكەن. مەن كۆپ ئىشقا قىزىقاتتىم. ئەدەبىي كىتابلارنىمۇ خېلى ئوقۇپ قوياتتىم. «تىنچ دون»دىكى گېرىگورىي، «مەممەت ئاۋاق»تىكى مەممەت، «گراف مونتى.كرستو» دىكى ئەدمون، «سپارتاك»تىكى سپارتاك، «ئۆتكەن كۈنلەر»دىكى ئاتابېكلار چوقۇنىدىغان قەھرىمانلىرىم ئىدى. ئۇلار مېنى گاھ نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى غۇۋا ئۆتمۈشكە ئېپكەتسە، گاھ يېقىنقى زاماندىكى ئىس-تۈتەكلىك جەڭ مەيدانلىرىغا ياكى ئاددىي تۇرمۇش، ھېسسىيات قايىنىمىغا باشلايتتى. مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ پېرسوناژلاردەك ھېس قىلىپ، ئۇلار بىلەن تەڭ ھاياجانلىنىپ، قانلىرىم تەڭ قاينايتتى، ئېچىنىشلىق، تەسىرلىك يەرلىرىدە كۆزلىرىمدىن ياشمۇ چىقىپ كېتەتتى. مەن مۇزىكىغىمۇ ھەۋەس قىلاتتىم. مودا ناخشىلارنىمۇ خېلى قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ قوياتتىم. بىر مەزگىل بىر ساۋاقدىشىمدىن گىتار چېلىشنى ئۆگىنىپ، مەكتەپتە ھەم مەھەللىدە گىتارچى ئاتىلىپ يۈرگەنىدىم.

ئۆيدە توك، سۇ يوللىرىنى ئوڭشايدىغان، بۇزۇلغان كارىۋات، دېۋانلارنى ئوڭشايدىغان ئىشلارنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئېلىپ، دادامنىڭ يۈكىنى خېلى يەڭگىللىتەتتىم. بىر قېتىم سۇنۇپ كەتكەن كونا بىر دېۋاننى ياساپ قويسام، ئاپامنىڭ نەچچە ۋاقىتقىچە خۇشھال بولۇپ، ئۆيگە كىرگەنلىكى ئادەمگە كۆرسىتىپ، داڭلاپ يۈرگىنى ئېسىمدە.

مېنى ئاتا-ئانىلا ئەمەس، ساۋاقداشلىرىممۇ ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ بىرمۇنچە قىز ساۋاقدىشىم «بەختىيار، بىزگە گىتار چېلىپ بەرگىنە»دەپ كەينىمدىن چىقمايتتى. مەن ئۆزۈمچە ئۇنداق شوخ، سادda قىزلارنى ياراتماي، ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ناخشىلارنى تاللاپ ئېيتىپ، ئۆزۈمدىن بەزدۈرمەكچى بولاتتىم.

مەن تولۇق ئوتتۇرىغا چىققان يىلى سىنىپىمىزغا باشقا مەكتەپتىن بىر بالا يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ، چوڭ ئادەملەردەك ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ يۈرىدىغان، ئېگىز بوي، ئاقسېرىق، قىزلارنىڭكىدەك ئىنچىكە، سارغۇچ قاشلىق، چېقىر كۆزلۈك، سەل ئالىقاپراق كۆرۈنىدىغان، پاراڭچى بالا ئىدى. مۇئەللىم ئۇنى مېنىڭ پارتامغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئىككىمىز تېزلا چىقىشىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئىسمى خالمۇرات ئىدى. بىز مۇرات، دەپلا چاقىراتتۇق. ئۇ ياسىنىپ يۈرەتتى ھەم كىيىم-كېچەكلىرىنى كۆز-كۆز قىلىشقا ئامراق ئىدى. دەرسخانىدا پۇتنى ئورۇندۇقتىن ئۇزۇن سۇنۇپ، چىرايلىق خۇرۇم ئايىغىنى كۆرگەزمە قىلىپ ئولتۇراتتى. «تۇغقانلار سايۇزدىن ئالغاچ كەپتىكەن» دەپ، سىپتا تىكىلگەن كاستۇم-بۇرۇلكىلارنى كىيىپ كەلسە ھەممىمىز ھەۋەس قىلىپ قالاتتۇق. ئۇ ماڭا ئىشتان بىلەن ئاياغنىڭ ماندىقىنى، پايپاقنىڭ ئاندىقىنى كىيسەن، دەپ ئۆگىتەتتى. ئۇ مەندىن ئىككى ياش چوڭ بولغىنى بىلەن تېخى بۇرۇتى چىقمىغانىدى. مېنىڭ ئەمدىلا خەت تارتقان قاپقارا بۇرۇتۇمغا بەك ھەۋەسلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۈستىرا سېلىپمۇ بۇرۇتنى ئۆستۈرەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ قاقشايتتى. مۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنى «سەن ئاپاڭنى دوراپ قاپسەن، مەن دادامنى دورىغان»دەپ تېرىكتۈرەتتىم. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپلا بەك مەرد بوپكېتەتتى. چوڭ-چوڭ پۇللارنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ، ئوغۇللاردىن بىرنەچچىمىزنى مېھمان قىلاتتى، ياكى بىزگە خېلى قىممەت سوۋغىلارنى تەقدىم قىلاتتى. باللار ئارىسىدا ئۇنى كاتتا بىر باينىڭ بالىسى ئىكەن، دېگەندەك گەپلەر تارقالغانىدى.

ئالدىمىزدىكى پارتىدا چىرايلىق ئىككى قىز ساۋاقدىشىمىز ئولتۇراتتى. مۇرات ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز بوي، ھاكاۋۇرراق كەلگەن سانىيە ئىسىملىك قىزنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان ئوتتۇرا بوي، تولۇقراق كەلگەن، ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىك، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان مەرزىيە كۆزۈمگە باشقىچە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. بىراق مۇراتقا ئوخشاش مەن ئۇنىڭغا

ھەرخىل سوۋغىلارنى تەقدىم قىلالمايتتىم، كاتتا ئاشخانىلارغا باشلاپ بارالمايتتىم. دادامنىڭ ئاددىي ئىشچى، ئاپامنىڭ ئائىلە ئايالى ئىكەنلىكىنى، ئائىلەمنىڭ نامرات ھالىتىنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى.

بىر قېتىم مۇرات ئىككىمىز بىللە كوچا ئايلاندۇق. «دۆڭكۆۋرۈك»تىكى قاتار بوتكا دۇكانلار جايلاشقان بازارنى ئايلىنىپ بولۇپ، بىر كىچىك ئاشپۇزۇلدا لەغمەن يېدۇق. بۇ مۇشۇ ئەتراپتىكى خېلى بازارلىق ئاشخانا ئىدى. پولۇ، كاۋاپ، پېتىر مانتىلىرىمۇ ئىشتىھانى تارتىپ تۇراتتى. بىز لەغمەننى يەپ بولغاندا مۇرات يەنە كاۋاپ بۇيرۇتقانىدى، مەن ئۇنىڭ مەردلىكى ئالدىدا خىجىل بوپقالدىم. دېمىسىمۇ، خەقنىڭ پۇلىغا تاماق يەپ يۈرۈش ئوغۇلبالىغا لايىق ئىش ئەمەستە. «خەپ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇرات بىلەن بازارغا چىقىدىغان بولسام ئادەم بولماي كېتەي»دېدىم ئىچىمدە. كاۋاپنى يەپ بولغاندا، مۇرات:

ـ «بەيگە مەيدانى»تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كېلەيلى، ھازىر ئۇ يەر قالتىس چوڭ بازار بوپكەتتى، بەلكىم سەن ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ باقمىغانسەن، ـ دەپقالدى. «بەيگە مەيدانى»غا بارغۇم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقتىم. ئاپتوبۇستا ئادەم جىق ئىدى. ئىككىمىز قىستىلىپ يۈرۈپ ئاران چىقتۇق. جەڭ مەيدانىدىن قايتقان كونا ئەسكەردەك تاتۇق، يارا ئىزلىرى بىلەن تولغان بۇ ئاپتوبۇس ئىڭراپ ـ غىچىلداپ ئاران ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ناچار بولغانلىقتىن، ھەر بىر ئەگمىدە ياكى يولنىڭ ئېگىز ـ پەس يەرلىرىگە كەلگەندە خۇددى دەھشەتلىك دولقۇندىكى كونا قولۋاقتەك چايقىلىپ، ئادەملەرنى ئۇياقتىن بۇياققا تاسقايتتى. شۇنداق تاسقىلىشلارنىڭ بىرىدە ئۆزۈمنى ئىمدىلا رۇسلاۋېتىپ، ئالدى تەرەپتە تۇرغان ئۆزۈم دېمەتلىك بىر بالىنىڭ ئۆزىنى جايلاشتۇرۇش بىلەن بوپكەتكەن چوڭ ياشلىق بىر ئايالنىڭ سومكىسىنى ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە سومكىدىن بىر پورتمانىنى ئېلىپ قوينىغا تىقتى ـ دە، ئەتراپقا ئالىيىپ بىر قاراپ قويۇپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا ئىشىكى تەرەپكە قىستىلىپ كەلدى، پورتمان ئىگىسى ئاپامدىن چوڭراق ئايال ئىكەن، بىچارە ھېچنېمىنى سەزمەيلا قالدى. يانچۇقچى بالا ئارقىسىچە مەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىپ، مېنى ھەدەپ قىستاشقا باشلىدى. مەن ئۇنى ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ: «پۇلنى چىقار، ئاپاڭدەك ئادەمنىڭ پۇلنى ئوغرىلاشتىن نومۇس قىلمامسەن!»دەپ ۋارقىراشقا تەييارلاندىم. قولۇمنى مىدىرلىتىشىمغىلا بىرسى ئىككى قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى. قارىسام مۇرات، كۆزلىرى نېمىشقىدۇر ئادەمنى ئەيمەندۈرگىدەك پارقىراپ كېتىپتۇ. ئۇ ماڭا قاراپ: «جىم تۇر!»دېگەن ئىشارىنى قىلدى. قوللىرىمنى چىڭ تۇتۇۋالغىنىچە ئوتتەك يانغان كۆزلىرى بىلەن يانچۇقچى بالىنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىغا قىزىقىپ قاراپ تۇردى.

كېيىنكى بېكەتتە بىزمۇ چۈشۈپ قالدۇق، ھېلىقى ئايال خىرامان ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن پۇلىنىڭ يوقالغانلىقىنى سەزگەندە نېمە بوپكېتىشىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. ئىككىمىز بىردەم جىمجىت ماڭدۇق. مەن ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىمنى دەپ شۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرساممۇ، ئەپسۇسلۇق ئىچىدە:

ـ ئەتتەڭگەي، ئىككىمىز بولغاندىكىن، ئوغرىنى تۇتۇۋالغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى ـ دېدىم.

ـ كېيىن ئۆچ ئالسا قانداق قىلىسەن؟ ـ دېدى ئۇ ئىرەنشىمەيلا. مەن ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئويلىنىۋاتسام، ئۇ يەنە ئېغىز ئاچتى: ـ مەن ساڭا دادامنىڭ بىر گېپىنى دەپ بېرەي. ئۇ دائىم: «تۇرمۇشتا بەزى ئادەملەر ھەرقانچە تىرىشىپ ـ تىرماشسىمۇ، ئۆمۈرۋايەت نامراتلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. يەنە بەزىلەر ھېچقانداق ئەجىر قىلمايمۇ باي بولۇپ تىنىپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ ھازىرقى بەزى بايلار يا باج ـ سېلىق، يا ئۆشرە ـ زاكات تاپشۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇنداق كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئوغرىلاش ھارام بولمايدۇ. دۇنيادىكى ئىشلار ئەنە شۇنداق تەڭشىلىپ تۇرىدۇ» دەيدىغان. مېنىڭچە، ئاۋۇ ئايال چوقۇم بىر ئەمەلدارنىڭ خوتۇنى. قارىمامسەن، ئۇنىڭ كىيىمى ئادەتتىكى ئادەملەر كىيەلەيدىغان كىيىملەردىن ئەمەس، قولىدىكى سومكىسىمۇ ئاز دېگەندە بەش ـ ئالتە يۈزگە يارايدۇ. ھېلىقى بالا بولسا، يوقسۇزلۇقتىن شۇ يولغا ماڭغان بىر بىچارە دېگىنە.

ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم. ئۇ، مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. ئاڭلىماققا ئۇنىڭ ھەق تەرىپىمۇ باردەك قىلاتتى. بىراق...

ـ ئوغرىلىق دېگەن بەرىبىر ئوغرىلىقتە ـ دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك غۇدۇڭشىپ، ـ ياپياشلا تۇرۇپ تۇتۇلۇپ قالسا، ياش ئۆمرىگە ئۇۋال بولمامدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغرىلىق ـ يانچۇقچىلىق دېگەن ناھايىتى پەس ئىشلارغۇ.

ـ سەن بەك نادانىكەنسەن. ئوغرىلىق دېگەنمۇ بۇ دۇنيادىكى 72خىل ھۈنەرنىڭ بىرى. چوڭ دادام «تۇتۇلۇپ قالمىسىلا ئوغرىلىق دېگەنمۇ ئوبدان ھۈنەر»دەيدىغان. ئوغرىلىققىمۇ ھەۋەس قىلىدىغان. بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ، نى ـ نى ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر بولىدۇ، ئوغرىلارنىڭمۇ ئاجايىپ بايلىرى بولىدۇ.

ـ قانداقلا بولمىسۇن خەقنىڭ نەرسىسىگە قول ئۇزىتىش، تەييارغا ھەييار بولۇش ھالال ئىش ئەمەس، مەيلى قانۇندا بولسۇن ياكى خەقلەرنىڭ نەزىرىدە بولسۇن...

ـ سەن ھالال ـ ھارام دەپقالدىڭ. سەن بىلەن مەندەك بىچارىلەر شۇنداق گەپلەر بىلەن دەككە ـ دۈككىدە ئۆتىمىز. خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىرەر چاپىنىنى ئوغرىلاپ قويساڭ ھارام بولىدۇ، 10 ـ 20يىللىق كېسىلىپ كېتىسەن. لېكىن تېلېۋىزورغا قارىساڭ، دۇنيادا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى بېسىۋېلىۋاتقان، بايلىقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتقان، ئادەملىرىنى قىرىپ ـ چېپىۋاتقان، يەنە ھەممىدىن يوللۇقى شۇلار بولۇۋاتقان. بۇنداق ئىشلار ئازمۇ؟ مەن ساڭا يەنە بىر گەپنى دەپ بېرەي. يېقىندا بىزنىڭ مەھەللە تەرەپتە ئۈچ بالا ئويناۋېتىپ، توختىتىپ قويۇلغان پىكاپتىن كونا بىر سومكىنى ئېلىۋاپتۇ. ئۇلار سومكىنى نېرىراق ئاپىرىپ قارىسا، ئىچىدە لىق پۇل بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن پۇلنى بۆلۈشۈپتۇ. لېكىن ئۇلار بىر ـ بىرىدىن قورقۇشۇپ پۇلنى چوڭراق بىرەر ئىشقا ئىشلىتەلمەپتۇ. ئاخىرى، ئارىدىن بىرسىنىڭ ئاچىسى بۇ ئەھۋالنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، باللارنىڭ ھەممىسى كېسىلىپ كەتتى. ئەسلي ئۇ بىر زاۋۇتنى كۆتۈرە ئالغان لاۋبەنىنىڭ ، ياق، زاۋۇتنىڭ پۇلى ئىكەن. ئارىدىن

بىرەر يىل ئۆتكەندە ھېلىقى لاۋبەن تېخىمۇ جىقراق پۇلنى ئېلىپ كاناداغا قېچىپ كەتتى. ئۇ ھازىر ئۇ يەردە كاتتا باي ھېسابلىنىپ راھەت - پاراغەت، ئىززەت - ھۆرمەت ئىچىدە ياشاۋاتىدىغاندۇ. مەن دەيمەن ، دۇنيادا ئادالەت يوق. ھەرقانداق ئىشنى چاندۇرماي، قاملاشتۇرۇپ قىلساڭ بولىۋېرىدۇ. شۇ چاغدا ھەممىدىن كاتتا ئادەم سەن بولىسەن. لېكىنزە، چاندۇرۇپ قويساڭ ئۆزۈڭدىن كۆرمەي ئىلاجىڭ يوق...

ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ مەندىن جىق بولسا ئىككى ياش چوڭدۇ، شۇنچىۋالا گەپلەرنى نەدىن ئۆگىنىۋالغاندۇ، ئۇنىڭ دادىسى قانداق ئادەمدۇ؟ دېگەن خىياللار نەچچە كۈنگىچە كاللامنى چىرمىۋالدى. كەچلىكى ئاپام ئەتكەن بىر چىنە سۇيۇق ئاشنى ئىچىپ، كېكىرىپ قويۇپ، شەھەر ئالغاندەك قانائەت بىلەن يانپاشلاپ يېتىپ كېتىدىغان دادامغا دىلغۇللۇق ئىچىدە قارايدىغان بوپقالدىم. مۇرات بىلەن ئاشخانىلاردا يېگەن پېتىر مانتىلار، كاۋاپلار، ھەرخىل قورۇمىلارنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئۆينىڭ تاماقلىرى تاماق بولامدۇ. بەسەي بىلەن ياڭيۇدا قورۇپ ئەتكەن لەڭمەندىن چۆپنىڭ قانتىدەك ئىككى تال گۆشنى ئاران تاپقىلى بولىدۇ. شۇمۇ تۇرمۇش بولدىمۇ. دادام ئەجەبمۇ بوشاڭ ئادەم ئىكەن، تۈزۈكرەك ئوقۇپ، چوڭراق يەرلەردە ئىشلەپ قالماپتىكەن. يا بىرەر ئەمەلمۇ تۇتالماپتىكەن.

بىر قېتىم، دادامنىڭ قاتار ئېسىۋەتكەن تەقدىرنامىلىرىنى كۆرسىتىپ:

- دادا، ماۋۇ نېمىلىرىڭنى ئېلىۋەتكىنە، ساۋاقداشلىرىم كۆرسە زاڭلىق قىلىدىكەن، - دېدىم. دادام بىردىنلا ئۆزگىرىپ، غەزەپتىن بوغۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى. ئارقىدىن:

- بالام، سەن بۇ نەرسىلەرنى ئاددىي كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ بۇ دېگەن مېنىڭ ھالال ئەمگىكىم بىلەن زاۋۇتتا سىڭدۈرگەن ئەجرىمنىڭ ئىسپاتى. كىم زاڭلىق قىلسا قىلىۋەرسۇن. لېكىن، ساڭا دەپ قوياي، ناننى ھالال ئىشلەپ يېگەن ئادەمنىڭ ئىككىلا دۇنيادا يۈزى يورۇق بولىدۇ. ئەمگەك قىلغان، تەر ئاققۇزغاننى زاڭلىق قىلغان ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەس، سەن ئۇنداق باللار بىلەن ئارىلاشما، - دېدى.

مەن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ:

- ئەمىسە ئاۋۇ نەرسىلىرىڭنى كوچىغا ئاچىقىپ ساتساڭ بىرموچەنگە يارامدۇ؟ - دېدىم.

- ھۇ، مۇناپىق، تۇزكور!

دادام ئىشتا پىشىپ كەتكەن ئالقانلىرى بىلەن ئاغزىمغا بىر كاچات سالدى. كالپۇكىم يېرىلىپ، ئالقىنىم قانغا بويالدى. ئاپام دادامغا كايىغىنىچە ئاللا - تۇۋا كۆتۈرۈپ يىغلاپ يۈرۈپ، پاختا كۆيدۈرۈپ بېسىپ كالپۇكىمنىڭ قېنىنى توختاتتى. كالپۇكىمدا دادامنىڭ ئاشۇ كاچىتىدىن قالغان كىچىككىنە ئىز خېلى ۋاقىتلارغىچە مانا مەن دەپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن دادامغا گەپ قىلماس بولدۇم. داداممۇ ماڭا گەپ قىلماقچى بولسا ، ئاپامغا قاراپ سۆزلەيتتى. نەزىرىمدە دادام كالىلىسى قېتىپ كەتكەن ، قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغان، تۇرغانلا بىر ھاماقەت ئىدى. بىر سىنىپتىكى باللار ئارىسىدا كىمنىڭ دادىسىنىڭ قانچىلىك پۇل تاپىدىغانلىقى، كىمنىڭ دادىسىنىڭ ئەمەلدار، قولىدىن ئىش كېلىدىغان كاتتا ئادەملىكى توغرىسىدىكى گەپلەر تولا بولاتتى. مۇنداق چاغلاردا مۇرات گەدىيىپ، ئۇنىدىمەي سىرلىق قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. مەن بولسام باشقىلارنىڭ «بەختىيار، داداڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بېشىمنى سېلىپ كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالاتتىم. نىغمەت ئىسىملىك ساۋاقدىشىمىزنىڭ دادىسى ساقچى ئىدى. نىغمەت دادىسىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى بىزگە ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىدىغانلىرى ئىچىدە خروئىن سېتىپ بېيىپ كەتكەنلەر، ئوغرى - بۇلاڭچىلار، كەسپىي قىمارۋازلار توغرىسىدىكى گەپلەر بىزنى بەك قىزىقتۇراتتى. بولۇپمۇ مەن بىر ئاخشامدىلا مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن داڭلىق قىمارۋازلارنىڭ پۇلىنى پاك - پاكىز ئۇتۇۋېلىپ، ئىز - دېرەكسىز غايىب بوپكەتكەن توكۇر قىمارۋازغا بەك ھەۋەس قىلاتتىم. مەن پات - پاتلا نىغمەتتىن:

- ھەي نىغمەت، داداڭدىن سوراپ باقتىڭمۇ؟ ھېلىقى توكۇر قىمارۋاز ئاخىرى قانداق بوپتۇ؟ - دەپ سورايتتىم.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى نىغمەت:

- ئۇ توكۇر گۇاڭجۇدا مىليونېرلار ياتىدىغان خەلقئارا مېھمانسارايغا يوشۇرۇنىۋاپتىكەن. بىر كۈنى شېرىكلىرى ئۇنى كاتتا بىر قىمار سورۇنىغا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەپتۇ. كېيىن دېڭىز بويىدىن جەستى تېپىلىپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا پۇلىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ چاناپ، تاغارغا سېلىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەنىكەن، - دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ لاسىدە بولدۇم. مۇرات:

- مەيلى ئەمەسمۇ، بىرەر يىل ئاشۇ توكۇردەك ياشىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ ئەرزىيدۇ جۇمۇ! - دېگەنىدى. قانداقتۇ بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك يۈرىكىم مۇزلاپ، تەنلىرىم تىكەنلەشكەندەك بولدۇم.

ئۇ يىللار شۇنداق يىللار ئىدى. ھاۋادىن ئالتۇن - كۈمۈش پۇرىقى كېلىۋاتقاندەك ھەممىلا ئادەم ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. كەلكۈندەك دەۋرەپ كېلىۋاتقان ئادەملەر، بەس - بەستە قەد كۆتۈرۈۋاتقان ئاسمانپەلەك ئېگىز بىنالار خۇددى بىر ئۇستا سېھىرگەر سېھىر تايىقىنى بىرلا چۆرۈپ چوڭ بىر شەھەرنى ، يەنە بىر چۆرۈپ مىليونلاپ ئادەمنى بەرپا قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ بازار ئىزدەپ غەربكە كېڭىيىشى، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن توسۇلۇپ قالغىنىغا نەچچە ئون يىل بولغان ئالاقە يوللىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ، دۆلەتلەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى جېنى بارلىكى ئادەمنى سودىگەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. توپ - توپ سودىگەر دېڭىز بويلىرىدىكى ئۆلكىلەردىن رەڭدار نىلون رەخت، سۇلياۋ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن يۇڭ - يىپەك، پاختا رەخت، كىيىم - كېچەك، پولات ماتېرىياللىرىنى توشۇيتتى. كاتتا ئېگىز بىنالاردا ، شىركەتلەردىلا ئەمەس، كوچا - كويلاردىمۇ سودا قىزىپ، پۇل دېگەن شاراقشىپ ئاقاتتى.

پات - پاتلا ساۋاقداشلىرىمىزدىن ئىككى - ئۈچى بىر بولۇپ، ئاتا -

ئانىسىنىڭ يىغقان - تۇگكەنلىرىنى يىنىغا سىلىپ ئۇغرىلىقچە ئىچكىرىگە كىتىپ قالىدىغانلىرمۇ چىقاتتى. لىكىن ئۇلار كۆپىنچە بىرەر - ئىككى ئاي تۇرۇپ پۇللىرىنى خەجلەپ تۈگىتىپ، قىيىندى - سوقۇندى بولۇپ، ساقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ياكى ئۆزلىرىلا قايتىپ كىلىشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاق تاماكىغا خۇمار بوپقاپتۇ، دىيىشەتتى. ئۇنداقلار جىن چىپىلىپ قالغاندەك، كۆزلىرى نامەلۇم نۇقتىغا تىكىلگەن ھالدا ئەتىدىن - كەچكىچە ئالدىراش يۈرىشەتتى. نىغمەت: ئاق تاماكىغا خۇمار بوپقالغان ئادەم ئۇنىڭ خۇمارىدىن ئۆمۈرۋايەت قۇتۇلالمايدىكەن، چىكۋىرىپ، پۈتكۈل بەدەنلىرى چىرىپ كىتىدىكەن، دەيتتى. باللار ئارىسىدا ئاق تاماكا توغرىسىدا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق، سىرلىق ھىكايىلەر تارقالغانىدى. بولۇپمۇ قىزلار ئاق تاماكا چىكىدىغانلار چىكىدىغانغا پۇلى قالمىغاندا، ئاق تاماكا چىكىپ ئۆلگەن جەسەتنىڭ ئۇستىخىنىنى ئىزىپ چىكىدىكەن... دىگەنىدەك گەپلەرنى ۋەھىمە ئىچىدە پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ يۈرىشەتتى. بۇنداق ھىكايىلارنى ئاڭلىغاندا ئوغۇل باللارمۇ قورقۇپ جىنىمىز چىققۇدەك بولاتتۇق. چىكىدىكەن دەيدىغان بىرەرسىنى كۆرۈپ قالساق، خۇددى ئادەم يەيدىغاندەك بەدەر قاچاتتۇق.

مەكتىپىمىزنىڭ يىنىدىلا سىنقويغۇخانىدىن بىرنەچچىسى بار ئىدى. مۇرات ئىككىمىز شياڭگاڭنىڭ ۋەھىمىلىك كىنولىرىنى تولا كۆرەتتۇق. بىر قىتىم مۇرات: «قىزلارنىمۇ باشلىۋالايلى» دىدى. شۇ كۈنى تەلىيىمىزگە ئامېرىكىنىڭ تازا داڭلىق ئىشقي مۇھەببەت كىنولىرىدىن بىرى قويۇلدى. شۇنىڭدىن كىيىن تۆتىمىز بىللە سىنئالغۇ فىلمى كۆرىدىغان، پات - پات دەرس تاشلايدىغان بولدۇق.

قىزلار بىلەن ئارىلىشىش ئۈچۈن پۇل كىرەك، ئەلۋەتتە. «8 - مارت»تا، روزا ھىيت، قۇربان ھىيتتا، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە بىرەر سوغات بىلەن ئۇلارنى خۇشھال قىلمىساڭ «چۈپەي»، «ئادەمگەرچىلىكى يوق» دىگەن ئاتاققا قالىسەن. مەرزىيە ئۆكتەبىردە تۇغۇلغانىكەن، ئۇ گەپ قىلمىسىمۇ مۇنىرە ماڭا نەچچە قىتىم سوۋغاتنىڭ گىپىنى پۈرىتىپ بولدى. مۇراتمۇ «بىر ئامال قىلىپ ئاز - تولا پۇل تاپساق بولاتتى» دەپ قوياتتى. ئۇ بىر كۈنى كەچتە مىنى ئىزدەپ كەلدى. قولىدا بىر يەشىك بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەرەنچە كالتە يەڭ مايكا ئىكەن، ئاكىسىنىڭ دۇكىنىدىن ئاپتۇ. سىتىپ پۇلىنى تەڭ بۆلۈشىدىكەنمىز. ئىككىمىز كەچلىك بازارغا چىقىپ مايكىنىڭ بىرىنى ئون كويدىن ساتتۇق. مىلىمىز ھەش - پەش دىگۈچە سىتىلىپ بولدى. ساناپ باقساق بىردەمدىلا 500كوي تېپىپتۇق. بۇ بىز ئۈچۈن، بولۇپمۇ مەن ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. يەنە بىر كۈنى ئىككىمىز كەچلىك بازارنى ئارىلاپ پىلان سوقۇپ كىتىۋىتىپ، يەر تالىشىپ ياقا سىقىشىۋاتقان يايمىكەشلەرنىڭ يىنىدىن ئۆتۈپ قالدۇق. بىرمۇنچە ئادەم ئۇلارنى ئوروۋاپتۇ. سىتىۋاتقان ماللىرى بىر ياندا قاپتۇ. مۇرات ماڭا بىر قاراپ قويۇپ بىر يەشىكنى كۆتۈرۈپلا ماڭدى. بىز ئۇنىڭدىكى ماللارنىمۇ يەنە بىر بازارغا ئاپىرىپ ئەرزانلا سىتىۋەتتۇق. شۇنىڭدىن كىيىن مال سىتىشقا ھەۋەس قىلىدىغان، دائىم كەچلىك بازارلارنى ئارىلايدىغان بوپقالدۇق. ئۆكتەبىردە مەرزىيەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى يىڭى ئىچىلغان رىستوراندا كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق. مەن ئۇنىڭغا سۇس شاپتۇل چىچەكى رەڭلىك كۆز قويۇلغان بىر جۈپ

ھالقا سوۋغا قىلدىم. بۇ ھالقىنى مۇرات ماڭا سوۋېت ماللىرى بازىرىدىن ئىلىشىپ بەرگەنىدى. شۇ ئىشتىن كىيىن قولۇپلانمىغان يىپىيىڭى ۋېلىسىپىتتىن بىرنى ئۆزۈم يالغۇز سوقۇۋەتتىم. بۇ ئىشىمدىن نەچچە كۈنگىچە پەخىرلىنىپ يۈردۈم. مۇرات ئىككىمىز «ئۇتتۇرا كۆۋرۈك»تە قىممەت باھالىق خۇرۇم چاپان كىيگەن بىر ئەركىشىنىڭ سومكىسىنى بۇلاپ قاچتۇق. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 5000يۈەن نەق پۇلنى ئىلىۋىلىپ، سومكىنى قالغان نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ تاشلىۋەتتۇق.

شۇنىڭدىن كىيىن كاللامغا دەرس چۈشمەيدىغان بولدى. بارغانچە قىنىم قىزىپ تىخىمۇ قارامالارچە پىلانلارنى تۈزۈپ، چوڭراق ئىشلارنى قىلىپ باققۇم كىلەتتى. يەنە بىر تۇرۇپ، مەن نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن؟ بۇنداق كىتىۋەرسەم ئاقىۋىتىم قانداق بولار؟ ئاتا - ئانامچۇ...؟ دەپ ئويلاپ قورقۇپمۇ قالاتتىم. مۇرات دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغىنىمنى سىزىپ:

- بۇ دۇنيادا پۇل تاپقان ئادەملەرنىڭ قايسىبىرى توغرا يول بىلەن تاپقان دەيسەن. ئىچكىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر سىتىۋاتقان قىممەت ئاياغلار كىيىپ ئۆيۈڭگە يىتىپ بارغىچە بۆسۈلۈپ كىتىدۇ. ئەمەلدارلارغا پۇل بەرمىسەڭ ئىشىڭنى ھەل قىلمايدۇ. دوختۇرنىڭ يانچۇقىغا پۇل سىلىپ قويمىساڭ ئاغرىقنى ھارام ئۆلتۈرۈپ قويسا قويىدۇكى، ئوپېراتسىيە قىلمايدۇ. مۇئەللىمگە پۇل بەرمىسەڭ سىنى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمەيدۇ. دادام: مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەڭ بۇلاڭچىلىقتىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، دەيدۇ. دىمىسىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ، - دەپ ۋەزخانلىق قىلاتتى.

- داداڭ زادى نىمىش قىلىدۇ، ئاداش؟ ئۇ بىرەر ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورىمۇ ياكى چوڭ سودىگەرمۇ؟ - دەپ سورىسام، مۇرات كۈلۈپ قويۇپ:

- دادام ئۆزىنى تەلىيىم ئۆتۈپ كەلمىگەن ئادەممەن، بولمىسا مەنسەپدارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولاتتىم، ھىچبولمىغاندا، كىتاب يىزىپ، ھەممە ئادەم قول قويغىدەك ئالىم، ئۆلىما بولاتتىم، دەيدۇ. شۇنداق دىسەم بەلكىم ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، ئۇ تىخى قۇرئانغا تەپسىر ئىيتالايدىغان چوڭ موللا. ھازىر چىقىۋاتقان كىتاب، گىزىت - ژۇرناللارنىمۇ قويماي ئوقۇيدۇ، تېلېۋىزورغىمۇ بەك ئامراق. ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرۇپ پۈتكۈل جاھاننىڭ ئىشلىرىنى باھالاپ چىقىدۇ، - دەيتتى.

قىشلىق تەتىل ئالدىدا دادام ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا بىرىپ كەلگەندىن كىيىن چىرايى قارا بۇلۇتتەك تۈتۈلۈپ كەتتى. كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندا ، دادام ئاپامنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ مىنى تازا بىر تىللىۋىتىپ، ئاخىرىدا يۇمشاپ نۇرغۇن نەسىھەت قىلدى. يەنىلا شۇ « مەنغۇ ئوقۇي دىسەم شارائىت يوق، يىرىم ئادەم بوپقاپتىمەن. سىنى ئوقۇپ پۈتۈن ئادەم بولسۇن دەپ ھەممە شارائىتىڭنى تەل قىلىپ بىرىۋاتساق، نىمەڭگە نىمە يەتمەي ئوقۇشنى تاشلاپ مەكتەپتىن قىچىپ يۈرىسەن؟...» دىگەنىدەك گەپلەر. ئىچىمدە: «ھە، شارائىتىمنى بەك تەل قىلىپ بىرىۋاتىسىلەر. سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا قاراپ ئۆتكەن كۈنىمۇ كۈن بولامدۇ؟ سىلەردەك ئادەملەر ئات - ئىشەكتەك ئىشلەپلا ياشىساڭلارمۇ رازى بولىسىلەر» دەيتتىم. دىمىسىمۇ، 18 يىللىق ستاژغا ئىگە دادام ئاران 100 نەچچە كويچە

ماڭاش ئالاتتى. ئاپام بىچارە زاۋۇت قورۇسىدا پارچە-پۇرات ئىشلارنى قىلىپ ئايدا ئاران 50-60 كويچە تاپاتتى. مەن ئۇلاردەك ئادەم بولۇشنى ، ئۇلاردەك ياشاشنى ھەرگىز خالىمايتتىم. بىراق ئۇلارغا بۇ گەپلەرنى قىلغىلى بولاتتىمۇ. يوتقاننى بېشىمغا پۈركەپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم، ھەتتا يالغاندىن خورەكمۇ تارتىپ قويدۇم. دادام مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ، چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ ئاپامغا:

- بۇ ئەتىۋارلىق ئوغلىمىز بەش پەندىن ئۆتەلمەپتۇ، ھەددىسە دەرس تاشلايدىكەن. قارىغاندا بۇ، ئەتىگەندە ئۆيدىن مەكتەپكە بارىمەن دەپ چىقىپ كەتكىنى بىلەن باشقا يەرلەردە يۈرىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ زادى نېمىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ نېمىشقا بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ - دېدى. ئارقىدىن يەنە:

- ئىلگىرى ئاتا-ئانىلار يىغىنىغا بارسام بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆڭلۈم توق ئولتۇراتتىم. بۈگۈن بېشىمنى يەردىن كۆتۈرەلمەي قالدىم، - دېدى.

- بۇ بالا ئىلگىرى بۇنداق ئەمەس ئىدى، - دېدى ئاپاممۇ، - ھېلىقى چېقىر كۆز بىلەن ئارىلىشىدىغان بوپقالغاندىن بېرى تالاغا تولا قاترايدىغان، قولىقىغا گەپ كىرمەيدىغان بوپقالدى. قايسى كۈنى كىيىملىرىنى يۇيۇۋېتەي دەپ يانچۇقىنى ئاختۇرسام، ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدا بىر مۇنچە پۇل تۇرىدۇ. قورققىنىمدىن تاماس قالدىم ئايلىنىپ چۈشكىلى. ئاخشىمى «بالام، نەدىن كەلگەن بۇنچىۋالا پۇل بۇ؟» دەپ سورىسام، بىردەم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ «سىنىپتىكى بالىلارنىڭ كىتاب پۇلى، مۇئەللىم يىغىپ بەر دېگەن» دېدى. بۇ گېپىگە تازا ئىشەنمىدىم. قارىغاندا، بىرەر يامان يولغا كىرىپ قالدىمۇ نېمە بۇ بالا؟ - دېدى.

- ئاغزىڭنى ئۆششۈتمىگىنە، يوقىلاڭ گۇمانلارنى قىلمايلى، بەختىيار ئۇنداق ئەسكى بالىلاردىن ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن بەكرەك پەخەس بولايلى، سەن مەريەم مۇئەللىم بىلەن پات-پات كۆرۈشۈپ تۇرغىن.

- سىلە دىققەت قىلدىڭلىمۇ؟ يېقىندىن بېرى بۆلەكچە بويى تارتىپ، قاڭشىرى ئېگىزلەپ، سىلىنىڭ ياش ۋاقتىڭلىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ بۇ بالا. كۈندە ئەتىگەندە كىيىملىرىنى كىيىپ، چاچلىرىنى تاراپ مەكتەپكە ماڭسا«مېنىڭ ئوغلۇم چوڭ بولدى. مۇشۇ چىرايلىق يىگىت مېنىڭ بالام-ھە» دەپ ئارقىسىدىن قاراپ قالىمەن. ئۆزىمۇ ئەينەككە تولا قارايدىغان، توختىماي چېچىنى تارايدىغان بوپقالدى. خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بېرەر، بەخت-تەلىيىنى بېرەر بىرتاللا بالامنىڭ... - ئاپامنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى ئېسەدەشكە ئۆزگەردى.

دادام ئىشكاپنى تاراقشىتىپ بىرنەرسىلەرنى ئالغاندەك قىلدى. كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا كېلىپ:

- بۇ پوپايكىنى بەختىيار كىيسۇن. ئېسىڭدىمۇ، ئۆتكەندە كىيىپ بېقىپ، ئەينەككە قاراپ: «دادا، مۇشۇ پوپايكاڭنى ماڭا بېرىۋەتە»دېسە، سەن: «دادامنىڭ ئۆمرىدە كىيگەن تۇزۇكرەك پوپايكىسى مۇشۇ. سەن تېخى ياش، نى-نى كىيىملەرنى كىيىسەن»دەپ توسۇپ قويغانىدىڭ. ھازىرقى بالىلار كىيىم-كېچەككە بەك ئېتىبار بېرىدىكەن. بىزمۇ ئۇنىڭغا ياخشىراق كىيىم ئېلىپ بېرەلمىدۇق. ئاداشلىرىنىڭ ئالدىدا بوينى قىسىلىپ قالمىسۇن دەيمەن، - دېدى.

مەن يوتقاندا يېتىپ ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان يىغىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن بېسىۋالمىغان بولسام، ھۆكىرەپ يىغلاپ، ئۆزۈمنى ئاتا-ئانامنىڭ ئايىغىغا ئاتقان، «ئاپا، دادا، مېنى كەچۈرۈڭلار، مەن ئادەم ئەمەس، مەن سىلەرنى ئالدىدىم، يامان ئىشلارنى قىلدىم. سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلارنى ئاقلىيالمىدىم»دېگەن بولاتتىم.

دادام پوپايكىنى كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا ئارتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن ئاپاممۇ چىقىپ كەتتى. مەن كېچىچە نۇرغۇن ئىشنى ئويلىدىم. نىغمەتنىڭ تېخى يېقىندىلا مېنى چاقىرىپ:« بەختىيار، سەن مۇراتتىن ئۆزۈڭنى تارتقىن. دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن داڭلىق ئوغرى ئىكەن. ئۇ ھازىر باشقا چوڭىيىپ ئۆزى ئوغرىلىق قىلمىغان بىلەن ، چوڭ ئوغۇللىرىنى ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنمىش. مۇراتنىمۇ بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، شۇڭا دىققەت قىلغىن. بۇ گەپلەرنى ئۆزۈڭ بىلىپ قال، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ، بولۇپمۇ مۇراتنىڭ ئالدىدا ئاغزىڭدىن چىقارما» دېگەنلىرىنى ئېسىمگە ئالدىم. مۇراتقا ئەگىشىپ قىلغان-ئەتكەنلىرىمنى ئويلىسام ۋۇجۇدۇمدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىلغاندەك، چاقماقنىڭ يورۇقىدا روھىمنىڭ چوڭقۇر جىرا، ئوي-دوڭغۇللىرى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك، «سەن زادى قانداق ئادەم، نېمىشقا قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى ئوتقا ئۇرىسەن، بىلىپ تۇرۇپ جىنايەت يولىغا ماڭىسەن؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئاقىۋىتىڭ قانداق بولماقچى؟»دېگەن سوئاللار سىرتماق بولۇپ گېلىمنى بوغۇۋاتقاندەك بولاتتى. بىراق، بۇ ئازاب-پۇشايمانلار مەرزىيەنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى مەستخۇش كۆزلىرىنى كۆڭۈل ئېكرانىمدىن يوق قىلىۋېتەلمەيتتى. تۆتىمىز بىر بولۇپ رېستورانلاردا ، ئاسمانپەلەك قارىغايلىق تاغلاردا، ھەيۋەتلىك شارقىراتما بويلىرىدا، قويۇق ئورمانلاردا ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك- لەززەتلىك پەيتلەرنى خىيالىمدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتەلمەيتتى. ئەكسىچە، ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر باشقىچە سېھىرلىك تۈستە جۇلالىنىپ مېنى قوينىغا چاقىرىۋاتقاندەك، قۇلاق تۈۋىمدە «ھايات دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، مانا مۇشۇنداق بولىدۇ» دېگەن سادا توختىماي تەكرارلىنىۋاتقاندەك بولاتتى...

كېچىچە تولغىنىپ، تولا ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ، تاڭ يورۇشقا يېقىن قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. سەھەردە ئاپام ھەرقاچانقىدەك سەل يىرىك، ئەمما مېھرىلىك قوللىرى بىلەن پېشانەمنى، بويۇن-باشلىرىمنى سىلاپ، قۇلاقلىرىمنى ئاستا تارتىپ، پەس ئاۋاز بىلەن مېنى ئويغاتتى. ئاپامنىڭ قولىدىن ئەتىگەندە سۈت بىلەن سىڭىپ پىشقان نانىنىڭ ھىدى كېلەتتى. مەن كىچىك ۋاقتىلىرىمدىكىدەك بۇ پۇراقنى كۆچەپ سۇمۇرۇپ، ئاپامنىڭ سىلاشلىرىدىن ئۇزاقراق ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن كۆزۈمنى ئاچماي يېتىۋالدىم. ئاپام مېنى چاي ئىچىشكە چاقىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئالدىراپ كىيىنىشكە باشلىدىم. ياستۇقىمنىڭ يېنىدا چىرايلىق قاتلانغان كۈلرەڭ يۇڭ پوپايكا - دادامنىڭ پوپايكىسى تۇراتتى. ئۇنى كىيىپ باقماقچى بولۇپ قولۇمنى ئاپاردىمۇ، قوللىرىم ئوتتا كۆيگەندەك بولۇپ، شۇئان تارتىۋالدىم. چاي ئىچىۋاتقاندا دادام: - پوپايكىنى كىيىۋالماپسەنغۇ؟ ھاۋا سوۋۇپ

قالدى، سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالما يەنە! – دېدى.

– مەن تېخى توڭمىدىم، – دېيەلىدىم بوغۇق ئاۋازدا ئارانلا.

شۇ كۈنى كەچكىچە كىتاب ئوقۇغان، كونسپېك كۆچۈرگەن بولۇپ مۇراتقا گەپ قىلمىدىم. مەرزىيەنى مىجەزى يوقكەن، ئىككى كۈنلۈك ئىسپىراپكا ئەكىلىپ بېرىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ خېلى يەڭگىللەپ قالدىم. مۇراتنىڭ بۇرۇلۇپ چىرايىمغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى، ماڭا گەپ قىلغۇسى بارلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. دەرستىن چۈشكەندە، ئۇ كەينىمدىن يېتىپ كېلىپ:

– نېمە بولدى، ماڭا ھېچ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ بىز دېگەن قىيامەتلىك ئاغىنە جۇمۇ. بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى بىرەرسىگە دەپ قويمىغانسەن؟ – دېدى.

– خاتىرجەم بول، – دېدىمەن، – ھېچكىمگە دېمەيمەن. بىراق... ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايلى، سەنمۇ ماڭا ئۇنداق گەپلەرنى قىلما.

– قورقۇۋاتامسەن نېمە؟ مەن سېنى خېلى ئەركەك تۈكى بار ئوغۇلبالا دەپ بىلمەن جۇمۇ. ماڭا قارا بەختىيار، بۈگۈن بەك ئىشەنچلىك بىر خەۋەر كېپقالدى، ئازراقلا غەيرەت قىلساق ئۆمۈر بويى يەپ ياتقۇدەك بىرنەرسىگە ئېرىشىپ قالاتتۇق. مەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن قولۇمنى يۇيۇۋېتەتتىم .

– مەنغۇ قورقمىدىم، لېكىن بۇ گەپلەرنى قىلما ماڭا.

مۇرات كەينىمدىن يەنە سوئىدىشىپ كەلدى:

– ھەي، ئەخمەق بولما دەيمەن. باشقىلارغا دېسەمغۇ ياغدەك ياقىدۇ، لېكىن دېگۈم كەلمىدى، ئۇ گۆيلارغا. پۇلنى تاغارلاپ تاپىدىغان ئىبراھىم تاز دېگەننى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ئايروپىلاندا خروئىن يۆتكەپ سېتىپ بېيىپ كەتكەن نېمە ئۇ. ئۇنىڭ پۇلنى ئالساق ھارام بولمايدۇ. ياخشى يېرى، ئۇ ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ، دائىم ئۆزى يالغۇز، بەك سىرلىق ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەتە كەچتە ئۇ بىر يەرگە مال ئالغىلى بارماقچى. ئىككىمىز قولىدىكى سومكىنى تارتىۋېلىپ قاچساقلا بولىدۇ.

ئۇ، گەپ قىلمىغىنىمنى كۆرۈپ يەنىمۇ يېقىنلاپ گۇدۇڭلىدى:

– ئۇنچىلىك پۇلنى ئاتا - ئانالڭ ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدۇ. بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك ئۆمۈرۋايەت پۇشايماندا قالىمىزجۇمۇ... ئۇنداق بولسا ئەتە كەچ سائەت سەككىزدە «ئوتتۇرا كۆۋرۈك»تە – ئۆتكەنكى يەردە كۆرۈشەيلى، كېچىكىپ قالساڭ قەتئىي بولمايدۇ!

ئەتىسى شەنبە ئىدى. ئەتىگەندە دادام بىلەن «بەيگە مەيدانى»غا گۆش ئالغىلى باردۇق. دادام: «سەن دېگەن ئوغۇلبالا، گۆش ئېلىشنى ئۆگىنىۋال، كېيىنچە مەن يوق بوپقالسامۇ ئاپاڭغا ئەسقاتىسەن»دەپ گۆش ئالىدىغان چاغدا دائىم مېنى باشلىۋالاتتى. مەن قۇشخانىدىن بەك سەسكىنەتتىم. تېرىسى سويۇلۇپ، كانارلارغا قاتار - قاتار ئېسىلىپ كەتكەن قويلار، قويۇق قان ھىدى كەيپىياتىمغا يامان تەسىر قىلىپ، كۆڭلۈمنى ئايلاندۇرىۋېتەتتى. گۆشنى ئېلىپ ئاپتوۋۇزغا چىقىپ بولغۇچە كۆزۈم تۆت بولاتتى. تەلىيىمىزگە ئۇ كۈنى دادام ئانچە ئۇزاق ئايلانمايلا سودىسىنى پۈتتۈردى. شۇنداق بولسىمۇ چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا گېلىم غىققىدە بولۇپ ھېچ نەرسە يېگۈم كەلمىدى. ئاپام بىلەن دادامغا مىجەزىم يوق دەپ قويۇپ، مېھمانخانىغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. كۆزۈمنى يۇمۇپ ھېچنېمىنى، ھېچكىمنى ئويلىماي يېتىشقا تىرىشتىم. ئەمما بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ كۆڭلۈمنىڭ بىر بۇرجىكىدە نېمىلىكىنى ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلمەيدىغان ، كۆڭۈل ئېلىشىشقىمۇ، بىئاراملىقىمۇ، بىزارلىقىمۇ ئوخشايدىغان غەلىتە بىر تۇيغۇ بار ئىدى. ئەنە شۇ تۇيغۇنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك كاللام ئەندىشىلىك، غەمكىن خىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. خىيالىمغا نېمىشقىدۇر تولىراق ئۆتكەن ئىشلار، بالىلىق چاغلىرىملا كېلەتتى.

بۇ كىچىككىنە مېھمانخانىدا ئۆزۈم يالغۇز يېتىۋاتقىلى قانچە يىل بولغاندۇ؟ بەلكىم سەككىز - توققۇز يىل بولىدىمىكىن. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ھۇجرا ئۆيدىكى چوڭ تاختا كارىۋاتتا دادام بىلەن ئاپامنىڭ يېنىدا ياتاتتىم. مەن مەكتەپكە كىرگەن يىلى، دادام ماڭا ئاتاپ بىر كارىۋات، بىر ئۈستەل چىرىغى ئېلىپ مېھمانخانىغا قويۇپ بەردى. ئاخشىمى ئۇ قولىغا بىر پارچە گېزىت ئېلىۋېلىپ، يېنىمدا ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلىشىمگە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى ياكى «ھېساب»تىكى تۆت ئەمەل، كەررە دېگەنلەرنى ئۆگىتەتتى. ئاپام نېرىقى ئۆيدە – دېرىزە تۈۋىگە قويۇۋالغان كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا شىلدىرلىتىپ كىيىم تىكەتتى. مەن خېلى چوڭ بولغىچە ئاپام تىكىپ بەرگەن كىيىملەرنى كىيىپ يۈردۈم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن دادام ماڭا دەرس ئۆگىتەلمەيدىغان بولدى. ئاپامۇ ماڭا كىيىم تىكىپ بەرمەي بازاردىن ئېلىپ بېرىدىغان بوپقالدى. مەن ئاخشاملىرى مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ ئۆزۈم خالىغان كىتابلارنى ئوقۇيتتۇم، دادامنى تاپشۇرۇق ئىشلىدىم دەپ ئالدايتتىم. باشلانغۇچنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئالدىنقى يىللىقتىن چۈشۈپ قالغان چوڭ بالىلار بىز بىرنەچچىمىزنى تۇتۇۋېلىپ «ئوغۇلبالا دېگەن تاماكا چېكىشنى بىلمىسە ئەركەك ھېسابلانمايدۇ، قېنى، چېكىشە!»دەپ زورلاپ تاماكا چەكتۈرگەنلىرى، مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش، تاماكا چەككەندە يۆتەلمەيدىغان بولۇش ئۈچۈن بىر قاپ تاماكا سېتىۋېلىپ، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ تاماكا چېكىشنى ئۆگەنگەنلىرىم؛ سەل چوڭ بولغاندا ئەرزان ھاراقتىن بىر بوتۇلكا سېتىۋېلىپ، ئىشىكنى تاقاپ ئۆزۈم يالغۇز يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىچىپ مەست بوپقالغىنىم، ئەتىسى دادام ئۇقۇپ قېلىپ، قاتتىق كايىپ كەتكەنلىرى تېخى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەكلا تۇرىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا - ئاستا چوڭ بولدۇم. بويۇم ئۆسۈپ، ئاۋازىم غاراڭ - غۇرۇڭ چىقىدىغان بوپقالدى. مەن پات - پاتلا كارىۋاتتا يېتىپ قىزلارنى ئويلايدىغان، ئۆزۈن ئەينەكنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بوپقالدىم. كېيىن... مۇرات دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئىسقىرتىپ مېنى چاقىرىدىغان بولدى. مەن ئاۋۇ ئاق تور پەردىنى قايرىپ تۆۋەنگە بىر قارىۋېتىپ، ئاپامنىڭ «نەگە بارىسەن؟ مانا، تاماق تەييار بولدى»دەپ توسۇشلىرىغا قارىماي يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم. يولنىڭ نېرىقى قېتىدا چوڭ قىزلاردەك ياسىنىپ، گىرىم قىلىۋالغان سانىيە بىلەن مەرزىيە بىزنى ساقلاپ تۇراتتى. سورۇنلاردا ئۇلار بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ كېلەر قېتىمقى ئۇچرىشىش ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلنى قانداق تېپىشنى ئويلايتتىم. مەرزىيە... كۆزۈمگە بەزىدە ئاجايىپ سەبىي، ئاجايىپ

ئوماق كۆرۈنىدىغان، بەزىدە مۇزدەك سوغۇق، مەنمەنچى كۆرۈنىدىغان مەرزىيەدىن زادىلا مېھرىمنى ئۈزەلمەيتتىم...

ئاپام تاماققا چاقىرغانىدى، «بىرنەرسە يېگۈم يوق»دەپ چىققىلى ئۇنىمىدىم. ئاپام يەنە ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ: «بەختىيارجان بالام، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟ مۇنداق تاماق يېمەي يېتىۋالساڭ ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن»دېدى. «ھېچنېمە بولمىدىم ئاپا، ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويە، تولا كوتۇلدىماي!»

ئاپام ئىشىك تۈۋىدە بىردەم تۇرۇپ بېقىپ كېتىپ قالدى. تۇرۇپلا ئاپامغا قوپاللىق قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. خىيالىم يەنە كىچىك ۋاقىتلىرىمغا كەتتى. مەكتەپكە بارىدىغان تۇنجى كۈنۈم ئاپامنىڭ يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، چاچلىرىمنى تاراپ، مەڭزىمگە سۆيۈپ ئەركىلەتكەنلىرى، دادامنىڭ «ئوغلۇم، سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، مۇئەللىملىرىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا. ئوبدان ئوقۇ. ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرنى، قىز بالىلارنى بوزەك قىلما، كەپسىز، ئەسكى بالىلارغا ئارىلاشما» دېگەنلىرى، ھەركۈنى ئەتىگەندە ۋېلىسىپىت بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇشلىرى... كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتتى.

ھەركۈنى دەرستىن چۈشۈپ يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقسام ۋېلىسىپىتنى تۇتقىنىچە مېنى ساقلاپ تۇرغان دادامنى كۆرەتتىم. بەزىدە باشقا بالىلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋېلىپ، دادامنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ سىرتقا چىقىۋالاتتىم. دادام بىچارە مېنى خېلىغىچە ساقلاپ بېقىپ، ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن سوراپ، ئاداشلىرىمنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ باراتتى. كەچتە ئۆيگە كېلىپ مېنىڭ خىرامان ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ: «ئۆزۈڭ قايتىپ كېلەلىدىڭمۇ بالام؟ قارا سېنى» دەپ خۇشھال بوپكېتەتتى، ئارقىدىن «ئەمدى بۇنداق قىلمىغىن، مېنى مۇشۇنداقمۇ ئاۋارە قىلامسەن؟»دەپ كايىپ قوياتتى. دادام تاكى مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە مەكتەپكە ئاپىرىپ-ئەكېلىپ قويۇشنى بىركۈنمۇ ئۈزۈلدۈرمىدى. مەن ئوقۇيدىغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ شەھەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئىدى. دادام دائىم دەرستىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئۆيگە قايتىشىمنى تاپىلايتتى. ئۆزى كۈندە كەچتە ئاپتوبۇس بېكىتىدە مېنى ساقلاپ تۇراتتى. ئاغىنىلىرىم بىلەن ئويناپ كېچىكىپ قالغان چاغلىرىمدىمۇ دادامنىڭ قاراڭغۇدا ئۆزى يالغۇز دىگۈدەك مېنى ساقلاپ تۇرغىنىنى كۆرەتتىم. ياز كۈنلىرىغۇ بىر گەپ، بولۇپمۇ بالدۇر قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدىغان قىش ئايلىرىدا، قار-شىۋىرغانلىق كېچىلەردە قۇلاقچىسىنى چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان دادام توختىماي يەرنى تېپىپ، ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ھەر قېتىم دادامغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىمدا، پۇتلىرىم مىڭ جىڭ تاش ئېسىپ قويۇلغاندەك ئېغىرلىشىپ، كۆزلىرىمگە ياش تولاتتى. «دادا، ئەمدى ئالدىمغا چىقمىغىن، چوڭ بوپقالدىمغۇ، مەندىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدىغۇ»دېسەم، «يەنىلا سەندىن ئەنسىرەيدىكەنمەن، ئوغلۇم»دەيتتى. ھازىر ئويلىسام، دادامنىڭ كۆڭلى شۇچاغلاردىلا بىرنەرسىنى تۇياتتىمكىن، دەپمۇ قالىمەن. ئىككىنچى يىلى دادام قاتتىق ئاغرىپ ئوپېراتسىيە قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن بېكەتكە چىقمايدىغان بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن مېنى چوڭ بوپقالدى، دەپ ئويلىدىمىكىن، يۈرۈش-تۇرۇشۇمنى ئانچە قاتتىق چەكلىمەيدىغان بوپقالدى. ئەمما تاماق يەۋاتقان، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ، ھەتتا بەزىدە ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ دادامنىڭ ماڭا ناھايىتى ئەستايىدىل قىياپەتتە، زادىلا كۆرۈپ باقمىغان يېڭى بىر نەرسىدىن زوقلىنىۋاتقاندەك ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. ئۇنىڭ بۇ قارىشى كىچىك ۋاقىتلىرىمدىكى ئامراقلىق بىلەن قاراشلىرىغا ئوخشىمايتتى. يېقىندىن بېرى دادام ماڭا گاڭگىراپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بوپقالدى. ئۇ ماڭا چۈشىنىكسىز بىر نەزەردە بىر پەس قاراپ تۇراتتى-دە، كۆزىنى ئېپىچىپ بىرنۇقتىغا تىكىلىپ جىمىپ كېتەتتى. نېمىشكىدۇر بۇ جىمجىتلىقتىن مەن ئاجايىپ قورقاتتىم. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيۈمگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالاتتىم. دادام ئېغىر قەدەملىرى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا بىر پەس مېڭىپ يۈرەتتى-دە، چاپىنىنى كىيىپ، بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكتە جاھاننىڭ پارىڭىنى سوقۇپ ئولتۇرىدىغان بوۋايلارنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتەتتى. دادام بۈگۈن نەدە ھايال بوپقالدىكىن، ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ كەچلىك تاماق ۋاقتىدا چوقۇم ئۆيدە بولاتتى، ئەزەلدىن كوچىدىكى ئاشخانىلارغا كىرىپ تاماق يېمەيتتى...

ئىختىيارسىز سائەتكە قارىدىم. سائەت دەل يەتتە يېرىم بوپتۇ! تېنىم جۇغغىدە قىلىپ قالدى. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرغىنىمنى، تەخسىگە ئېلىپ قويغان تاماقنى ئالدىمغا ئەكېلىۋاتقان ئاپامغا قاراپمۇ قويماي، پەلەمپەيدىن ئوقتەك چۈشۈپ كەتكىنىمنىلا بىلىمەن. كاللامدا «ئاخىرقى قېتىم! ئاخىرقى قېتىم! ئاخىرقى قېتىم!»دېگەن بىرلا سۆز توختىماي پىرقىراپ ئايلىناتتى...

## 2

مۇرات ئىككىمىز نۇرغۇن تونۇش، ناتونۇش كوچىدىن ئۆتۈپ چوڭ بىر قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ ئارقىسىدىكى خالتا كوچىغا كىردۇق. قاراڭغۇ كېچىدە ئەخلەت، يۇندى بىلەن توشقان ئارقا كوچىلاردا، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يوللاردا ئېگىز-پەس دەسسەپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭدۇق. مۇرات:

- ھېلى ئالدىمىزغا پاكار، دوغىلاق، پايىنەكۋاش بىر ئادەم ئۇچرايدۇ. سەن بېرىپ: ئابلەت موزدوزنىڭ ئۆيى مۇشۇ كوچىدىمۇ؟ دەپ سورايسەن. ئاڭغىچە مەن ئارقىسىغا ئۆتۈپ قولىنى كەينىگە قايرىپ تۇتىمەن-دە، بىر قولۇم بىلەن پىچاقنى گېلىغا تەڭلەپ«جان لازىم بولسا يېنىڭدىكى پۇلنى چىقار!»دەيمەن، - دېدى. ئۇ بىر پىچاقنى كۆرسىتىپ قويۇپ قوينىغا سېلىۋالدى. پىچاقنى كۆرۈپ «ئاپلا، ئىش چاتاقمۇ-نېمە؟ ئۇ باشتا سومكىنى ئېپقاچساقلا بولىدۇ دېگەنتى»دەپ ئويلىدىم. جىمىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ مۇرات ماڭا ئالىيىپ بىر قاراپ قويدى:

- نېمە بولدى، قورقۇۋاتامسەن؟ دىمەك ئىچىڭگە چۈشۈپلا كەتتىڭمۇ؟

- ياق، ياق، مەن...

دەل شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئىككىمىز ئۈن-تىنسىز ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. مەن ئۆزۈمنى پايانسىز قۇملۇقتا كېتىۋاتقاندەك سېزەتتىم. قەدىمىم ئېغىرلىشىپ، تاماقلىرىم قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، بىر پايىنەكۋاش ئادەم بىپايان قۇملۇقنىڭ نېرىقى چېتىدىن بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى...

ــ دەل ئۆزى! سەل يېقىنلىشىپ كەلگەندە سەن ئالدىغا بېرىپ گەپ سورا. مەن بايا دېگەندەك ، ئابلەت موزدۇزنىڭ ئۆيى مۇشۇ كوچىدىمۇ؟ دېگىن.

ئىككى تىزىمنىڭ تىترىشىنى تەستە بېسىپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ ئۆزىنى ئېپقاچقاندەك يانغا داجىدى.

ــ ئاۋۇ ... ئابلەت موزدۇزنىڭ ئۆيى مۇشۇ كوچىدىمۇ؟ مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنىدۇق، ئۆيىنى تاپالمايۋاتىمىز...

ئۇ مېنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ سەل خاتىرجەم بوپقالدى بولغاي، سەل ئىككىلىنىپ جايىدا توختىدى، ئارقىسىغا يېرىم بۇرۇلۇپ، قولى بىلەن كوچىنىڭ ئىچكىرىسىنى كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

ــ ئۇدۇل مېڭىۋەرسەڭلار ، بىر دوقمۇش بار. دوقمۇشتىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ... ھەي ...ئىست!

ئۇ، پىچاقنىڭ گېلىغا تىرەلگىنىنى سەزگەندە چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دەۋەتتى. مۇرات ئۇنى يەنە بىر دۈشكەلىدى:

ــ زۇۋانىڭنى چىقارما، جان لازىم بولسا يېنىڭدىكى پۇلنى ياۋاشلىق بىلەن چىقار، ھەممىنى!

ئۇ، يېنىدىكى پۇلنى ئالماقچىدەك ئېگىشتى. ئۇشتۇمتۇت ئارقىچىلاپ بىر پەشۋا ئېتىپ مۇراتنى ئوڭدىسىغا يىقىتتى ـ دە، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي كوچا ئېغىزى تەرەپكە يۈگۈردى. مۇرات سەكرەپ قوپۇپ پىچاقنى تۇتقىنىچە ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىۋېتىپ:

ــ بەختىيار! نېمە قاراپ تۇرىسەن، ئاۋۇنى تۇتۇۋالايلى، چاققان يۈگۈر! ــ دەپ توۋلىدى. ئاڭغىچە پاينەكۋاش خېلى يىراقلاپ كەتكەنىدى، ئىككىمىزمۇ بار كۈچىمىز بىلەن ئۇنى قوغلاشقا باشلىدۇق.

جاھاندا ئىشلار تاسادىپىيلىقلارغا شۇنچە بايكى، تاسادىپىي يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ئىش نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھەتتا دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. پاينەكۋاشنى تۇتۇۋېلىشتىن ئۈمىدىمىز ئۈزۈلگەن بىر پەيتتە، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان پاينەكۋاش بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ قاتتىق يىقىلدى. ئۇ دەل ھېلىقى قۇرۇلۇش ئورنى ئىدى. مۇرات ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ھاسىرىغىنىچە:

ــ پۇلنى چىقار، تېز بول! ئەمدى قۇتۇلۇپ كېتەرمەنمىكىن دەپ خىيال ئەيلىمە! ــ دېدى.

ــ ھۇ، ھارام سۈيدۈك، پۇل لازىم بولسا كېلە قېنى! ئاكاڭنى بوش كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسەن؟!

قولىغا يوغان پىچاق ئېلىۋالغان پاينەكۋاش ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ پىچاقنى شىلتىپ ھەيۋە قىلدى. يوقىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقنىڭ بىسى ۋال ـ ۋۇل قىپقالدى. شۇ چاغدا قانداقتۇ بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە قېنىم قايناپ، كۆزلىرىمگە قىزىللىق تىقىلغاندەك بولدى. يان تەرەپتىن ئېتىلىپ بارغىنىمچە پاينەكۋاشنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا بار كۈچۈم بىلەن ئېسىلدىم. مۇرات ئۇنىڭ كۆكرەك، قورسىقىغا كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە پىچاق تىقىۋەتتى. ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق ، قاڭسىق قان يۈز ـ كۆزلىرىمىزگە، كىيىملىرىمىزگە چاچرىدى. مۇرات تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پاينەكۋاشنىڭ بېلىنى سىلاشتۇرۇپ ئايالچە ئۇزۇن پايپاقتىن ئۇچنى تارتىپ چىقاردى. ئۇچىلىسىنىڭ ئىچىدە باغلام ـ باغلام پۇل بارئىدى.

ئىككىمىز ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق بولۇپ قارىغىنىمىزچە، بىر پۇتى پۈكلىشىپ غەلىتە ھالەتتە قېيسىيىپ قالغان پاينەكۋاشنى تاشلاپ قۇرۇلۇش ئورنىدىن ئايرىلدۇق. ئەڭ قاراڭغۇ، ئادەمسىز يوللارنى تاللاپ مېڭىپ، «تىنچلىق»ئۆستىڭىنىڭ يېپيېلىپ ئاقىدىغان يېرىدە يۈز ـ كۆز، قوللىرىمىزدىكى قاننى يۇيۇپ تازىلىدۇق. ئارقىدىن مۇراتنىڭ مەسلىھىتى بويىچە بىر تۇپ قارىياغاچنىڭ تۈۋىنى چوڭقۇر كولاپ، پۇلنى كونا سۇلياۋ پارچىسىغا يۆگەپ پىچاق بىلەن قوشۇپ كۆمدۇق. مۇرات يوغان بىر تاشنى پۇل كۆمگەن يەرنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ قويۇپ:

ــ مانا بۇ بەلگە، سەنمۇ ئوبدان كۆرۈۋال. كېيىن خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندە ئىككىمىز بىللە كېلىپ پۇلنى تەڭ بۆلۈشىمىز. ئەگەر قايسىبىرىمىز ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلمىساق، تەقدىرىمىز پاينەكۋاشنىڭكىدەك بولىدۇ! ــ دېدى. ئارقىدىن، ــ ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساق ياكى... بىرسىمىز ئېتىلىپ كەتسەك، پۇلنىڭ يېرىمى شۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا تەۋە بولىدۇ. لېكىن جان چىقسا چىقىدۇكى پۇلنىڭ گېپى ئېغىزىمىزدىن چىقمايدۇ، ــ دېدى.

دەككە ـ دۈككە، قورقۇنچ ئىچىدە چىراغ يورۇقىدىن، ئادەملەردىن قېچىپ قاراڭغۇ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يىرتقۇچتەك تىمىسقىلاپ يۈرگىنىم كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ پات ـ پات چۈشۈمدە تەكرارلىنىپ تۇردى. ھەر قېتىم ئويغىنىپ چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە خۇشھال بولۇپ، ئۆزۈمنى شۇ قەدەر يەڭگىل سېزەتتىم. ئەمما ئاخشامقى ئىشلار چۈش ئەمەس ئىدى... ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، چىراغنى ياقمايلا ئۆزۈم ياتىدىغان مېھمانخانىغا كىرىۋالدىم. بۇ جەرىيان ماڭا شۇنچىلىك ئۇزاق ھەم چىدىغۇسىز ئازابلىق بىلىندى. قاراڭغۇدا كىيىملىرىمنى ئالدىراپ سېلىپ تاشلاپ، كونا بىر سومكىغا پوملاپ تىقتىم ـ دە، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇردۇم. ئىشكاپتىن پاكىز كىيىملىرىمنى ئېلىپ كىيىپ، يوتقانغىمۇ كىرمەي تىزىمنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. كۆز ئالدىمدا ئاشۇ دوزاختەك قاراڭغۇ كوچا، غەلىتە ھالەتتە قېيسىيىپ قالغان پاينەكۋاش، ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئاغزى ـ بۇرنىغا چاچرىغان قان، قاننىڭ كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان قاڭسىق ھىدى...

قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، دېرىزىنىڭ خىرە ـ شىرە ئاقارغىنى، چىشلىرىم كاسىلداپ، جالاقلاپ تىترەۋاتقىنىم ئېسىمدە. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئېسىمدە يوق.

قاچاندىدۇر ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. بەك يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئۇ يىغا بارا ـ بارا يېقىنلاشتى. تەستە كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، ئاپام بىلەن دادام كارىۋىتىمنىڭ بېشىدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئاپام يىغلاۋاتىدۇ.

ــ بولدى يىغلىما، كۆزىنى ئاچتى، ھوشىغا كەلدى، ئەمدى ياخشى بوپكېتىدۇ، ــ دادام شۇنداق دەپ يوغان ئالقىنىنى پېشانەمگە قويۇپ، ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ماڭا ئۇنىڭ كۆزلىرى باشقىچىلا ئولتۇرۇشۇپ، چېكە چاچلىرى بىردىنلا ئاقىرىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇسىبەت قايغۇسىنى كۆرۈپ دادامنىڭ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغانلىقىنى سەزدىم.

ــ ئادەمنى شۇنداقمۇ قورقۇتامسەن جېنىم بالام، كېچىچە ۋارقىراپ، جۆيلۈپ، ئۆزۈڭنى ئۇياقتىن ــ بۇياققا ئېتىپ چىقتىڭ. ئارقىدىن ئوت ــ كاۋاپتەك قىزىپ، جىمىپ كەتكىلى ساق تۆت سائەت بولدى. ھەرنېمە بولسا ھوشۇڭغا كەلدىڭ. بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ يا كۆزۈڭگە بىرنەرسىلەر كۆرۈنەمدۇ؟ ــ ئاپام كارىۋىتىمنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قوللىرىمغا سۈيۈپ كەتتى. بىردىنلا چۆچۈپ قولۇمنى تارتىۋالدىم:

ــ قولۇم مېيىت، ئاپا...

ــ تولا گەپ قىلما، بالىنى جىم ياتقىلى قوي، چىقىپ سۈيۈق ــ سەلەڭ بىرنەرسە قىلغىن، بەختىيارنىڭ قورسىقى ئاچقاندۇ.

ئاپام چىقىپ كەتتى. دادام دېۋاندا قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. ئۆمرۈمدە مۇنداق ئازابنى تارتىپ باقمىغانىدىم. پۈتۈن بەدىنىم ئوتتا داغلىنىپ، قورۇلۇپ، سىرقىراپ كېتىۋاتقاندەك، يۈرىكىمگە سانسىز خەنجەر سانجىلىپ قوچۇۋاتقاندەك، كاللامدا سانسىز زەھەرلىك ھەرە غوڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگەندەك... بىراق، بۇ جىسمانىي ئازاب ئەمەس، روھىي ئازاب. ئۇ جىسمانىي ئازابتىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك. تېنىڭ ئازابلانسىمۇ يۈرىكىڭدە بىر كۈچ، بىر ئۈمىد بولىدۇ، يۈرىكىڭدىكى ئازابتىن ئۈمىدسىزلىك، قاراڭغۇلۇقتىن قورقۇنچلۇق نەرسە بولمايدۇ.

دادامنىڭ ئەلەملىك كۆزلىرى ماڭا بىرنەچچە قېتىم سوئال نەزىرىدە قاتتىق تىكىلدى. ھەرقېتىمدا كۆزلىرىمنى ئېپقېچىپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم. دادام بىرنەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك پەرىشان ھالەتتە ئېغىر ــ ئېغىر تىناتتى.

شۇكۈنى كەچتە ئاپام ماڭا ئاخشام جۆيلىگەنلىرىمنى دەپ بېرىۋىدى، قورقىنىمدىن پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى. چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

ــ مېنى قارا بېسىپ قاپتۇ، ئاپا. بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، شۇنداق قورقۇنچلۇقكى، ھازىر ئويلىسامۇ قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ كېتىدۇ، ــ دېدىم. شۇنداق دەۋېتىپ دادامغا قارىسام ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قاپتۇ. گۇمان، پەرىشانلىق قاپلىغان چىرايىدا بىر خۇشاللىق پەيدا بوپتۇ.

ــ شۇنداقمۇ، ئوغلۇم؟ توختا، مەن ساڭا بىر دورا قىلاي. سەن بارغۇ، ئېغىر كېلىدىغان بىرنەرسە يەپ سالغان ئوخشايسەن. ئاخشام كەچ قالغانتىڭ، مەنمۇ سېنى چوقۇم شۇنداقراق بىر يەرگە كەتتى، دەپ ئويلىغان.

دادام دورا ئالغىلى كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن تەمتىرەپ كەتكەن ھالىتى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرەتتى. ئاخشىمى دادام سوقۇپ تەييارلاپ بەرگەن سۇرگە دورىسىنى ئىچىپ بالدۇرلا يوتقانغا كىرىۋالدىم. ئاپام مېنى قورقۇتقان جىنلارنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن ئادراسمان بىلەن ئۆيگە ئىسرىق سالدى. سەل يىرىك قوللىرى بىلەن باش ــ كۆزۈمنى، بەدەنلىرىمنى مۇجۇپ پىچىرلاپ بىرنەرسىلەرنى ئوقۇپ «ئوت كۆچۈردى» . ئاپام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گاراڭ ھالەتتە چۈش بىلەن ئويغاقلىقنىڭ ئارىسىدا خېلى ئۇزاق ياتتىم. يېرىم كېچىدە كەينى ــ كەينىدىن ھاجەتكە چىقىپ، راستىنلا خېلى يەڭگىللەپ

قالغاندەك، كاللاممۇ سەگىپ قالغاندەك بولدۇم. ئىككى كۈندىن بېرى بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ، بولغۇلۇق بولىدى، بۇ ئىش ھامان ئاشكارىلانماي قالمايدۇ، بېشىمغا كەلگەننى تارتماي ئىلاجىم يوق، دېگەن يەرگە كەلدىم. پەقەتلا ئاتا ــ ئانامنىڭ مەندىن ئەنسىرەپ سەدىپارە بولغان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ يۈرىكىمنى ئۆرتەيتتى. ناۋادا مەن قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنسا، ئۆلگۈچى ئالدىدىكى گۇناھىمنى يۇغان تەقدىردىمۇ، نى ــ نى ئارزۇ ئۈمىدلەر بىلەن بېقىپ ئۆستۈرگەن ئاتا ــ ئانام ئالدىدىكى گۇناھىمنى ھېچقانداق قىلىپ يۇيالمايتتىم. مەن ئۇلارنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمىنىنى، شادلىقى ۋە ھاياتلىق ئۈمىدىنى نابۇت قىلغانىدىم. مېنىڭ ياش ھاياتىم بۇنداق خاراب بولماسلىقى، ئاتا ــ ئاناممۇ بارچە شادلىقى ۋە ھاياتلىق ئۈمىدىدىن مەھرۇم قالماسلىقى، بەختلىك ياشىشى كېرەك ئىدى...

كۆز ياشلىرىم توختىماي ئېقىپ ياستۇقمنى نەمدەشكە باشلىدى. مەن كىم؟ مەن بىر ئەشەددىي جىنايەتچى، قاتىل، ماڭا ھېچكىم ئوڭ كۆزىدە قارىمايدۇ، ھېچكىم مېنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ، مەرزىيەدەك قىزلار ئەمدى مەندەك ئادەمدىن سەسكىنىدۇ...

بارغانچە ئىچ ــ ئىچىمدىن يىغا ئۆرلەيتتى. يوتقاننى بېشىمغا پۈركەپ ئېسەدەپ، ئۆپكەدەپ ئۇزاق يىغلىدىم. يىغلا ــ يىغلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، ھەتتا چۈشمۇ كۆرۈپتىمەن.

ۋاقىچراق قوپۇپ، زورلاپ ئاز ــ تولا ناشتا قىلىپ مەكتەپكە ماڭدىم. يولبويى ئۇچرىغان ساقچىلار خۇددى ماڭىلا قاراۋاتقاندەك بىلىندى. دەككە ــ دۈككىدە سىنىپقا كىرىپ ئولتۇردۇم. مۇرات مەكتەپكە كەلمەپتۇ. مەرزىيە مېنى ئۆزىگە قارىمىدى، دەپ دومسىيىپ قاپتۇ. مەن نېمە كويدا، ئۇ نېمە كويدا. ئىشىك تىرىققىدە قىلسا چاچراپ تۇرۇپ كېتىمەن، ساۋاقداشلىرىم ياكى مۇئەللىم ئېتىمنى چاقىرىپ قالسا ئەندىكىپ كېتىمەن. بىر كۈننى ئاجايىپ تەستە كەچ قىلدىم. ئەتىسىمۇ تىنچ ئۆتتى. ئۇكۈنى بۇ ئىشلارنى بەلكىم ھېچكىم بىلمەي قالار، دەپ يۈرەكلىنىپمۇ قالدىم. چۈشتىن كېيىنكى ماتېماتىكا دەرسى ۋاقتىدا سىنىپ مەسئۇلىمىز سىنىپقا كىرىپ مېنى سىرتقا چاقىردى، ئىككىمىز مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. ئىشخانىدا ئىككى ساقچى ئولتۇرغانىكەن...

شۇنداق قىلىپ قولغا ئېلىندىم. مۇراتمۇ ئەتىسىلا تۇتۇلۇپتۇ. مۇراتنىڭ ئاتا ــ ئانىسى دادامنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلاپ: «بالىمىز ئېتىلىپ كېتىدىغان بولدى. بەختىيار ئەمدى 16ياشقا كىرىپتۇ، ئۇنىڭغا ئېغىر جازا كەلمەيدۇ. جىنايەتنى ئۇ ئۈستىگە ئالغان بولسا، ئىككى يىلدىن كېيىن كاپالەت پۇلىنى تۆلەپ چىقىرىۋالساق»دەپ يىلىنىپتۇ. دادامنىڭ كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقى، ئادۋوكاتنىڭ ئۇستىلىقى بىلەن مۇرات بەش يىللىقلا كېسىلدى، ئىككى يىلدىن كېيىنلا نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن تۈرمىدىن چىقىپ، ئىز ــ دېرەكسىز غايىب بوپكەتتى. مەن بولسام ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلىندىم. «قۇرامىغا يەتمىگەن جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش ئورنى»دا ئۆزگىرىش ئىپادەم ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن 20يىللىق كېسىمگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبتىكى بىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا يۆتكەلدىم.

※ ※ ※

تۇرمە دېگەن ئاجايىپ بىر دۇنيا. تۈرمىدە چارساقال موللا سۇپەت، سۆزمەن بىر ئادەم بولىدىغان، ئۇ دائىم: «تۈرمە دېگەن پانىي ئالەمدىكى دوزىخىلار يىغىلغان جاي»دەيتتى. ئارقىدىن يەنە «بۇيەردە ئاخشىمى ياتىدىغان يۇمشاق ئورنىمىز، تويغىدەك ئۈچ ۋاق غىزايىمىز بار. تۈزۈمگە بويسۇنۇپ ئوبدان ئىشلىسەكلا بىر كۈنلەردە چىقىپ كېتىپ، يېڭىدىن ئادەم بولىمىز. ھەممىدىن دەھشەتلىكى ئۇ ئالەمدىكى دوزاختا تارتىدىغان جازا! دوزاققا تاشلانغان گۇناھكار بەندىلەر ئېغىر زەنجىر بىلەن تۆۋرۈكلەرگە ئېسىلىدۇ، پەستە لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان دوزاخ ئوتى ئۇلارنىڭ بەدىنىنى ئۆرتەپ قاپقارا قىلىۋېتىدۇ. قان-زەرداپ ئېقىپ تۇرغان بەدىنىگە يىرىك قىلدىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيدۇ. قورسىقى ئاچسا گالدىن ئۆتمەيدىغان زەققۇم بىلەن زەرىئى دەيدىغان سېسىق تىكەننى يەيدۇ. ئون توققۇز پەرىشتە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا مۇئەككەل بولۇپ كۆزىتىپ تۇرىدۇ»دەيتتى. بىز پانىي ئالەمدىكى جىنايەتچى - دوزىخىلار ۋەھىمە ئىچىدە كۆزلىرىمىزنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتۇق. ھەقىقەتەنمۇ بۇيەرگە پانىي ئالەمدىكى بارچە رەزىللىك ۋە جىنايەتنىڭ ئىگىلىرى توپلاشقانىدى. بۇيەردىكى ھېكايىلەر ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. ئاچ كۆزلۈك، ئۆچمەنلىك، ھەسەت ۋە كۈندەشلىك، يۈگەنسىز ھايۋانىي ھەۋەسلەر ئادىمىلىك تۇيغۇسى ۋە نورمال ھايات مىزانلىرىدىن ئايرىپ تاشلىغان بۇ بەندىلەر ئاخىرەتنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە ۋەھىمىسى ئالدىدا ئادەمنىڭ كۆزىگە بەكمۇ ئېچىنىشلىق، بىچارە كۆرۈنۈپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇدا بىلەن، كۈننىڭ ئەتىگەندە چىقىپ كەچتە پاتىدىغانلىقىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئۆز مەھەللىسىدىن چىقىپ باقمىغان، شەھەرنى، تاغنى، چوڭراق دەريانى، دېڭىزنىڭ نېمىلىكىنى، دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدىغان؛ 20 - 30كوي پۇل ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسى ئۆيلەپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان نادان باللارمۇ كۆپ ئىدى. ھەممىمىز ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ئاستىدا ھاياتىمىز، ياشلىق باھارىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىزنى بەدەل قىلىپ گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇشقا، روھىي جەھەتتىن پاكلىنىشقا تىرىشاتتۇق. ئەمما... بۇ راستىنلا مۇمكىنمۇ؟ ئۆلگەن ئادەملەرنى تىرىلدۈرۈش، بەختسىزلىك، پاجىئەلەرنى يوقىتىپ، ھەممىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىنمۇ زادى؟! ئۆرۈمچىدىن يىراق چەت جاڭگالدا، مۇشۇ ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپ ئۆتكەن ئۆمرۈمنى، بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسام خۇددى چۈشتەك غۇۋا، بەكمۇ يىراقتىكى ئىشلاردەك بىلىنەتتى.

مەن ئۆزۈم ئۈستىدىكى ھۆكۈمنى ناھەق بولدى، دەپ قارىمايتتىم. ئاشۇ چاغدا پاينەكۋاش ئىبراھىمنىڭ قولىنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، ئۇ بەلكىم ئۆلمەي قالغان بولاتتى-ھە، دەيدىغان بىر خىيال ھەردائىم مېنى قىيناپ كەلگەنىدى. ھېچكىمدىن ئاغرىنىشقا ھەققىم يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئەمما يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئەتراپىمدىكى ئالاھىدە مۇھىت، كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ تۇرىدىغان خىلمۇ خىل ئىشلار مەندە: مەن تېخى بىر گۆدەك ئىكەنمەن، مەن دۇنيانى، ئادەملەرنى تېخى چۈشەنمەيدىكەنمەن، دۇنيادىكى ئىشلار كىتابتا يېزىلغىنىغا مۇتلەق ئوخشىمايدىكەن، دەيدىغان چۈشكۈن بىر تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ۋۇجۇدۇمدىكى نورمال ھېس-تۇيغۇلار، ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى مەندىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. مەن پەقەت ئەتراپىمدىكىلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈش ئۈچۈن خاراموش- گاراڭ ھالەتتە، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزۈشتەك بىر يولغا كىرىپ قالغانىدىم.

بىر ئاخشىمى كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىدە تېلېۋىزوردىن «ماركونىڭ ئاپىسىنى ئىزدىشى» دېگەن كارتون فىلىمنى كۆرۈۋېتىپ كىچىك ۋاقتىلىرىمدىكى ئىشلارنى ئويلاپ قالدىم. «ماركونىڭ ئاپىسىنى ئىزدىشى» يېڭى قويۇلغان چاغلاردا مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيتتىم. ئۇ چاغلاردا ئۆيىمىزدە تېلېۋىزور يوق ئىدى. ھەركۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن مەھەللىدە تەڭتۇشلىرىم بىلەن تازا قىزىق ئويناۋاتسام، باللاردىن بىرەرسى بالكونغا چىقىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە: «باللار، ماركونى باشلىدى!» دەپ توۋلايتتى ياكى بىرىنچى قەۋەتتىكى سېمىز ئايال ئىشىك ئالدىغا چىقىپ: «زۇلپىقار، قونچىقىڭنى باشلىدى، ئىتتىك كىرىپ كۆرۈۋال، بالام!»دەپ چاقىراتتى. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى ئويۇننى تاشلاپ، شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشەتتى. پەقەت مەنلا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەۋەس بىلەن قاراپ يالغۇز قالاتتىم. بىر قېتىم ئاپام بالكوندا قاراپ تۇرۇپ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۆيگە كىرىشىمگە، ئۇ مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ، باش-كۆزۈمنى سىلاپ: «بىچارە بالام، ئاداشلىرىڭ كۆرگەن قونچاقنىمۇ كۆرەلمەي بوينۇڭنى قىسىپ قالدىڭ-ھە. ھېلىمۇ بالىمىزنىڭ بىرلا بوپقالغىنى...»دەپ يىغلاپ كەتتى. شۇ كۈنى ئاپام بىلەن دادام مەن ئىسمىنى بىلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ۋارقىرىشىپ جېدەللەشتى. ئەتىسى ئاپام مېنى ئېلىپ چوڭ ئاپاملارنىڭكىگە يامانلاپ بېرىۋالدى. ئىككى-ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن قايتىپ كەلسەك، دادام كىچىكرەك رەڭسىز تېلېۋىزوردىن بىرنى ئەكېلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەركۈنى كەچتە ئاپام بالكونغا چىقىپ: «بەختىيار، قونچىقىڭنى باشلىدى، چاققان بول بالام!»دەپ چاقىرىدىغان بولدى. ئاپام ئاۋازىنى ئەتەي چىڭ چىقىراتتىمكىن، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممىدىن جاراڭلىق ئاڭلىناتتى. مەن خۇشھال بولۇپ: «مانا، ھازىر كىرىمەن، ئاپا» دېگىنىمچە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتەتتىم...ئاشۇ خىياللىرىم بىلەن تەڭلا ئاپامنىڭ مېھرىبان سىيماسى، يۈرۈش-تۇرۇشى، ئۇنى يەۋال، بۇنى كىيىۋال دەپ ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇشلىرى، ھورى چىقىپ تۇرىدىغان ئىسسىق تاماقنى ئالدىمغا قويۇپ، ئېڭىكىنى يۆلىگىنىچە تاماق يېيىشىمگە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرى شۇنچىلىك روشەن جانلىنىپ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدىكى...

ئۈرۈمچىدە، «قۇرامىغا يەتمىگەن جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەش ئورنى»دىكى ۋاقتىمدا دادام مېنى ئۆزى يالغۇز يوقلاپ كېلەتتى. ئاپامنى سورىسام: «ئاپاڭنىڭ مىجەزى يوق، كېلەلمىدى، ساڭا سېغىنىپ سالام دېدى»دەيتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا داداممۇ بارغانچە ئاز كېلىدىغان بولدى. بۇيەرگە كەلگەندىن بۇيانقى ئالتە ئاي ئىچىدە بىر پارچىلا خەت كەلدى. بەزى كۈنلىرى پىغانىم ئۆرلەپ قالغان چاغلاردا«ئاتا-ئانامۇ مەندىن بىزار بوپتۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىشقا

ھەقلىق»دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

بىر كۈنى سەھەردە ئاپامنى چۈشەپ قاپتىمەن. ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان ئاپام كارىۋىتىمنىڭ بېشىدا تۇرۇپ باش-كۆزۈمنى سىلاپ: «بالام، مەن سېنى بەك سېغىندىم، سەن مېنى يوقلاپ بېرىپ قويايمۇ دېمىدىڭ. مانا سەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئۆزۈم كەلدىم»دەۋاتقىدەك. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاپامنى قۇچاقلىماقچى بولۇپ قولۇمنى ئۇزاتسام، ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىچە ئىشىك تەرەپكە قاراپ مېڭىپ ، بىردەمدىلا غايىب بوپكەتكۈدەك.

– ئاپا، ئاپا! توختاپ تۇرغىن، مېنى ساقلاپ تۇر! – دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپتىمەن. مۇزدەك سوغۇق تۆمۈر ئىشىكنى جالداقشىتىپ، تۇرمىداشلىرىمنى ئويغىتىۋېتىپتىمەن.

ئارىدىن 20 كۈنلەر ئۆتكەندە دادام مېنى يوقلاپ كەلدى. دادام ئوبدانلا جۈدەپ، چاچلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ قېرى ئادەمگىلا ئوخشاپ قاپتۇ. كىيىنىشلىرىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئەمەس، پۈتۈن تۇرقىدىن بىر روھىي سۇنۇقلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. ئىككىمىز كۆرۈشۈپ، ئەھۋاللىشىپ بولغاندا ئۇ ماڭا «مانا بۇ ئاپاڭنىڭ سوۋغىسى»دەپ بىر خالتىنى بەردى. خالتىنى شۈيەردىلا ئاچتىم. خالتىدا سۈت بىلەن ماي قوشۇپ ياققان قىزىرىپ پىشقان توقاچلار، قورىغان گۆش، مەن كىچىكىمدە ياخشى كۆرىدىغان تاتلىق-تۇرۇم، يۇمشاق، ئىسسىق ئىچ كىيىم، يۇڭ پايپاق، يۇڭ پېتەك... دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئاپامنىڭ قېشىغا ئۇچۇپلا بارغۇم كەلدى.

– دادا، ئاپامنى بىر قېتىم يوقلاپ بولسىمۇ ئېپكەلسەڭ بولمامدۇ؟ ھازىر ئاغرىسام كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسلارمۇ قاتنايدىغان بوپكەتتى دەيدىغۇ، – دېدىم. دادام كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئۇياق-بۇياققا قارىغان بولۇپ گېپىنى يۆتكەپ كەتتى. ئاخىرىدا:

– بالام، ئاپاڭمۇ سېنى سېغىندى. ئۇ: بەختىيار مېنى سېغىنغان بولسا تىرىشىپ ئىشلەپ، ياخشى ئۆزگىرىپ، تېزراق قايتىپ كەلسۇن، دەيدۇ، – دېدى . بىچارە دادام ماڭا دېمەكچى بولغان نۇرغۇن گېپىنى دېيەلمەي، مەندىن ئايرىلغۇسى كەلمەي بىرەر ھەپتىدەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن بىر تەربىيىچىمىز ماڭا ئاپامنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى يېرىم يىل بۇرۇن، يەنى مەن تۇتۇلۇپ كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا كارىۋات ئاستىدىكى قانغا بويالغان كىيىملىرىمنى كۆرۈپ قېلىپ «ئىسست بالام...!» دېگىنىچە بىھوشلىنىپ يىقىلىپ قالغانلىقىنى، دادام ئۇنى تەرەپ-تەرەپكە ئاپىرىپ داۋالاتقان بولسىمۇ ياخشىلانماي، بىر ئاينىڭ ئالدىدا دۇنيادىن ئۆتكەنلىكىنى يەتكۈزدى. شۇ كۈنلەردە مەن ئۈمىدسىزلىك، ئازاب، چۈشكۈنلۈك تۈپەيلى ئەقلىمدىن ئېزىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، ئاشۇ تەربىيىچى مېنى نورمال ھايات قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ دادام دېمەتلىك، ئۆمۈرۋايەت تۈرمىدە ئىشلەپ، ھەددى-ھېسابسىز بەختسىزلىك، پاجىئەنى كۆرگەن، ئادەملەرگە بىر قاراپلا باھا بېرەلەيدىغان، ھەربىر ئېغىز گېپىنى كىشىنىڭ يۈرەك بېغىشىغا يەتكۈزەلەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ، بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ھەربىر ئىش، ئادەملەرنى مەن بىلەن بىللە تەھلىل قىلاتتى. قىزىق-يۇمۇرلۇق سۆزلەر بىلەن ئادەمنى روھلاندۇرۇۋېتىشنىمۇ بىلەتتى. ئۇ، مۇراتنىڭ دادىسىنىمۇ تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ: «سەن شەيتان ئالدىيالمىنى بىلەمسەن؟ ئۇ دەل شۇنىڭ ئۆزى. سەنلا ئەمەس، بېشىدىن ئىش ئۆتكەن خېلى-خېلى ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ قىلتىقىدىن ئامان قالمىغان»دەيتتى. ئارقىدىن: «ئۆتكەن ئىشلار كەتتى، ئۇنىڭغا ئامال يوق. ئوغۇلبالا دېگەننىڭ بېشىغا ھەر ئىشلار كېلىدۇ، گەپ، بۇنىڭدىن كېيىن يولۇڭنى تېپىپ مېڭىشىڭدا. سەن تېخى ياش، ياخشى كۈنلەر ئالدىڭدا»دەيتتى.

مەن ھەددى-ھېسابسىز خىيالدىن، پۇشايمان ۋە تەگسىز ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىشقا ئۇراتتىم. نەدە ئېغىر ، پاسكىنا ، خەتەرلىك ئىش بولسا تالىشىپ ئىشلەيتتىم. ئىشتىن يېنىپلا ئۆلۈكتەك قاتتىق ئۇخلاپ كېتەتتىم. ئاندا-ساندا بىكار قالغان ۋاقىتلىرىمدا تۈرمە قىرائەتخانىسىدىن كىتاب ئېلىپ ئوقۇيتتىم. مەن تۈرمىدە نۇرغۇن ئەدەبىي كىتابنى ئوقۇپلا قالماي، قانۇنغا، سىياسەتكە، تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلارنىمۇ كۆپ ئوقۇدۇم. كىتاب مەن ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يەنە بىر سىرداش دوست بوپقالغانىدى. بىر قېتىم «گراف مونتى. كرىستو»نى ئوقۇپ ئولتۇرسام، ھېلقى پېشقەدەم تەربىيىچى كىرىپ كىتابنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراپ بېقىپ:

– ھە، قانداق؟ سەنمۇ ئەدموندەك بىرەر غايىب بايلىققا ئېرىشىپ قالسام دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ – دەپ سورىدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي جىم تۇرۇپ قالدىم. مەن بايلىقنى دەپ مۇشۇ كۈنگە قالغان ئادەم. مەن ھاياتىمنى بەدەل قىلىپ ئېرىشمەكچى بولغان ئۇ بايلىق ئۆرۈمچىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. بەلكىم بۇ ۋاقىتچە مۇرات ئۇنى ئېلىپ كەتكەندۇ. ئۆز ۋاقتىدىغۇ ئىككىمىز بىللە ئاچىمىز دەپ قەسەم ئىچكەن...

– تۆگمەيدىغان بىر بايلىق بار، مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي، قېنى ئولتۇر! – ئۇ، كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن سىرلىق كۈلۈمسىرەپ چىرايىمغا قارىدى. ئۇ بوغداي ئۆڭلۈك، بۇرنى ئادەتتىن تاشقىرى يوغان، ئەمما ئېگىز يوق ئادەم ئىدى. كۈلسە ئاغزى ئۇ قۇلىقىدىن بۇ قۇلىقىغا يېتىپ كېتەتتى.

مەن ئۇنچىقماي بېرىپ ئولتۇردۇم. ئۇ ماڭا تىكىلىپ بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

– ئۇ بايلىق ئادەمنىڭ ئۆزىدە. ئۇنىڭ يۈرىكىدە. سەن كۈلمە، بىركۈنلەردە گېپىمنىڭ تېگىگە يېتىپ قالىسەن، – دېدى. ھەقىقەتەنمۇ مەن ئۇنىڭ گېپىنى كۆپ يىلدىن كېيىن چۈشەندىم. مەنمۇ بۇ سۆزنى ئۆزۈم يېقىن كۆرىدىغان ئادەملەرگە دەپ بېرىدىغان بولدۇم. ئۇلارمۇ ئەينى يىللاردىكى ماڭا ئوخشاش بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇشاتتى. بىراق، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرى بىر كۈنى چۈشىنىپ يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

تۈرمىدە ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىل تىپىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئاندا-ساندا بۇيەرگە قانداقلارچە كىرىپ قالغاندۇ، دەپقالغىدەك مۇلايىم، پاك تەبىئەتلىك كىشىلەرمۇ، ھېسسىيات ۋە پىكىرگە باي، يۈرىكى ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان ئېسىل يىگىتلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. مەن ئەنە شۇنداق يىگىتلەرنىڭ بىرى بىلەن يېقىن ئۆتتۇم. راستىنى ئېيتقاندا، بىزنى ناخشا، ناخشا-مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياق يېقىنلاشتۇردى.

بىر كۈنى ئىش ۋاقتىدا ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر ناخشا ئاۋازى ھەممىمىزنى جەلپ قىلىۋالدى. كۆپچىلىك بېشىنى بۇراپ قارىشىپ «كىم ئىكەن؟ ئەجەب مۇڭلۇق ئېيتتا!»دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى. ئۇنى تونۇيدىغانلار: «يېڭى كەلگەن غۇلجىلىق يىگىت، تەمبۇرنى ئاجايىپ چېلىۋېتىدىكەن، كاساپەت»دېيىشتى. دەرۋەقە، قۇربان ھېيتنى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىشتا يار مۇھەممەت ئىسىملىك بۇ يىگىتنىڭ كارامىتىنى كۆردۇق. ئۇلاپ ئېيتىلغان «قايقارا قوي كۆزلىكىم» ،«بۇۋاپا» ، «يوللۇق ئالما» ، «خانلەيلۇن»دېگەندەك ناخشىلار جېنىمىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدى.

*يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا،*
*قوينۇڭغا سالغىن ئالىنى.*
*ھەر سېغىنغاندا پۇراپ،*
*يادىڭغا ئالغىن يار مېنى.*

دېگەن يەرلىرىگە كەلگەندە يۈرىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن كونا جىنايەتچىلەرمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاپىرىن ئېيتىپ كېتىشتى. يۈرىكنى تۇتۇپ: «ئاھ، يۈرىكىم، بۈگۈن مەن يۇرتۇمغا قايتقاندەك بولدۇم»دەپ ھۆر-ھۆر يىغلاپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. تۈرمە نازارەتچىلىرى ناخشا-سازنىڭ جىنايەتچىلەرنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى بولغاي، بىر باشلىقىمىز ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ئاراڭلاردا ساز چالالايدىغان، ناخشا ئېيتالايدىغانلار بارمۇ؟»دەپ سورىغاندا، «مانا مەن بار، گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتالايمەن»دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. يەنە بىر نەچچە دۇتارچى، راۋابچى، ئۇسسۇلچى باللارمۇ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ بىر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىمىز قۇرۇلدى.

يارمۇھەممەت تولىراق مۇڭلۇق، غەمكىن ئىلى ناخشىلىرىغا چالاتتى. مەن گىتار بىلەن ئۆزۈمگە ئوخشاش ياشلار ياخشى كۆرىدىغان«تارىم ناخشىسى» ، «سېنى ئەسلەيمەن» ، «ئىلى يولى» دېگەندەك ناخشىلارغا، «سىگانوچكا»دەك تاتارچە ئاھاڭلارغا چالاتتىم. بىز تاتارچە ئاھاڭلارغا ئۆزىمىز ئىجاد قىلغان ياكى ئۆزگەرتكەن تېكىستلەرنى سېلىپ ئوقۇۋېرەتتۇق. ئۆزىمىزمۇ نۇرغۇن يېڭى ئاھاڭ ئىجاد قىلغاندۇق. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يار مۇھەممەت ئىككىمىز ئىجاد قىلغان:

*ئىچىم قاينايدۇ، قاينايدۇ،*
*قازاندا قاينىغان چايدەك.*
*ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ،*
*تارىمدىكى لاي سۇدەك.*

دېگەن ناخشا تۈرمىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بوپكەتكەندى. كېيىن:

*ئانامنىڭ كۆزلىرى قان-ياش،*
*كېلەمسەن ئۆتەيدۇ ھەم ئاش.*
*رازى بولغىن جېنىم ئانا*
*ئاق سۈت بېرىپ باققانغا.*

*تاياق يېگەننى ئېيتايمۇ،*
*ئاچ قالغاننى ئېيتايمۇ.*
*رازى بولغىن جېنىم ئانا*
*ئاق سۈت بېرىپ باققانغا.*

دېگەن ناخشا ھەممىلا ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. بىز تۈرمە دائىرىلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى باشقا تۈرمىلەرگىمۇ ھەتتا مەكتەپلەرگىمۇ بېرىپ ئويۇن قويدۇق. ھەر قېتىمقى ئويۇندا زالغا ئادەم پاتماي قالاتتى. بىز يۈرىكىمىزدىكى ھەسرەت-نادامەتلىرىمىزنى ، پۇشايمان، سېغىنىشلىرىمىزنى، گاڭگىراش، ئارزۇ-تىلەكلىرىمىزنى ناخشا ئارقىلىق ئىزھار قىلاتتۇق. ناخشا ئېيتىۋېتىپ كۆزلىرىمىزدىن ياش ئاقاتتى. تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشنى سۈرتمەيلا ناخشىمىزنى داۋام قىلاتتۇق. تۆۋەندە ئولتۇرغانلارمۇ بىز بىلەن تەڭ يىغلايتتى، تەڭ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتاتتى. ناخشا ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ ياتقان ۋىجدانىنى، گۈزەل ھېس-تۇيغۇ، ئارمانلىرىنى ئويغىتاتتى. ئۇلارنى بەختكە، سۆيگۈگە، ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەيتتى.

※ ※ ※

يىللار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ، ھەش-پەش دېگۈچە 14يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا كېسىم مۇددىتىم ئۈچ قېتىم قىسقاردى. 2000-يىلى يېڭى ئەسىر كىرىپ كېلىش ئالدىدا مەن ۋە يارمۇھەممەت باشلىق بەش-ئالتىمىزنى قويۇپ بېرىدىكەن، دېگەن پاراڭ تارقالدى. راستتىنلا شۇنداق كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ بىچارە دادام قانچىلىك خۇشال بوپكېتەر. جەمئىيەتكە چىقسام باشقا ئادەملەردەك بېشىمنى تىك تۇتۇپ يۈرەلەرمەنمۇ؟ دېگەندەك خىياللار بىلەن كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. 2000-يىلى 30-دېكابىر يارمۇھەممەت ئىككىمىز تەڭلا ئەركىنلىككە چىقتۇق. ئۆيدىكىلەرنى تۇيۇقسىز خۇش قىلىۋېتەيلى دەپ ، ھېچكىمگە خەۋەرمۇ قىلمىدۇق. ئاپتوبۇس بېكىتىدە يارنى غۇلجىغا يولغا سېلىۋاتقان چېغىمدا، بۇ ئوغۇلمۇ-چۈشۈممۇ دەپ پات-پات مەڭزىمنى چىمداپ باقاتتىم. يارنىڭ ھالىمۇ مېنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. مەنمۇ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتىم. 31-دېكابىر كەچتە، يەنى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم. خاتىرەمدىكىدىن ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۈرۈمچىنىڭ قېلىن قار باسقان كوچىلىرىدا ئۈزاق ئايلىنىپ يۈردۈم. ئۈرۈمچى ئوننەچچە يىل ئاۋۋالقى ئۈرۈمچى ئەمەس، مەنمۇ ئوننەچچە يىل ئىلگىرىكى بەڭۋاش بالا ئەمەس ئىدىم. مەن خۇددى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن بۇ قەدىناس شەھىرىم بىلەن، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋە كىرىپ كېلىۋاتقان يىللار بىلەن سىردىشىۋاتقاندەك، بۇ مەن، شەھىرىم، بۇ مەن، يىللار. مەن ئەمدى سىلەرنىڭ قوينۇڭلاردا ئەركىن ياشايمەن. ئەمدى قانداق ياشايدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قويۇڭلار، دەۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدىم. شەھەر نېمىشكىدۇر ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىت، ماشىنىلار ۋە يولۇچىلار شالاڭ ئىدى. خىرە يورۇپ تۇرغان يول چىراغلىرى قارغا كۆمۈلگەن يوللارنى، قارباسقان شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان قارىغاي، قارىياغاچلارنى، ئاسمانپەلەك ئېگىز بىنالارنى خۇددى بىر تىلسىمات شەھەردەك سىرلىق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاسماندىن توزۇپ چۈشۈۋاتقان قار خۇددى نەچچە ئەسىرلىك قەرزىنى ئادا قىلىۋاتقاندەك، ياكى بۇ

شەھەرنى ئەبەدىيلىككە كۆمۈپ تاشلاشقا ئەھدە قىلغاندەك بارغانسېرى كۆچىيىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئاخشىمى ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىمنى ، ئۆز ئۆيۈمنى تاپالماي خېلى تەمتىرىدىم. ئۆيىمىز جايلاشقان چوڭ يول كەڭرىپ، ھەيۋەتلىك ئۆتۈشمە كۆۋرۈك قەد كۆتۈرۈپتۇ. يول بويىدىكى ئەسلىدىكى زاۋۇت دەرۋازىسى ، زاۋۇت ئۆيلىرىدىن ئەسەر قالماپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا رەت-رەت زامانىۋى ئولتۇراق ئۆيلەر سېلىنىپ كېتىپتۇ. يوچۇن بىر دۇنياغا كېپقالغاندەك تەمتىرەش ئىچىدە ئەتراپقا نەزەر سېلىۋېتىپ، يول بويىدا ئۆتمۈشنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە تەنھا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كونا سېرىق بىناغا كۆزۈم چۈشكەندە نېمشقىدۇر يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ قالدى. چوڭقۇر تەلپۈنۈش ئىچىدە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە نەزەر سالدىم. ئىلگىرى بىنانىڭ ئاشۇ بۇرجىكىدە بىر تۈپ باراقسان تېرەك بار ئىدى. بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۇ ئۆي ئىلگىرى كۆزۈمگە دەرەخ ئۈستىدىكى قۇش ئۇۋىسىدەك كۆرۈنەتتى. بىرچاغلاردا ئەشۇ ئىسسىق ئۇۋىدا ئاتا-ئانا قۇش بىلەن بىر بالا قۇش بەختلىك ياشايتتى. كېيىن بالا قۇش يولدىن ئېزىپ غايىب بوپكەتتى، ئانا قۇش بالا قۇشنىڭ دەردىدە ئۆلۈپ قالدى. ھازىر پەقەت تەنھا دادا قۇشلا قالدى... ئۆينىڭ قېلىن چاڭ-توزان باسقان دېرىزىلىرىدىن زەررىچە يورۇقلۇق كۆرۈنمەيتتى. ئۆيدە ئادەم يوقمىدۇ، دادام كۆچۈپ كەتكەنمىدۇ ياكى...

تونۇش پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقىنىمدا پۇت-قولۇم تىترەپ، نەپسىم قىسىلدى. نېمىدىندۇر قورققاندەك ئىككى تىزىم ماغدۇرسىزلىنىپ، پەلەمپەي رېشاتكىسىغا چاپلىشىپ قالدىم. «غەيرەت قىل! بەختىيار، غەيرەت قىل! سەن ھەممىگە كۆنۈشۈڭ، ھەممىگە بەرداشلىق بېرىشىڭ كېرەك!» دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە مەدەت بېرەتتىم. ئاخىرى ئۆيۈمنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلدىم. ئىشكنى چەكتىم. ئۈچىنچى قېتىم چېكىپ بولۇپ، كەينىمگە يېنىپ چۈشۈپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا ئىچكىرىدىن دادامنىڭ يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى. دادام مېنى كۆرۈپ بىردەم قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئارقىدىنلا مېنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى يۆلىشىپ ئۆيگە كىردۇق. بەكمۇ تونۇش، مېھرى ئىسسىق ، ئەمما نامرات چىراي ئۆي. ھەممە نەرسە ئىلگىرىكى ئورنىدا، پەقەتلا كونىرىغان، ئۆڭگەن، غېرىبلىق توزانلىرى باسقانىدى. دادامنىڭ قولىدىن ئاجراپ خۇددى ئاپام كۈتۈپ تۇرغاندەك ھەممە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ چىقتىم.

— ئاپا، ئاپا، مەن كەلدىم، گۇناھكار ئوغلۇڭ كەلدى، ئاپا! سەن مېنى نېمىشقا ساقلاپ تۇرمىدىڭ ئاپا... — دەپ ۋارقىراپ يىغلىدىم. يىغلىغىنىمغا ئاپام تىرىلىپ كەلمىدى. ۋاقىت كەينىگە يانمىدى. ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغان مۇزدەك تۆت تامدىن بىرەر سادا چىقمىدى.

دادام مېھمانخانىدىكى ئەينى چاغدا مەن ياتقان كارىۋاتنى كۆرسىتىپ :

— ئاپاڭ كېسەل ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ كارىۋاتتا ياتقان، — دېدى. مەن كارىۋاتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئاپامنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىگە يۈزۈمنى يېقىپ ئۇزاق ئولتۇردۇم. قاچانلاردىدۇر كۆزۈم ئىلىنغاندەك بولدى. ئىللىق شامالدەك راھەتبەخش بىر سېزىم ۋۇجۇدۇمنى سىيپاپ ئۆتۈپ، قولاق تۈۋىمدە «ئورنۇڭدىن تۇر، ئوغلۇم!»دېگەندەك يېقىملىق شىۋىرلاش ئاڭلانغاندەك بولدى. بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ئەتراپقا نەزەر سالسام ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. دادام نېرىقى ئۆيدە يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. دېرىزە ھەم ئېتىلگەن، توپا باسقان دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر پارچە ئاسمان ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. بۇ، يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى تېڭى ئىدى.

3

مەن تولۇق بىر ئاي ئۆيدىن تالاغا چىقمىدىم. كۆڭلۈم دادام بىلەن پاراڭلىشىش، خىيال سۈرۈش، تاماق ئېتىش، ئۆي تازىلاش بىلەن ئۆتتى. تالا-تۈزگە چىقسامۇ مېنى ھېچكىم تونۇمايتتى. ئەينى يىللاردىكى ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق ئۆسمۈر بىلەن يۈز-كۆزىنى ساقال باسقان، ئىش-ئەمگەكتىن پىشىپ سۆڭەكى قاتقان 31 ياشلىق ئەركەكنىڭ پەرقى بەك چوڭ ئىدى.

بۇ ئەتراپتىكى ئادەملەر بىلەن كوچىلار ماڭىمۇ يوچۇن كۆرۈنەتتى. ئىلگىرىكى زاۋۇت ئورنى يەر-مۈلۈك سودىسى قىلىدىغان بىر شىركەتكە سېتىۋېتىلىپ، شىركەت بۇ يەرگە ئاھالىلەر مەنزىرىلىك ئولتۇراق ئۆيلىرىنى سېپتۇ. دادام شۇ قورونىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ بېرىپ ئايدا 1000يۈەن ھەق ئالىدىكەن. «ھازىر ياخشى بوپكەتتى، يېڭى شياگاڭ بولغاندا ئايدا بېرىدىغان 300كويغا قاراشلىق بوپقېلىپ خېلى تەمتىرىگەنىدىم» دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىۋاتقان دادامغا قاراپ، ئۇنىڭ بىر چاغلاردا ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «مەن زادى تەلىيىم تەتۈر كەلگەن ئادەممەن...» دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپ كەتتىم.

ئۆيىمىز يولنىڭ بويىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەشىنچى قەۋەتتە بولغاچ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قارىسا، ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتىن غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈۋاتقان ئاپتوموبىل-پىكاپلار خۇددى كارىۋىتىمىزنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىرىمۇ خۇددى بىزنىڭ ئۆيگىلا قاراپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇنىڭچە يىل جاڭگالدا يۈرۈپ، بىردىنلا تەرەققىياتنىڭ قايىنىمىغا كىرىپ قېلىش تولىمۇ قىزىقارلىق ئىش ئىدى. خىلمۇ-خىل، بىر-بىرىدىن كاتتا پىكاپلار مېنى تولىمۇ قىزىقتۇرغانلىقتىن، دادام مېنىڭ پىكاپلارغا قىزىقىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ:

— ماۋۇسى سانتانا، ماۋۇ شالى، ماۋۇ شاڭخەي داجۇڭ، ماۋۇ نىسسان... — دەپ زېرىكمەي تونۇشتۇراتتى.

بىر كۈنى دادام مۇراتنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مۇراتنىڭ ھازىرغىچە ئىز-دېرىكى بولماپتۇ. ئۆزۈۋاقىتىدىكى ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى «ئەسلى قاتىل مۇرات ئىدى»دەپ، ھېلىغىچە ئۇنى ئىزدەپ، پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرىدىكەن. مۇرات يوقاپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئاتا-ئانىسى ئارقا-ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاكىلىرى مىراس بۆلۈشەلمەي پىچاقلىشىپ، بىرى ئۆمۈرلۈك ناكا بوپتۇ، يەنە بىرى تۈرمىدە ئىكەن.

— بۇ شۇنداق ئۆتنە ئالەم، ياخشىلىق قىلساڭمۇ، يامانلىق قىلساڭمۇ ئۆزۈڭگە قىلىسەن. يامانلىقنىڭ جازاسىنى تارتماي ئىلاجىڭ يوق، ياخشىلىقنىڭ بولسا ئەجرىنى كۆرىسەن. بۇ دۇنيادا ھالال ئىشلەپ يېگەن، تۈز يولدا ماڭغان كىشىنىڭ دىلى يورۇق، كۆڭلى

خاتىرجەم بولىدۇ، يېگىنى تېنىگە سىڭىدۇ، ئىشلىرى روناق تاپىدۇ. بالام، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش يولۇڭدا مۇشۇنى ئېسىڭدە تۇتقىن. كىچىك ۋاقتىڭدا بىز ساڭا مۇشۇنى بىلدۈرۈپ قويالمىغاچقا، بىر قېتىم قاتتىق ئازدىڭ. ھەممىمىز تارتقۇلۇقنى تارتتۇق. ئەمدى بۇ ساۋاقنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان ئۆمۈرلۈك ۋەسىيىتىم بولسۇن، - دېدى. مەن يەردىن بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم. ئىچىمدە: مەن بۇ ساۋاقنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى، ئارماندا ئۆلۈپ كەتكەن ئاپامنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، دادا! - دەپ نىدا قىلاتتىم.

تۇنجى قىلغان ئىشىم شوپۇرلۇق كۇرسىغا ئىمتىھان بېرىش بولدى. ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم، ئۈچ ئاي ئوقۇپ پراۋىمۇ ئالدىم. دادامنىڭ بىر تونۇشى ئارقىلىق خېلى يېڭى بىر شالىنى ئەرزانلا سېتىۋالدۇق. شۇنداق قىلىپ مەن تاكسى ھەيدەپ كىراكەشلىك قىلىشقا باشلىدىم. مەن كېچە-كۈندۈزلەپ تىرىشىپ ئىشلەيتتىم، ناھايىتى ئاز ئۇخلايتتىم. بەزىدە تاماقنىمۇ ماشىنىدىلا يەيتتىم. پۇلنى كۆپرەك تېپىپ، بىر كۈنلەردە يارى بىلەن بىرلىشىپ بىر مۇزىكا ئەترىتى قۇرۇشنى، ئەينى چاغدا تۈرمىدە ئېيتقان ناخشىلىرىمىزنى ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەشنى، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى بىر كىنو قىلىپ يېزىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. دادامغا تازا ئېسىل ئۆيدىن بىر يۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى، ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەمگىكىمگە تايىنىپ پۇل تاپالايدىغانلىقىمنى، خېلى-خېلى ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدىغانلىقىمنى مېنى تونۇيدىغان ھەممە ئادەمگە بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئويلايتتىم. بىر كۈنى تاكسى ھەيدەپ ئەينى يىللاردىكى ئاشۇ ۋەقە سادىر بولغان ئارقا كوچىدىن ئۆتۈپ قالدىم. قانداقتۇر ۋەھىمە ۋە قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە پىكاپنى ئاستىلىتىپ ئەتراپقا سەپ سالدىم. ئۇ يول ھازىر تۈزلىنىپ چوڭ كوچا بوپكېتىپتۇ. ئەينى چاغدا سېلىنىۋاتقان ئېگىز بىنا ھازىر خەلقئارالىق مېھمانخانا ئىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئايلانما يول، ماشىنا توختىتىش مەيدانى، فونتانلىق گۈللۈك، يولنىڭ نېرىسىدىكى چوڭ-كىچىك دۇكانلارغا قاراپ ئەينى يىللاردىكى ئېگىز-پەس ئارقا كوچىنى قىياس قىلىش تەس ئىدى. مەن ئېسىمدە قالغىنى بويىچە پىكاپىمنى ھەيدەپ مۇرات ئىككىمىز يۈز-كۆزىمىزنى يۇغان ئۆستەڭ بويىغىچە باردىم. ئۆستەڭ قاشالىنىپ، يېنىدىن سېمونت يول ئېلىنىپتۇ. ئەتراپتا قارىياغاچتىن ئەسەر يوق، قاتار-قاتار بىنالار سېلىنىپ، بىنا ئارقىسىغا قارىغاي بىلەن پاكار، كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر تىكىلىپتۇ. دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈلگەن ئۇ پۇلنى مۇرات ئېپكەتمىگەن بولسا، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى تېپىۋالغاندۇ، لېكىن مۇرات ئۇنداق تەييار پۇلنى خەققە تاشلاپ بېرىدىغانلاردىن ئەمەس...

بۇ ئەتراپ شەھەر مەركىزىگە قارىغاندا تىنچ ئىدى. خۇددى ئەينى يىللاردىكىدەك شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى كىشىگە خۇددى ۋاقىت ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئەمما ئەتراپتىكى ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىۋاتقان دۇنيا يىللارنىڭ قۇدرىتىنى تىنىمسىز ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئاشۇ دەرەخ ۋە پۇل ھازىرغىچە جايىدا بولغان بولسا، پۇلنى ئالغان بولاتتىممىكىن؟ ئۇنى بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. قانداقلا بولمىسۇن، پۇلنىڭ بولمىغىنى ياخشى بولدى. ئۇ، مېھنەت پۇل، قان-زەرداپ، ئۆلۈم ۋە جىنايەت سىڭگەن پۇل. ئۇنى ھەرقانچە خەيرلىك ئىشقا ئىشلەتتىم دېگەن تەقدىردىمۇ ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. مەن قىلمىشىمنىڭ جازاسىنى تارتتىم. مەن جىنايەتلىك ئۆتمۈشكە ھەرقانداق يول بىلەن قايتا باغلىنىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن.

ماشىنامنىڭ رولىغا قولۇمنى قويۇپ ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز يېنىك تىن ئالدىم. ئۆستەڭ تەرەپتىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال كىشىنى ھوزۇرلاندۇراتتى. مەن ئۇزاقتىن بېرى مۇنداق ھوزۇر، ئازادىلىك تۇيغۇسىدا بولۇپ باقمىغانىدىم.

※ ※ ※

مەن تولىراق «چېگرا رايون» مېھمانخانىسىدىن پويىز ئىستانسىسىغىچە، سۇ ئۈستى ئىستىراھەت باغچىسىدىن «بۇلاقبېشى» كوچىسى ئەتراپلىرىغىچە قاتنايتتىم. كەڭرى، رەتلىنىپ، كۆركەملىشىپ كەتكەن يوللار، ئاسما كۆۋرۈك، يەر ئاستى ئۆتۈشمە ئېغىزلار، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەد كۆتۈرگەن چىرايلىق، زامانىۋى بىنالار، خىلمۇ-خىل كىيىنگەن، قوللىرىغا يانفون ئېلىپ ئالدىرىشىپ يۈرگەن ئادەملەر كۆز ئالدىمدىن توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى. شەھەر ۋە ئادەملەرنىڭ قىياپىتى گۈزەللەشكەن بىلەن ئادەملەر ماڭا باشقىچە رەھىمسىز، ئاچ كۆز، ساختىپەز بوپكەتكەندەك تۇيۇلاتتى. پىكاپىمغا پات-پاتلا كىچىك تۇرۇپ بەك غەلىتە ياسىنىۋالغان ، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان قىز ئوقۇغۇچىلار چىقاتتى. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭ ئۇياتسىز-لاۋزىلىقىدىن ھەيران قالاتتىم. ئاشۇنداق كىچىك قىزلارنى ئەگەشتۈرگەن «لاۋبەنلەر»، سالاپەتلىك ھەتتا چوڭ ياشلىق ئادەملەرمۇ كۆپ ئىدى. ئېسىل كىيىنىپ، قېنىق گىرىم قىلغان ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي كىيىم-كېچەكنىڭ، ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بەزىدە قىزىقىپ كۈلسەم، بەزىدە بىزار بولاتتىم. پىكاپىمغا چىقىدىغان ياش، ئوتتۇرا ياش ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەست ئىدى. ئۇلار مەستلىكتە بىلىپ-بىلمەي ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنىمۇ، پۇلغا تويمايدىغان ئاشنىلىرىنىمۇ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىشاتتى. ماڭا ھەممىدىن قۇلاقلىرىغا بىر نەرسە تىقىۋېلىپ، جىن چېپىلىپ قالغاندەك تەركىدۇنيا بولۇپ يۈرگەن كىچىك ئوقۇغۇچى باللار غەلىتە تۇيۇلاتتى. ناخشا-مۇزىكىغا بىزمۇ ھەۋەس قىلغان، لېكىن ھازىرقى زاماننىڭ باللىرى باشقىچە ئىكەن، دەپقالاتتىم.

بىر كۈنى، كېچە سائەت 12 لەردە ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيگە قايتتىم. پىكاپنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېتىۋاتقىنىمدا ئورۇندۇقتا سومكىدەك بىر قارا نەرسە كۆزۈمگە چېلىقتى. دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ قارىسام، ھەقىقەتەنمۇ ئاياللارچە خۇرۇم سومكا ئىكەن. ئىچىدە كىملىك، ھەرخىل كارتا، ھۆججەتلەردىن باشقا ئىككى-ئۈچ مىڭ كويدەك نەق پۇلمۇ بار ئىكەن. شۇ چاغدا يۈرىكىم بىردىنلا دۈپۈلدەپ تېز سوقۇپ، ھەممە قانلىرىم بېشىمغا يىغىلغاندەك بولدى.

ئۆزۈمنى توختىتىپ كىملىكتىكى سۈرەتكە قارىسام، تېخى بايىلا ئۆزۈم ئۇن زاۋۇتى تەرەپكە ئاپىرىپ قويغان چوڭ ياشلىق ئايالغا ئوخشايدىغاندەك كۆرۈندى. كىملىكتىكى ئادرېسىمۇ شۇ تەرەپتە ئىدى. دەرھال پىكاپىمنى ئوت ئالدۇرۇپ، كەلگەن يولۇمغا قاراپ ماڭدىم. ئايال چۈشۈپ قالغان يەرگە كېلىپ، كىملىكتىكى بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرسام، ئايال ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ بىنادىن چىقىپ كەلدى. ئۇمېنى

كۆرۈپ سەل قورققاندەك بولدى. ئارقىدىنلا قولۇمدىكى سومكىنى كۆرۈپ:

– بۇ مېنىڭ سومكامغۇ! خۇداغا شۈكۈر، سومكام بار ئىكەن. ۋاي ئاللا. ئۆيگە كىرىپلا سومكامنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ چۈشكەنىدىم. چۈشكىنىم بىلەن قانداق تاپاتتىم ئۇنى. ھېلىمۇ سىزدەك ئىنساپلىق شوپۇرغا ئۇچراپ قاپتىمەن، رەھمەت بالام! – دەپ سۆزلەپلا كەتتى. سومكىنى ئېچىپ پۇللىرىنىڭ جايىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ، 100كويلۇق پۇلدىن ئىككىنى تەڭلەپ تۇرۇۋالغانىدى، رەھمەت ئېيتىپ ئالغىلى ئۇنىمىدىم. پىكاپىمنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىۋاتقىچە ئۇ ئايالنىڭ «ھېلىمۇ سىزدەك ئىنساپلىق شوپۇرغا ئۇچراپ قاپتىمەن» دېگەن چاغدىكى ھاياجانلىق چىرايى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. بۇ ئىش باشقىلار ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىش ھېسابلىنىشى مۇمكىن، ئەمما مەن ئۈچۈن چوڭ ئىش، ئىنتايىن چوڭ ئىش. ئەتىسى كۈنبويى خۇشھال، روھلۇق يۈردۈم. بۇ ئىشنى دادامغا دەپ بېرىۋېدىم، ئاڭلاۋېتىپ دادامنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

دادام پات-پاتلا: «ئۆيىمىزگە بىر ئايال كىشى كەم. ئايال كىشى يوق ئۆي ئۆيگە ئوخشىمايدۇ»دەپ قاقشاپ قوياتتى. بۇ، دادامنىڭ مېنى تېزرەك ئۆيلىنىشكە دەۋەت قىلغىنى ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتىم. مەن بۇنى ئويلىماي قالاتتىممۇ، ئەلۋەتتە ئويلايمەن. تۇرمىدىكى ۋاقىتلىرىمىزدا ئۆيلەنگەن باللارنىڭ ياكى چوڭلارنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىق توغرىسىدىكى ھەزىل-چاقچاقلىرىنى، ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرلىرىنىمۇ قالدۇرماي سېلىشىدىغان ئەپسانە پاراڭلىرىنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلايتتۇق. ئەمگەككە بېرىپ-كەلگىچە يىراقتىن ئايال جىنايەتچىلەرنى ئۇچرىتىپ قالساق، بوينىمىز قايرىلىپ كەتكۈدەك قارىشىپ: ئاۋۇ ئاقكەن، ماۋۇ قارىكەن، ياكى ئاۋۇ سېمىزكەن، ماۋۇ ئورۇقكەن دەپ ئۆزىمىزچە باھالاپ، ئاۋۇ سائگا لايىقكەن، ماۋۇسى ماڭا، دەپ تالىشىپمۇ كېتەتتۇق. مەن ئاخشاملىرى يېتىپ مەرزىيەنى ئويلايتتىم. مەرزىيە باي ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. بۇ ۋاققىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تويىمۇ قىلىپ بولغاندۇ. مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا ھېچقانداق ھەققىم يوق. ئەمما ئۇ مېنى ئانچە-مۇنچە ئويلاپمۇ قويامدىغاندۇ، ياكى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ دەيدىغان بىر سوئال كونا كېسەلدەك پات-پاتلا پەيدا بولۇپ، يۈرىكىمنى تاتىلايتتى. پىكاپىمنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ يولدا كېتىۋاتقان چىرايلىق قىزلارغا تىكىلىپ قارايتتىم. بىر يەرلىرى مەرزىيەگە ئوخشايدىغان قىزلارنى كۆرسەم ئۆزۈمچە ھولۇقاتتىم. كەچلىرى يوللاردا جۈپ-جۈپ بولۇشۇپ يۈرگەن قىز-يىگىتلەرنى، ياش ئەر-خوتۇنلارنى كۆرسەم باشقىچە ھەۋەسىم كېلەتتى. بەزىدە ماڭا سۈركىلىپ يېقىنلاشماقچى بولىدىغان قىزلارمۇ چىقىپ قالاتتى، ئەمما ئۇنداقلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم.

بىر كۈنى كەچتە «ياشلار» باغچىسى ئەتراپىدىكى كوچىدىن ماشىنامغا بالا يېتىلىۋالغان ياش ئەر-ئايال چىقتى. ئايالغا ئانچە سەپسالمىغانىكەنمەن، پىكاپقا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئېرى بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىغاندا بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتىم. بۇ مەرزىيەنىڭ ئاۋازى ئىدى! ئۇنىڭ بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان ئاۋازىنى بىرەر مىڭ ئادەمنىڭ ئارىسىدىنمۇ پەرقلەندۈرەلىگەن بولاتتىم.

كېيىنمۇ شۇنچىلىك قارىغۇم كەلگەن بولسىمۇ ، قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. پىكاپنىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئەينەكتىن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ چىرايى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قويۇق قارا قاشلىق، كىچىكرەك قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، خېلى كېلىشكەن ئادەم ئىكەن. تۆت ياشلارغا كىرگەن، دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىزى چۈڭچۈلداپ سۆزلەپلا تۇرىدىكەن. مەرزىيە قانداقتۇ بىر ئىشتىن نارازى بولسا كېرەك، قىيىدىغاندەك بىر گەپلەرنى قىلاتتى. ئېرى سوغۇق، ياسىما ئاھاڭدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. ئۇلارنى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردىم. دوختۇرخانا ئالدىدا پىكاپتىن چۈشۈپ بولۇپ، مەرزىيە يانچۇقىدىن يۈز كويلۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ماڭا تەڭلىدى. تەڭلەۋېتىپ كۆزى ماڭا چۈشۈپ بىر پەس قېتىپ قالدى-دە، بوغۇق ئاۋازدا«ۋىيەي!»دەپ تۈۋلىۋەتتى. قولىنى مېيدىسىگە قويغىنىچە قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك يۈگۈرۈپ نېرىغا بېرىپ، ئارقىدىن بارغان ئېرىگە مېنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئاشقان پۇلنى ئالغىلى ئېرى كەلدى. مەن پۇلنى ساناپ بولغىچە ئۇ ماڭا ئاشكارا كەمسىتىش ھەم نەپرەت نەزىرىدە مىختەك تىكىلىپ تۇردى. مانا بۇ مەن ئېسىمدىن چىقىرالماي كەلگەن مەرزىيە ئىدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ، نەچچە كۈنگىچە بوغۇزۇمغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ يۈردۈم. ئەمما ناھايىتى تېزلا ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم. مەرزىيەگە بولغان ھېسسىياتىم تاماكىنىڭ سۇسقىنا ئىسى بىر پەستە تاراپ كەتكەندەك تاراپ كەتتى. مەن ئۈچۈن ھېچقانداق خام خىيالغا ئورۇن يوقلۇقىنى، ھەممە ئىشنى يىڭىۋاشتىن باشلىشىم كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، 2003-يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يىغقان پۇلۇم مۆلچەرىمدىكىدىن خېلى ئاشتى. دادام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چوڭراق بىر ئىش قىلماقچى بولدۇم. ئەمما خېلى بىر مەزگىل كۆڭۈل توختىتالماي دىلغۇل بولۇپ يۈردۈم. دادام: «كىچىكرەك تاللا بازىرىدىن بىرنى ئاچايلى، پۇلۇڭ يەتمىسە مەندىمۇ ئاز-تولا بار»دەيتتى. پىكاپ ھەيدەپ كېتىۋېتىپ قەدەممۇ بىر ئۇچرايدىغان «تاللا بازار»لىرىنى كۆرگىنىمدە ، ئىچىمدە «قانداق بولاركىن؟»دەپقالاتتىم. بولۇپمۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىدىلا چوڭ، ئوتتۇرا ھال «تاللا بازىرى»دىن ئىككى-ئۈچى بار ئىدى. بۇ ئەتراپتا كەم نەرسە تۈزۈكرەك بىر ئاشخانا، ئۇيغۇرچە تاماقلارنى ئېتىدىغان تېز تاماقخانا ئىدى. بولۇپمۇ پولۇ، كاۋاپ، لەغمەن دېگەندەك تاماقلارنىڭ بازىرى ئۆلمەيتتى. گەپ ئاشپەزدە ، تاماق سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىلا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۆيىمىزنىڭ نېرىسىدىكى ئېگىز بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن 70نەچچە كۋادرات مېترلىق ئاشخانىنى ئىجارىگە ئالدىم. ئاستىغا چاقچۇق ياتقۇزۇپ، تاملىرىنى سىرلاپ، پەردە-چىراغ ئورنىتىپ، ئاددىي، پاكىز، كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان تېز تاماقخانىدىن بىرنى تەييار قىلدىم. ئاشپەزنى دادام تېپىپ كەلدى. قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئىشسىز ئولتۇرغان بالىلىرىدىن ئۈچ-تۆتنى كۈتكۈچىلىككە ئالدۇق. ئۇزاق يىللار يالغۇز ياشىغان دادامنىڭ تاماق ئېتىشكە خېلى ئېپى بار ئىدى. ئۇمۇ «چارچاپ قالارسەنمىكىن»دەپ

توسقىنىمغا ئۇنىماي، دەرۋازىۋەنلىكنى تاشلاپ، ئوچاق بېشىغا قاراشماقچى بولدى. دادامدەك بىر ئادەم ئوچاق بېشىدا تۇرسا مەن ئەلۋەتتە خاتىرجەم بولاتتىم. شۇنىڭ بىلەن تاماقخانىمىز تېز يۈرۈشۈپ كەتتى.

سەھەردە ئەتكەنچاي، قويماق، بولاق مانتا چىقىراتتۇق. ئەتراپتىكى ئوقۇشقا، خىزمەتكە ئالدىرايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشخانىمىزدا ناشتا قىلاتتى. چۈش-كەچتە بارلىق تاماقلىرىمىز چىقاتتى. ئاشخانىمىز ئادەمگە لىق تولۇپ، ئورۇن يېتىشمەي قالاتتى، ياز كۈنلىرى ئىشىك ئالدىغا ئۈستەل-ئورۇندۇق تىزىشقا مەجبۇر بولاتتۇق. دادام : «مانتىغا قىيمىنى ئاز سايسەن، كاۋاپنىڭ گۆشى كىچىكلەپ كېتىپتۇ» دەپ ئاشپەز ياكى كاۋاپچى باللار بىلەن پات-پات تەگىشىپ تۇراتتى. «خېرىدار رازى بولسىلا ئىشىمىز يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدۇ، كىچىككىنە پايدىنى دەپ خېرىدارنى ئالدىساق، پايدا ئېلىش تۈگۈل، دەسمايىمىزدىنمۇ قۇرۇق قالىمىز»دېگەن گېپىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، بىزنىڭ بىنانىڭ نېرىقى ئىشىكىدە ئولتۇرىدىغان نىساخان دېگەن ئايال ياشقىنا بىر قىز بالىنى باشلاپ كىردى. ئۇدۇل ئالدىمغا كېلىپ:

- ئۇكام بەختىيار، ماۋۇ سىڭلىم ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ سەل مىجەزى يوق بوپقالغان، ئىشقا ئېپقويغان بولسىڭىز، ئاشخانىدىكى باللار بىلەن ئارىلىشىپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالار ئىدى. ئۆزى قازان بېشىغا بەك پىششىق، قولىنىڭ تەمى بار، قانداق ئىشقا قويسىڭىز بولىۋېرىدۇ، ھازىرچە ھەق بەرمىسىڭىزمۇ مەيلى، - دېدى. يېقىندىن بېرى ئادەم كۆپىيىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا سەل يېتىشەلمەي قېلىۋاتقىنىمىزنى ئويلاپ:

- بولىدۇ، ھەدە، ئىشلەپ تۇرسۇن، - دېدىم. قىزنىڭ ئىسمى گۈلباھار ئىكەن. تۇرقىغا قارىسام بەكلا ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ، ياش قىزلارغا خاس خۇلق-مىجەزدىن ئەسەر يوق. يەرگە قاراپلا تۇرىدۇ. ئەنسىزلىنىپ:

- ھەدە، سىڭلىڭىزدا يۇقۇملۇق كېسەل بولسا بولمايدۇ جۇمۇ !

- دېسەم، ھەدىسى :

- خاتىرجەم بولۇڭ، نېرۋىسى ئاجىزلاپ قالغان، ھازىر ئوڭشىلىپ كەتتى، - دېدى.

- ئەمسە قازان بېشىدا كۆكتات ئادالىشىپ، قاچا يۇيۇشۇپ بەرسۇن، - دېدىم. گۈلباھار ھەدىسىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، قازان بېشى بار ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مەن بۇ كېسەل چىراي قىز بالىنىڭ تېپىلغۇسىز ياردەمچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ، قازان بېشىدا ئۆزى يالغۇز ئىككى-ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. كۈندە كەچتە تازىلىق قىلىپ قازان بېشى، تاماق ئۈستەللىرى ۋە ئىشىك-دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتەتتى. بىر قېتىم ئاشپەز ئۇستام كېلەلمەي قالغاندا، ئۆزى يالغۇز قورۇما-تاماقلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. تېخى ئۇنىڭ «ئۆي لەڭمىنى» شۇ كۈنى ھەممە ئادەمگە تېتىپ كەتتى.

ئاي ئاخىرىدا ئۇنىڭغا باشقا باللاردىن ئاشۇرۇپ 800 كوي ئىش ھەققى بەردىم. ھەدىسى ئالايىتەن كىرىپ رەھمەت ئېيتتى. رەھمەت ئېيتىۋاتقان چېغىدا كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ئۇنىڭ نەقەدەر مىننەتدار بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

- بولدى، ئۇنچىۋالا رەھمەت ئېيتىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، سىڭلىڭىز بەك تىرىشىپ ئىشلەيدىكەن، قارىغاندا ئۇنى ئىشقا بەك پىشىرىۋېتىپسىز، - دېدىم.

دادام گۈلباھارنى ئىشقا ئالغىنىمغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئادەتتە ئۇنىڭدىن سەل ئۆزىنى تارتىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ئۇنى كۆرسە، دادامنىڭ كۆزلىرىدە ئىچ ئاغرىتىش ئارىلاشقان بىر خىل سوغۇقلۇق پەيدا بولاتتى. بۇنىڭدىن مەن ئۇنىڭ بۇ كېسەل چىراي قىز بالىنى ئانچە ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

دادام مېنى ئۆيلىنىشنىڭ تەييارلىقىنى تېزلەتتى. ئۇنىڭغا مەسلىھەت كۆرستىپ، يول باشلايدىغان بىر يۇرتلۇق ئىككى ئاغىنىسى بار ئىدى. ئۇلار ئاشخانا ئىشىكىدە پەيدا بولۇشى بىلەنلا دادام ئالدىراپ-تېنەپ چىقىپ كېتەتتى. ئۈچى بىر بولۇپ بىرىيەرگە بېرىپ قىز كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ماڭا پالانى يەردە مۇنداق بىر قىز بار ئىكەن... دەپ كۆپتۈرۈپ ماختاپ بېرەتتى. ئۇ قىزلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ، قىزلارنىڭ ئۇلار ئېيتقانچىلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىچىمدە: «چوڭلار بىلەن ياشلارنىڭ قىزلارنى باھالىشىدا پەرق بەك زور ئىكەن»دەپ قالاتتىم. ئۇ قىزلارمۇ مېنىڭ ئاشخانام ، پىكاپىم بارلىقىنى، رەڭگىرويىمنىڭ يامان ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قىزىقىپ، بىر مەزگىل كېلىپ-كېتىپ يۈرەتتى. بىر كۈنلەردە «تۈرمىدە يېتىپ چىققانىكەن، يەنە كېلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنىكەن، ئاتا-ئانام قوشۇلمىدى»دەپ ئارىنى ئوچۇق قىلىپ كېتىپ قېلىشاتتى. بۇ ئەھۋال ھەر قېتىم تەكرارلانغاندا دادامغا: «بولدى دادا، ئۆزۈم تاپاي، مېنىڭمۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن بىرەرسى باردۇ. بولمىسا بالىدىن بىرنى بېقىۋېلىپ يالغۇز ئۆتۈپ كېتەرمەن»دەيتتىم. دادام بىچارە چارىسىز بېشىنى قاماللاپ، ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

گۈلباھار ئاشخانىدا ئىشلەپ يۈرۈپ خېلى ئېچىلىپ، رەڭ تۇزۇپ قالدى. بەزىدە ئۇنىڭ ئوچاق بېشىدا ئاق خالات، ئاق پوسما كىيىپ، ماسكا تاقاپ ئىشلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «ئەسلى بىر چىرايلىق قىز بالا ئىكەن، بىچارە. كېسەلدىن شۇنداق بوپقاپتىكەن»دەپ قالاتتىم. ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، ئىش- ھەرىكەتلىرىدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەر بار ئىدى. گېپى ئاز ئەمما ئورۇنلۇق قىلاتتى. باشقىلاردىن پاكىز، ئىدىتلىق ئىدى، قاچا-قۇچىلارنى، قازان بېشىنى ناھايىتى ئەستايىدىل دېزىنفېكسىيە قىلاتتى. تازىلىق قىلغاندا، كۆكتات يۇغاندا قولىغا رېزىنكە پەلەي كىيىۋالاتتى. باشقىلار توڭلاتقۇغا كەلسە-كەلمەس قالايمىقان سېلىپ قويغان نەرسىلەرنى زېرىكمەي رەتلەپ، توڭلاتقۇنى كۈندە تازىلاپ تۇراتتى. بىرچەتتە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىشلىرىغا قىزىقىپ قارىغىم كەلگەنچە ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ماڭا گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان ياكى يۈزمۇ-يۈز ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا چىرايىدا بىر خىل سوغۇقلۇق ئىپادىلىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ئۆزۈمچە: «مېنى تۈرمىدە يېتىپ چىققان دەپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنىغۇ بۇ»دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتە پەرۋاسىز، سوغۇق قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئادەم سەل سېلىككەن چاغدا ئاشخانا ئىشىكى جالاقلاپ ئېچىلىپ، سەل سېمىز، ئاشۇرۇپ گىرىم قىلغان،

قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى. سالىمىمنى ئىلىك ئالماي، ئۇدۇل قازان بېشىغا قاراپ مېڭىشىدىنلا كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيۇپ، ئارقىسىدىن قاراپ تۇردۇم. ئايال ئەينەك ئىشكنى تېپىپ ئېچىپ:

— چىقىشە رەسۋالار، ئوغرىلىقچە كوسورلاشماي گېپىڭ بولسا مانا مېنىڭ ئالدىمدا قىلىش! — دەپ ئېرىنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى. ئارقىدىن گۈلباھارنىڭ بېشىدىكى پوسمىسىنى قاماللاپ ئېلىپ تاشلاپ، ئۇزۇن، قويۇق چاچلىرىنى قولىغا يۆگەپ، سۆرەپ يىقىتقىنىچە ئۇرۇپ كەتتى:

— ھو، رەسۋا جالاپ! داشۆدە ھارامدىن بالا تېپىپ، تۇغقان بالاڭنى دېرىزىدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، تۈرمىدە ئۈچ يىل يېتىپ چىققان بۇزۇۋقۇسەن! ئېتىۋەتسە بولمامدۇ سەندەك قانجۇقنى! ئەرگە قانماي، خەقنىڭ ئېرىنىڭ پېيىگە چۈشتۈڭمۇ ئەمدى، ئۈچ بالامنى يېتىم قىلاي دەمسەن ئەمدى...

داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان سۆزلەرنىڭ دەھشىتىدىن، باغرى تاش، ئازازۇل ئايالنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۈن-تىنسىز پىتىقلىنىۋاتقان گۈلباھارنىڭ بىچارىلىقىدىن، كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان يولسىزلىقتىن ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ، يۈرىكىم بوغۇزىمغا تىقىلىپ تۇرۇپ قالدىم.

كوتكوچى باللار بىلەن نەدىندۇر يۈگۈرۈپ كەلگەن دادام گۈلباھارنى ئايالنىڭ قولىدىن ئاجراتتى. دادام ئۆزىنى باسالماي:

— قانداق خوتۇنسىز، نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز! گۈلباھار بۇيەردە ئىشلەۋاتقاندىن بېرى بىر ئېغىز گەپنى ئارتۇق قىلغىنىنى ئاڭلىمىدۇق. قازان بېشىدا بولغاندىكىن، ئېرىڭىزنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداشتىن باشقا نېمە گەپ قىلاتتى. گەپ-سۆز بولسا بىز قاراپ تۇرامدۇق، نېمىدەپ چاغلاۋاتىسىز بىزنى! — دەپ كايىپ كەتتى.

— ھە، يامان كاتتا ئاشخانا بۇ، ھەرقايسىلىرىدەك كاتتا لاۋبەن يوق بۇ جاھاندا! بىلمەيدۇ دېيىشمىسلە...

ئېرى ئايالنى زورلاپ، تارتىپ ئاچىقىپ كەتمىگەن بولسا يەنە نېمە گەپلەر بولاتتىكىن. بىرەرسى خەۋەر قىلغان بولسا كېرەك، گۈلباھارنىڭ ھەدىسىمۇ چىرايىدا قان قالمىغان ھالدا كىرىپ، يىغلاپ ئولتۇرغان سىڭلىسىنى يۆلەپ چىقىپ كەتتى. جېدەل شۇنىڭ بىلەن بېسىققان بولدى. ئەمما ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەنسىزلىكنى سېلىپ قويدى.

دادامنىڭ كېيىن دەپ بېرىشىچە، گۈلباھارنىڭ ئىشلىرى، تۈرمىدە ئۈچ يىل يېتىپ چىققىنى راست ئىكەن. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان يىلى بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە قېلىپ توي قىلماقچى بولۇپ پۈتۈشكەنىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەن چاغدا يىگىت ئاتا-ئانامدىن رازىلىق ئېلىپ كېلەي، دەپ بىر كەتكەنچە كەلمەپتۇ. گۈلباھار ھەدىسىنىڭ ئۆيىدە يىگىتنى ساقلاپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھامىلدار بوپقالغانلىقىنى بىلىپتۇ. يىگىتنى ئىزدەپ يۇرتقا بارسا ، يىگىت توي قىلىپ بولغانىكەن، ئامالسىز ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەپتۇ. بىراق بۇ ئىشنى ھەدىسىگە دېيىشتىن قورقۇپ، قورسىقىنى تېڭىۋېتىپ، ھەدىسىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ يۈرۈپتۇ.

ئاخىرى بىر كېچىسى تولغاق تۇتۇپتۇ، گۈلباھار ھاجەتخانىنىڭ ئىشكىنى مەھكەم تاقاپ، ئاغزىغا لۆڭگە تىقىۋېلىپ، ئۆزى يالغۇز يەڭگىپتۇ. بالىنىڭ يىغلىمىغانلىقىغا قاراپ ئۆلۈك ئوخشايدۇ دەپتۇ. قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا ھاجەتخانىنىڭ ئىشكى جىددىي چېكىلىپتۇ. گۈلباھار بالىنى ھاجەتخانىنىڭ دېرىزىسىدىن تاشلىۋېتىپتۇ...

— نىساخان ئۇنى باشلاپ كىرگەندىلا ئايىغى ياراشمايدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيغان. بىراق، ئىچىم ئاغرىپ گەپ قىلمىغان. ئەمدى ئاشپەزدىن ئايرىلىپ قالدىغان بولدۇق. ياخشىراق ئاشپەز تېپىپ بولغىچە ئىشلار ئاقساپ قالدىغان بولدى، — دېدى دادام.

مەن بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— گۈلباھار ئاشپەزلىك قىلىۋەرسۇن، ئۆگەنچى باللاردىن بىرنى يېنىغا قوشۇپ بېرەيلى. ئۇ ئىلگىرى ئۇستام كېلەلمەي قالغان چاغلاردا قورۇمىنى ئۇستامدىن ياخشىراق قورىغان، — دېدىم.

ئەتىسى دادام بىلەن سوۋغا-سالام كۆتۈرۈپ نىساخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئاچا-سىڭىل ئىككىسىگە ئۆزرە قويدۇق. گۈلباھار ئاشپەزلىك قىلىشقا ئەستە ماقۇل بولدى. ئاچىسى بىزنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ:

— ھەرقايسىڭلاردىن يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىدى. سىڭلىم بېشىغا كۆن كېلىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنى بىلەن ئەسلىي ناھايىتى نومۇسچان، مىجەزى ئوڭلۇق، پاكىز قىز بالا ئىدى. ئۇ داشۆدىمۇ ناھايىتى ياخشى ئوقىغان. ئۇ تۈرمىگە كىرىپ قالغاندا تۈرمىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئېغىر ئىشقا سالماي ئاشخاندا ئىشلەتكەنىكەن. تاماق ئېتىش، قورۇما قورۇشنى شۇ يەردە ئۆگىنىپتىكەن. باللىرىمىزمۇ ئادەتتە تاماقنى گۈلباھار ئاچام ئەتمىسە يېمەيمىز، دەپ تۇرۇۋالىدۇ، — دېدى.

گۈلباھار بىزنىڭ كۈتكەن يېرىمىزدىن چىقتى ھەتتا كۈتكىنىمىزدىن ئارتۇق چىقتى. مەن ئاشخانىنى دادام بىلەن گۈلباھارغا تاشلاپ بېرىپ يەنە تاكسىنى تېپىۋالدىم. تاكسى ھەيدەپ يۈرۈپ يېشى 30لاردىن ئېشىپ قالغان ھەدىيە ئىسىملىك قىز بىلەن مۇھەببەتلەشتىم. ئۇ مېنىڭ تۈرمىدە يېتىپ چىققانلىقىمنى، ھەممە كەچۈرمىشىمنى ئاڭلاپ مەندىن تانمىدى. ئەكسىچە، سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلىدى. بەزىدە بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشىمۇ ياخشى ئىش ئىكەن. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش داۋامىدا ئىلگىرى ئويلاپ يەتمىگەن نۇرغۇن ئىشنى ھېس قىلىدىكەنسەن، نۇرغۇن ساۋاقنى يەكۈنلەيدىكەنسەن. مەن تاكسى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ يېنىمدا ئولتۇرغان ھەدىيەنى ئۇنتۇپ، ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك ھەممىنى بىر باشتىن سۆزلەپ چىقتىم. تۈرمداشلىرىمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىمۇ سۆزلىدىم. خۇلاسەم شۇ بولدىكى، بۇ ئالەم سەۋەبنىڭ، ئەجىرنىڭ ئالىمى ئىكەن. سەممىي نىيەت بىلەن سەۋەب، ئەجىر قىلساڭ ھەسسىلەپ ئېرىشىدىكەنسەن. سەۋەب، ئەجىر قىلماي ئېرىشمەكچى بولغىنىڭ تۇيۇق يولغا قاراپ قەدەم باسقىنىڭ ئىكەن. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىلىقى ئەنە شۇنچىلىك ئىكەن: بىر قارىساڭ كۆز يەتكۈسىز يىراق، بىر قارىساڭ بىرلا قەدەم. گەپ، ئەنە شۇ بىر قەدەمنى قانداق ئېلىشىڭدا ئىكەن...

يېنىمدا ئولتۇرغان ھەدىيە بۇ مۇلاھىزىلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ،

مەنستىمەسلىك بىلەن:

ـ ئەجەب مۇئەللىممەدەكلا سۆزلەپ كەتتىڭىز. بىر قېرى مۇئەللىممىز بولىدىغان، شۇنداق گەپلەرنى تولا قىلىپ بېشىمىزنى بەك ئاغرىتاتتى، ـ دېدى. ھەدىيە ئەينى يىللاردا مۇرات ئىككىمىز دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈپ قويغان بايلىقتا بەك قىزىقاتتى. «سىز راستىنلا شۇ پۇلنى ئالالمىدىڭىزمۇ؟ پۇلنى مۇرات ئېپكېتىپتىمۇ؟ ئۇنداقتا تېز تاماقخانىنى قانداق ئاچتىڭىز؟» دەپ تەكرار ـ تەكرار سورايتتى.

ـ 14 يىل تۈرمىدە ئىشلىدىم. چىققاندىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز تاكسى ھەيدىدىم. ياز كۈنلىرى ئۈچ ـ تۆت سائەتلا ئۇخلىدىم، بەزىدە تاماقنىمۇ تاكسىدا يېدىم. تاپقان پۇلۇمنى بۇزۇپ ـ چاچمىدىم، ـ دېدىم.

ـ قىزلار بىلەنمۇ ئارىلاشمىدىڭىزمۇ؟

ـ ئارىلاشمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

ئۇ ماڭا ئىشەنمىگەندەك قاراپ قويدى. ئارقىدىنلا ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك:

ـ يەكشەنبە كۈنى تۇغۇلغان كۈنۈم، جۈمە. چوقۇم بېرىڭ، ئاتا ـ ئانامنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى بار، ـ دېدى. سەل تۇرۇۋېلىپ يەنە:

ـ ئاكىلىرىمنىڭ بىرى ھالقا، بىرى ئۈزۈك ئالماقچى، سىز قۇرۇق قول بېرىپ قالماڭ. بولمىسا، بويىنۇمدىكى ماۋۇ مېدالىئوننى بېرىپ تۇراي. بۇغۇ ساختىسى. چاندۇرماي، ماۋۇ مېنىڭ سوۋغام دەپ قويۇپ تۇرامسىز؟ ـ دېدى.

ـ بولدى، ئاۋارە بولماڭ، مەن ئۆزۈم ئېلىپ بارىمەن، ـ دېدىم.

مەن شۇ كۈنلا مەخسۇس زىبۇ ـ زىننەت ساتىدىغان چوڭ بىر دۇكانغا بېرىپ مېدالىئوننىڭ تازا قىممىتىنى ئالدىم. مېدالىئون ئىككى كۈنگىچە قويۇن يانچۇقىمدا ئېغىر بېسىپ تۇردى. يەكشەنبە كۈنى ساقلىمنى ئېلىۋاتقىنىمدا، ھەدىيە بىلەن بولغان ئىشلىرىم شۇنچىلىك مەنىسىز تۇيۇلۇپ كەتتىكى، ساقلىمنى ئېلىپ بولۇپلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. شۇ ياتقانچە ساق تۆت سائەت ئۇخلاپتىمەن. يانفونىمنىڭ چاقىرىشلىرىمۇ مېنى ئويغىتالماپتۇ.

كەچتە ئاشخانىغا بارسام، گۈلباھار ئۆزى يالغۇز ئوچاق بېشىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

ـ بىرەر نەرسە يەمسىز؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئەلۋەتتە يەيمەن. سىزنىڭ تامىقىڭىزنى يېيىش ئۈچۈن باشقا ئاشخانىلارغا كىرمەي ئاتايىتەن كەلدىم، ـ دېدىم.

ئۇ ئۈندىمەي كىرىپ كېتىپ، بىر پەستىلا بىر تەخسە لەڭمەننى تەييار قىلىپ چىقتى. تونۇش، مەززىلىك پۇراق بۇرنۇمغا «گۈيپىدە» پۇراش بىلەن تەڭ، ئىچ سىقىلىش، بىئاراملىقلار يوقاپ، ئىشتىيىم ئېچىلىپلا كەتتى. لەڭمەننى يەۋېتىپ:

ـ گۈلباھار، بىر كۈنلەردە ئاشخانىدىن كېتىپمۇ قالارسىزمۇ؟ سىزمۇ ھامان توي قىلىسىز، شۇ چاغدا ئىشلار قانداق بوپكېتەر... ـ دېدىم.

ـ كېيىنكى ئىشلارنى مەن قانداق بىلەي، ـ دېدى ئۇ.

ـ سىز بۇ ئاشخانىنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ـ ياخشى كۆرسەممۇ ماڭا تەۋە ئەمەستە. مەن دېگەن بىر ئىشلەمچى.

ـ مەن بۇ ئاشخانىنى سىزگە بېرىۋەتسەم ئالامسىز؟

ئۇ ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى. شۇ چاغدا بىر تۇتام قوڭۇر چېچى كۆزىگە چۈشۈۋالغانىدى. ئۇ ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن قۇلىقىنىڭ كەينىگە قىستۇرۇپ قويۇپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قارىدى. ئاشۇ پەيتتە قانداقتۇر بىر خىل سېزىم يۈرىكىمنى تىترەتتى، ھودۇقۇشتىن تىلىم كالۋالىشىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. خېلى تەستە ئۆزۈمنى توختىتىۋېلىپ:

ـ راست دەۋاتىمەن، مەن بۇ ئاشخانىنى سىزگە بېرىۋېتىمەن. لېكىن بىر شەرتى بار، ئىككىمىز توي قىلىمىز، ـ دېدىم.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىنگەندەك بولدى. بىردىنلا قېرى خوتۇندەك مۈكچىيىپ، ئىلگىرىكى ھالىتىگە ـ ئاشخانىغا يېڭى كەلگەن چاغدىكى ھالىتىگە قايتتى.

ـ ماڭا جاۋاب بېرىڭ، گۈلباھار. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنىمىز، بىر ـ بىرىمىزنى كەمسىتمەيمىز. گەرچە مەن سىزدەك ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەن بولساممۇ، ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە تازا لايىق كېلىمىز.

ـ ياق، مەن توي قىلالمايمەن، ـ دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا.

ـ نېمىشقا؟

ـ ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق ئۆتۈپ جازايىمنى تارتىش پېشانەمگە پۈتۈلگەن.

ـ ياق، سىز تارتقۇلۇقنى تارتىپ بولدىڭىز، مەنمۇ شۇنداق. بىزنىڭمۇ بەختلىك ياشاش ھەققىمىز بار.

... ...

مەن ئۇنىڭ ئاجىز، مەيۇس، ناتىۋان تۇرقىغا قاراپ، ئۇنىڭ تاغدەك ئېغىر غەمنى يالغۇز يۇدۇپ توققۇز ئاي ياشىغانلىقىنى، .ھاجەتخانىدا ئاغزىغا لۆڭگە تىقىۋېلىپ ئۆزى يالغۇز يەڭگەنلىكىنى... يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىنى تۇتۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قورقۇپ تۇرغان ھالىتىنى... كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىچىم ئاغرىدىكى، كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى، بېشىمنى چاڭگاللاپ، كۆز يېشىمنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشتىم. ياشلىرىم ئېقىپ بولغاندا، بوغۇزىمغا كەپلىشىپ تۇرغان پىغان سەل پەسەيدى.

ـ ئەسلىي جازانى سىز ئەمەس، سىزنى مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار قىلغان ئادەم تارتىشى كېرەك ئىدىغۇ. ئۇ قايەردە؟ جەمئىيەتتە بالىلىرىنى ئوغرىلىقچە ئالدۇرۇۋېتىپ، يەنىلا ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك سانىلىپ يۈرگەن قىزلار ئازمۇ. بىراق سىز كەمبەغەل ئوقۇغۇچى بولغانلىقىڭىز، پۇلىڭىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، بەك ساددا، ئىش كۆرمىگەن بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن بالىڭىزنى ئالدۇرۇۋېتەلمىدىڭىز. جەمئىيەتنىڭ بېسىمىدىن، ھاياتىڭىز، ئىستىقبالىڭىز ۋە نام ـ ئابرۇيىڭىزنىڭ نابۇت بولۇشىدىن قورقتىڭىز. نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىنى بۇ رەھىمسىز دۇنياغا سىغدۇرۇپ كېتىشكە كۆزىڭىز يەتمىدى. ئەگەر جەمئىيەت، ئادەملەر سىزگە بۇقەدەر رەھىمسىزلىك قىلمىغان بولسا، شۇ ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ باققان بولسا... سىز بەلكىم بۇ يولغا ماڭمىغان بولاتتىڭىز. جىنايەتنى

قانداقلارچە سىزگىلا دۈگىدەپ قويغىلى بولسۇن، ــ دېدىم.

ــ بۇنىڭغا ئامال يوق. ئادەملەر رەھىمسىز. ھەتتا ئاتا-ئانىلارمۇ شۇنچىلىك رەھىمسىز. ئۇلار ئايال كىشى ئاجىز، دېيىشىدىيۇ، ھامان ئاياللارنى جازالايدۇ. ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ئەرنى نېمىشكىدۇر ئەركىشى، ئوغۇلبالا دېگەن شۇنداق، دەپ ئۇلارنى ئاقلايدۇ، تېخى. راست گەپنى قىلسام، مەنمۇ ئەسلىدە نىكاھسىز تۇغۇلغانىكەنمەن. ئاپام نومۇس، ئىزا-ئاھانەتكە چىدىماي ئۆلۈۋالغانىكەن. ئۆيدىكىلەر ــ چوڭ ئانام، چوڭ دادام، تۇغقانلىرىم مېنى ھەممە بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبچىسى، دەپ قارايتتى. مېنى ھەمىشە ئۇرۇپ، تىللايتتى، ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتى. مەن سەككىز ياشقا كىرگىچە ئۇلار مېنى قازناققا سولاپ باقتى. مەن كۈنبويى قاراڭغۇ قازناقتا ئولتۇراتتىم، پەقەت قاراڭغۇ چۈشكەندىلا قازناقتىن چىقىپ، ھويلىغا، تالا-تۈزگە چىقالايتتىم. مەن سەككىز ياشقا كىرگەندە مەكتەپنىڭ بىر مۇئەللىمى مېنىڭ ئىشىمدىن خەۋەر تېپىپ، ئادەم باشلاپ كېلىپ قازناقنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ مېنى مەكتەپكە ئېلىپ باردى. ئۆيدىكىلەر يۈزىمىزنى تۆكتى، دەپ ماڭا تېخىمۇ ئۆچ بوپكەتتى. بىراق مەن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ كەتتىم. ئالىي مەكتەپكىمۇ ۋىلايەت بويىچە يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتكەن... مەن كېيىن ئۆزۈمنىڭمۇ ئاپامنىڭ يولىدىن مېڭىپ قالىدىغانلىقىمنى زادىلا ئويلىمىغان. بىراق بەزى ئىشلار قىسمەتكە پۈتۈلۈپ كېتىدىكەن. ئاشۇ كېچىسى مەن ئاشۇ بىر پارچە يۇمران گۆشنى قولۇمدا تۇتۇپ تۇرغاندا قاراڭغۇ قازناق ئىچىدە، تىل-ھاقارەت، كەمسىتىلىش ئىچىدە ئۆتكەن بالىلىق دەۋرىمنى ئويلىدىم...

ــ سىز بۇ ئالەمدە تارتىدىغان ھەممە ئازاب-ئوقۇبەتنى تارتىپ بوپسىز. ئەمدى ئۆزىڭىزنى قىيناۋەرمەڭ. بېشىڭىزنى تىك تۇتۇپ ياشاڭ، ھايات ھەممىدىن قىممەتلىك.

ئۇ ئېتىقادى يولىدا ئۆلۈمدىنمۇ يانمايدىغان زاھىتلاردەك تەمكىن ئىپادىدە يەنە بىر قېتىم:

ــ مەن توي قىلمايمەن، ــ دېدى.

مەن قويۇن يانچۇقىمدىن مېدالىئوننى چىقىرىپ:

ــ سىز ئاشخانىمىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتىسىز. راستىمنى ئېيتسام، سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن. بۇ ئاددىي سوۋغا، بۇنى قوبۇل قىلىڭ، قولۇمنى قايتۇرماڭ، ــ دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. قىلغان ئىشىمدىن بىر-ئىككى كۈنگىچە خۇشھال بولۇپ يۈردۈم. بىراق، بىر كۈنى ئاخشىمى سومكامدىن بىر نەرسە ئاختۇرۇۋېتىپ، مېدالىئوننىڭ سومكامدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ لاسسىدە بوپقالدىم. كاللامغا: ئۇ بەلكىم ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ھېلىقى ۋاپاسىز يىگىتكە تارتىشىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن پەرەز كەلدى. دېمىسىمۇ، بۇ دۇنيادا ئىشلار شۇنداق تەتۈر. قوغلىغاندىن قاچ، قاچقاننى قوغلا دېگەندەك، ئادەملەر ھامان ۋاپاسىزنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدۇ، بولۇپمۇ ئاياللار.

ئىككى كۈن قاتتىق ئويلىنىپ، مەنمۇ قاچقاننى قوغلاپ باقاي، دېگەن نىيەتكە كەلدىم. ئادەملەرنىڭ ماھىيىتى تاشقى قىياپىتىدەك بولۇشى ناتايىن، گۈلباھارنى رەھىمسىز تۇرمۇش مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. مەن مېھىر-مۇھەببىتىم، سەممىي-ساداقىتىم بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى مۇزنى ئېرىتمەي قويمايمەن...

34 ياشقا كىرگەن كۈنۈمنى تاكسىدا ئۆتكۈزدۈم. مەن تاكسى ھەيدەشنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن. كەڭ-ئازادە يوللاردا ئۇچقاندەك تېز سۈرئەتنىڭ، يان-يېنىمدىن سىيپاپ ئۆتۈۋاتقان سالقىن شامالنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ، ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان ناخشا-مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرغىنىمدا ئۆزۈمنى خۇددى قانات چىقارغاندەك سېزىمەن. ۋاقتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى، قورسىقىم ئېچىپ، ئۇچەيلىرىمنىڭ تارتىشىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالىمەن.

شۇ كۈنى كەچتە ھېرىپ-ئېچىپ ئاشخانىغا قايتىپ كەلسەم، شاگىرت بالىلاردىن بىرى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

ــ بەختىيار ئاكا، سىزنى بىر كىشى ئىزدەپ كەپتىكەن، كۆرۈشمىسەم بولمايدىغان زۆرۈر ئىشىم بار، دەپ ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، ــ دېدى. ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، تۆر تەرەپتە ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرغان قاتما، ئېگىز بوي، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان سالاپەتلىك ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى. شۇنچىلىك يوچۇن، سىرلىق بۇ ئادەمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى تونۇشتەك بىلىنەتتى. يۈز-كۆزۈمنى سوغۇق لۆڭگىدە سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ ئورنىدىن تۇرمايلا:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سالامەت تۇردۇڭمۇ دوستۇم، سېنى بۇھالدا كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشھال بولدۇم، ــ دېدى. تەلەپپۇزىغا سەل-پەل چەت ئەل پۇرىقى سىڭگەن بولسىمۇ، ئىنتايىن تونۇش بۇ ئاۋاز مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، يۈرىكىمنى جىغىلداتتى. ئۇ، مۇرات ئىدى.

ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئۇلجىسىغا ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان بۈركۈتنىڭكىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرى قارامتۇل كۆزەينەك ئارقىسىدىن ماڭا قاتتىق تىكىلگەنىدى .

ــ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، بۇرادەر، ئۆزۈڭ ساق-سالامەت كەلدىڭمۇ؟ ئۆزۈڭنى نەدىن سورايمىز، ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ ياكى يەردىن؟ ــ دەپ مەنمۇ سالىمىغا جاۋاب قايتۇردۇم. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام»دەپتىكەن، دەپ تاماق، كاۋاپ، قورۇما بۇيرۇتتۇم. ئىككىمىز غىزالانغاچ ئالدىرىماي تاغدىن-باغدىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردۇق. تېزلا قاراڭغۇ چۈشۈپ ئاشخانىدا ئادەم شالاڭلىدى، شاگىرت بالىلار ئىشتىن چۈشۈپ قايتىشتى. پەقەت گۈلباھارلا چاي دەملەپ بەرگەچ، يەنە بىرەر تاپشۇرۇق بارمىكىن، دەپ قازان بېشىدا ساقلاپ ئولتۇراتتى.

ــ مەن كەلگىلى بىر ھەپتە بولدى. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ۋەيران بوپكېتىپتۇ، ئاغىنە. بەلكىم بۇ بىر تارتقۇلۇقتۇ. تەقدىرگە نېمە ئامال... كېلىپلا سېنى ئىزدىدىم. بەزىلەر سىنى تۈرمىدە، دېيىشتى. بەزىلەر قايتىپ چىقتى، دېدى. ئاخىرى بۇيەرنى ئىزدەپ تاپتىم. كۆزىتىشىمچە، ئىشلىرىڭ ئوبدان يۈرۈشۈپتىپتۇ. راسا قولى تاتلىق، ۋاپادار ئايالغا ئېرىشىپسەن، مۇبارەك بولسۇن، ــ دېدى.

ــ رەھمەت تەرىپىڭگە، ــ دەپ كۈلۈپ قويدۇم، ــ ئۆزۈڭچۇ؟ بالا-چاقىلىق بوپكەتكەنسەن؟

ــ بىر بالام بار. ئايالىم بىلەن تازا ئەپ ئەمەس. ئۇ تەرەپنىڭ ئادەملىرى بىزگە ئوخشىمايدۇ، دوستۇم، ــ دەپ ئۇلۇغ-كىچىك

تىندى.

ـ ئۆزۈڭ سالامەت تۇرۇپسەن، ئون نەچچە يىلدىن كېيىن مانا مۇشۇنداق دىدارلىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز، مۇشۇنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش، ـ دېدىم.

مۇرات بىردەم جىم ئولتۇرۇپ كېتىپ ئېغىز ئاچتى:

ـ سەنمۇ پەرەز قىلغانسەن، ھېلىقى پۇلنى مەن ئېپكەتكەنىدىم. ئىچكىرىدە، دېڭىز بويلىرىدا شۇ پۇل بىلەن بىر مەزگىل ئوقەت قىلدىم. ئوقىتىم ئاقماي، جېنىمنى ئېلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتتىم. ئۇيەر ـ بۇيەردە قاڭقىپ يۈرۈپ، ئاخىرى جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرۇپ قالدىم. شۇ يەردە بىر يۇرتلۇقىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ئون يىل تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىگىلىك تىكلەپ ئاز ـ تولا پۇل تاپتىم. راستىمنى ئېيتسام، بۇ يىللاردا مەن سېنى زادى ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم. سېنى تۇرمىگە تاشلاپ كەتكىنىم ئۈچۈن ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلالمىدىم. مانا ئاخىرى قەرزىمنى قايتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدىن خۇشالمەن. مەن بۇ قېتىم مەخسۇس مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا كەلگەن. مانا بۇ سېنىڭ ھەققىڭ، ئۆسۈمى بىلەن قايتۇردۇم، ـ دەپ، كىچىك بىر قارا چامادانىنى ئالدىمغا قويۇپ، سىيرتمىسنى ئېچىپ ئىچىدىكى پۇلنى كۆرسەتتى.

ئىككىمىز يەنە بىر پەس جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئۇ مەندىن بىرەر سادا كۈتۈپ، ماڭا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. شۇنچىۋالا پۇلنى كۆرۈپ يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتمىگىنىگە، ھاياجاندىن ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويمىغىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم. خېلىدىن كېيىن ئېغىز ئاچتىم:

ـ بۇرادەر، سەن ماڭا قەرزدار ئەمەس، بۇ مېنىڭ پۇلۇممۇ ئەمەس. مەن بىر قېتىم ئازغان، لېكىن جىنايىتىمگە يارىشا جازايىمنى تارتىپ بولدۇم. مەن ئۆزۈمگە تەۋە بولمىغان بۇ پۇل ئۈچۈن بەك ئېغىر بەدەل تۆلىدىم. ھەممىدىن ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيدىغىنىم ـ مەن ئاپامنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدۇم. مەن بۇ پۇلغا قولۇمنى تەگكۈزسەم رەھمەتلىك ئاپامنىڭ روھى قورۇنىدۇ. ياشىنىپ قالغان دادامنى رەنجىتمەن. ئەڭ مۇھىمى ئۆز ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلمەيمەن. شۇڭا بۇ پۇلنى قوبۇل قىلالمايمەن. سەن بولساڭ چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتىسەن. يەككە ـ يېگانە ئىگىلىك تىكلەپ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتىسەن، بۇ پۇلنى ئۆزۈڭ ئىشلەت. مېنىڭ ھېچقانداق دەۋايىم يوق، ـ دېدىم. كېيىنكى ئىشلار ناھايىتى قىزىق بولدى. ئۇ مېنى تەنە قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ تۇرمىدە 20 يىل يېتىشقا ، ھەتتا ئېتىنىپ كېتىشكە لايىق ئادەمنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ئۆز ھاياتىنى قۇتۇلدۇرغان ياخشىلىقىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ پۇلنى قوبۇل قىلىشىمنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈندى، ھەتتا كۆز يېشىمۇ قىلدى. ئاخىرى ئۈمىدسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

مەن ئۇنى چۈشكەن يېرىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ، چامادانىنى جايلاشتۇرۇپ بەردىم. خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇ مېنى قۇچاقلاپ يەنە بىر قېتىم كۆز يېشى قىلدى. مېنىڭمۇ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. ئۇ ۋاقىتتىدا سىنىپتا ھېچكىم كىيەلمەيدىغان كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان، مودا ئايىغىنى پارقىرىتىپ قىزلارغا كۆز ـ كۆز قىلىدىغان لاپچى مۇرات كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك بولدى. ئىككىمىز ئاشۇ بارسا ـ كەلمەس يولغا ماڭمىغان بولساق، بەلكىم بىزمۇ باشقا تەڭتۇشلىرىمىزدەك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ بىرەر ئىدارىغا ئورۇنلىشىپ، ئاستا ـ ئاستا قورساق سېلىپ، تىنچ، بىر خىلدا تۇرمۇش كەچۈرگەن بولاتتۇق ـ ھە، دەپ ئويلىدىم.

كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ، يىللارمۇ ئۆرۈلدى. ھەركۈنى تاكسىنىڭ كىچىك ئەينىكىگە قاراپ، چاچلىرىمنى تاراۋاتقاندا چېكە چاچلىرىمنىڭ ئوبدانلا شالاڭلاپ، پېشانەمدە قورۇقلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. «قېرى يىگىتمۇ بوپقالدۇق مانا» دەپ ئۆزۈمچە كۈلۈپمۇ قويىمەن. ئامال قانچە، بىز ياراتقان قىزلار بىزنى ياراتمىسا. مۇشۇ كۈنلەردە گۈلباھارغا بارغانسېرى چىڭراق باغلىنىپ قېلىۋاتاتتىم. ئىككىمىزنىڭ ئىشنى ئاشخانىدىكى شاگىرت بالىلارلا ئەمەس، دادام بىلەن نىساخان ھەدىمۇ بىلىپ بولغانىدى. دادام باشتا سەل نارازى بولۇپ، كېيىن رايىمغا قويۇپ بەردى. شۇغىنىسى گۈلباھارنىڭ يۈرىكىدىكى مۇز تېخىچە ئېرىمەيۋاتاتتى. پەقەت ئېرىمەيدى، دېسەممۇ بولماس، مەن ھەممىلا يەردىن، ھەممىلا ئىشتىن ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، كۆيۈنۈشىنى سېزىپ تۇرغاندەك بولاتتىم، ئەمما...

2005 ـ يىلى يازدا يارمۇھەممەت ئارقا ـ ئارقىدىن خەت يېزىپ، تېلېفون قىلىپ، بۇياقلارغىمۇ كېلىپ بىر ئويناپ كەتسەڭ، دەپ يۇرتىغا تەكلىپ قىلدى. گۈلباھارنىڭ دەردىدە پىغانىم ئۆرلەپ تۇرغان بىر كۈنى ، دادام بىلەن خوشلىشىپ غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتىم. بىر كېچە مېڭىپ تاڭ سەھەردە تەلكە تاغلىرىغا كەلگەندە مۇگدەشلىرىم ئاللىقايەرلەرگە ئۇچۇپ، كۆزلىرىم يوغان ئېچىلىپ كەتتى. خۇددى جىمى ئالەمنىڭ گۈزەللىكى يىغىلغاندەك كۆركەم، ھەيۋەتلىك تاغلار، قاتمۇ ـ قات ، ھەددى ـ ھېسابسىز رەڭدار مەنزىرىلەر ، ھېلىلا چوڭقۇر جىرالاردا تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ يۈرسە، بىردەمدىلا خىيالىي كۆرۈنۈشتەك كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولۇپ، جىمىرلاپ ئاقىدىغان تاغ سۇلىرى... مېنى ئۆزىگە تارتىۋالدى. قۇلاق تۈۋىمدە يارمۇھەممەت ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئېيتىدىغان ئىلى ناخشىلىرى باشقىدىن ياڭرىغاندەك بولۇپ، «شۇنچە مۇڭلىنىپ، يۇرتنى شۇنچىۋالا ئۇلۇغلاپ، سېغىنىپ كېتىشلىرى بىكار ئەمەسكەن» دەپقالدىم. پىكاپىمنى توختىتىپ خۇددى كىچىك بالىدەك گاھ يانباغىردا ئېچىلغان تاغ گۈللىرىدىن ئۈزۈپ كەلسەم، گاھ ئايىغىمنى سېلىپ، پۇشقىقىمنى تۇرۇۋېتىپ سۇ كېچىپ ئوينىدىم. يېنىمدا گۈلباھارمۇ بىللە بولغان بولسا، ئىككىمىز خالىغان يەردە توختاپ، ئاز ئۇچرايدىغان بۇ گۈزەللىكلەرنى قانغۇچە تاماشا قىلغان بولساق ـ ھە. خەير، كېيىنچە مەن قاراڭغۇ قازناق ئىچىدە چوڭ بولغان ئۇ بىچارە قىزنى چوقۇم بۇ يەرگە ئەكەلمەي قويمايمەن، دەپ ئويلىدىم.

پىكاپىمنى ھەيدەپ تاغلار ئارىسىدا كېتىۋاتىمەن. گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا، تۇرۇپلا ئارقىغا قارايمەن. تاغلار بىر ـ بىرىگە ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما دىققەت قىلساڭ ھەر بىرىسىدە بىر مەنزىرە. زوقلىنىپ ھارمايسەن، كۆيلەپ ھارمايسەن.

. ئەنە شۇنداق مەستخۇشلۇق ئىلكىدە كېتىۋېتىپ، بىر ئىگىمگە كەلگەندە باش ئۈستۈمدىن يوغان، قارا بىر نەرسىنىڭ باستۇرۇپ كەلگىنى، ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، يەر يېرىلغاندەك گۇلدۇرلىگەن سادا ئىچىدە پىرقىراپ، يۇلقۇنۇپ بىر چوڭقۇرلۇققا غۇلاپ كېتىۋاتقىنىم ئېسىمدە. ئەنە شۇ كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇقتا ياتىمەن، كۆزۈمنى ئاچالمايمەن، مىدىرلىيالمايمەن، سۆزلىيەلمەيمەن. بەزىدە ئەتراپىمدا كىملەرنىڭدۇر گەپ-سۆزلىرى، يىغىسى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئارقىدىنلا ئاشۇ دەھشەتلىك چۇش يەنە تەكرارلىنىدۇ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر يېرىلغاندەك گۇلدۇرلەش ئىچىدە قاراڭغۇ چوڭقۇرلۇققا قاراپ غۇلايمەن... بىر قېتىم، تەلكە تاغلىرىنىڭ ئۈستىدىن يوغان، ئاپئاق بىر قۇش ئۇچۇپ كەپتۇدەك، مەن ئۇنى ئاپام دېگۈدەكمەن. ئۇ مېنى قاناتلىرى ئۈستىگە ئېلىپ يەر ئۈستىگە، ماشىنامنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ قويۇپ غايىب بوپكېتىپتۇدەك. «ئاپا، ئاپا!» دەپ تۇۋلاپ كېتىپتىمەن. ئۆز ئاۋازىمدىن چۆچۈپ كۆزلىرىمنى ئاچسام، دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن، ئەتراپىمدا دوختۇر- سېسترالار، دادام... كۆزلىرى ياش يۇقى گۈلباھارتۇرىدۇ. «ئۇ نېمە ئۈچۈن يىغلىغاندۇ، ئۇنى كىم يىغلاتقاندۇ...» دەپ ئويلىدىم. ئۇلار كۈلۈمسىرىشىپ بىر-بىرىگە قاراشتى. ئاستا ئېڭىشىپ مەندىن بىرنېمىلەرنى سورىدى. جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ ھەرقانچە كۈچىسەممۇ تىلىمنى، لەۋلىرىمنى مىدىرلىتالمىدىم. پەقەتلا كۆزۈمدىن ئاچچىق ياش سىرغىپ چىقتى. گۈلباھار ئاستا كېلىپ ئاپئاق، يۇمشاق لۆڭگە بىلەن كۆزۈمنى سۈرتتى. ئەتراپىمدا تۇرغانلار بىر-بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى، ئىككىمىزلا قالدۇق... مەن ئۇنىڭمۇ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا تەقەززالىق بىلەن قارىدىم. ئۇ، قولۇمنى يۇمشاق قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ كۆزىگە، لەۋلىرىگە تەگكۈزدى. ئارقىدىن يۈزۈمگە يېقىن ئېڭىشىپ، چاچلىرى بىلەن بوينۇمنى غىدىقلاپ، چوغدەك لەۋلىرىنى قۇلىقىمغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ:

— مەن سىز بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدۇم، — دېدى.

مەن «ياق، بولمايدۇ!» دېگەن مەنىدە بېشىمنى چايقىدىم. مەن ئۇنىڭغا يۈك بوپقېلىشنى خالىمايتتىم. ئۇ بەختلىك ياشىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ، دومسىيىپ تەتۈر قارىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن يەنە يېنىمغا كېلىپ، ھەييارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ:

— سىز رازى بولسىڭىزمۇ، بولمىسىڭىزمۇ، سىز بىلەن توي قىلغىنىم قىلغان، — دېدى.

ئالتە ئايدىن كېيىن قولتۇق تاياق بىلەن ماڭغىدەك بولغان ۋاقتىمدا ئىككىمىز راستىنلا توي قىلدۇق. يارمۇھەممەت غۇلجىدىن كېلىپ تويىمىزغا قاتناشتى، بىزگە بەخت تىلىدى. دوختۇرلار مېنىڭ ساقىيىپ كېتىشىمنى بىر مۆجىزە، دېيىشتى. بۇ مۆجىزىنى گۈلباھار ياراتقانىدى. ئەسلىي مەن ھوشۇمغا كېلىشتىن بۇرۇن دوختۇرلار مېنى ئۆمۈرلۈك پالەچ بوپقالىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان بولۇپ، گۈلباھار شۇچاغدا مەن بىلەن توي قىلىپ، مېنى ئۆمۈرۋايەت باقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىكەن.

بۇ ئالتە ئاي ئىچىدە بىز ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدۇق. ماشىنام بولسا چوڭقۇر جىرادا پاچاق-پاچاق بولۇپ ياتىدۇ. ئەمما مەن تېخىمۇ قىممەتلىك بايلىققا — قازناق ئىچىدە چوڭ بولغان ئاجايىپ بىر ئايالغا ئېرىشتىم. ئۇلا مېنىڭ يېنىمدا بولسا، مەن ھەرقانداق جاپانى يېڭىپ كېتەلەيمەن. تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىپ ياخشى كۆرگەن ئايالىم، كەلگۈسىدىكى باللىرىم ئۈچۈن بەختلىك تۇرمۇش يارىتالايمەن.


بىر كۈنى ئاخشىمى ئايالىم قۇلىقىمغا پىچىرلاپ:

— بۈگۈن دوختۇرخانىغا بارغانتىم... بويۇمدا قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى. مەن خۇشاللىقىمدىن ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتىم. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ئېسىل خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. شۇ ئاخشىمىدىن تارتىپ مەن تۇغۇلمىغان بالام ئۈچۈن ئۆز ھېكايەمنى يېزىشقا كىرىشتىم. بېشىمدىن ئۆتكەن ياخشى-يامان ئىشلارنى، ئەسرات، ئوي-پىكىرلىرىمنى، گۈلباھارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، ھەممىنى، ھەممىنى يازماقچى بولدۇم...

2006- يىل 20- دېكابىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى(M1)

ئاپتورنىڭ تەلىپى، تەھرىراتىمىزنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئەدلىيە نۇقتىسىدىن كۆرۈپ چىققۇچى: ئىبراھىم ئەمەت(يېتىلىۋاتقان ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىسى، ش ئۇ ئا ر تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى تۈرمە ئىچىدە تەھقىقلەش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)



# ئائىلە ۋە قىممەت

**ھۆرنىسا مامۇت گۇلتېكىن**

ئائىلە كۆپ قاتلاملىق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆز. سۆزنىڭ ئۆزى كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولغانىكەن، ئۇنداقتا بۇ سۆز ئاشۇ كۆپ قاتلاملىق مەنىنى شەكىللەندۈرىدىغان كونكرېت جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. «خوتۇن(ئائىلە) ئۇلۇغ سۆز، ئۇنىڭدا قىزلىق نازاكىتى، دوستلۇق شەيدالىقى، ئانىلىق جاسارىتى مۇجەسسەم» دەيدۇ رۇس شائىرى نېكراسوف تولىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ. نېكراسوفنىڭ بۇ ھېكمىتىدە «ئائىلە» ئۇقۇمىنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەنىسى ئىخچام ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدە ئەزەلدىن جىنس ئايرىمىسىغا ئەھمىيەت بېرىپ كېلىنگەن. بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخ جەريانىدا، ئۇيغۇرلاردا جىنس ئايرىمىسىنى تەكىتلەش دىنىي ئېتىقاد مەزمۇنىدىن ھالقىپ بىر خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئايلانغان. گەرچە يىراق ئېپتىدائىي جەمئىيەتتىن تارتىپ ئەر ـ ئايالنىڭ جىنس جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن ئىش تەقسىماتى ئوخشىمىغان بولسىمۇ، ئەينى چاغدا بۇ پەقەت نوقۇل جىسمانىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى ۋە بالا بېقىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەم ئەر ـ ئايال جىنسىنىڭ ئوخشىمىغان ماسلىشىش ئىقتىدارىنى چىقىش قىلغان. ئىنسانىيەت بىلىش دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياج قاتلىمىدىمۇ روشەن تەرەققىيات بارلىققا كەلگەن. يەنى ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجى ماس ھالدىكى مەنىۋى ئېھتىياجنى تەلەپ قىلغان. ئىنسان پىسخىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ،ئىنسانلاردا ھۆرمەتلىنىش ئېھتىياجى تۇغۇلغان. ياشاش مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ئوخشىمىغان قەدىر ـ قىممەت چۈشەنچىسىنى روياپقا چىقارغان. يەنى، قەدىمكى مىللەتلەردە ئاياللارنى ئۆز قەبىلىسى ياكى ئۇرۇقىنىڭ غۇرۇرى، ئىززەت ـ نەپسىگە باغلاپ چۈشىنىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. چۈنكى، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق مەزگىلدە ئاياللار ئەرلەرنىڭ شەخسىي مۈلكى دەپ قارىلاتتى. ئايالدىن ئىبارەت مۈلۈكنى يات قەبىلىلەرگە تارتقۇزۇپ قويۇش بىر قەبىلىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى، ئىززەت ـ نەپسىگە بېرىپ تاقىلاتتى. شۇڭلاشقا ئەرلەر جەڭدە قەھرىمانلىق كۆرسىتەتتى.

## ئائىللىق قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت

قەھرىمانلىق ئالقىشلىناتتى. شۇنداق قاراشلار نەتىجىسىدە ئەر-ئاياللارغا قويۇلىدىغان سۈپەت ۋە ھەرىكەت تەلىپىدە كەسكىن پەرق ۋە پەرھىز-چەكلىمىلەر بارلىققا كەلگەن. ئەر ۋە ئاياللىق سۈپەتكە قويۇلغان ھەرتەرەپلىمە ئۆلچەم-مىزانلار ئۇلارنىڭ قىممىتىنى شەكىللەندۈرۈدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئامىل بوپقالغان. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەردە بۇ خىل قىممەت ئۆلچىمى ئوخشىمىغان تەرزدە ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلى بەزى ئوخشىماسلىقلار بولسىمۇ، ئىنسانىي قىممەتنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى ئۆزگەرمەيدۇ. ھەربىر دەۋردە كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، خۇددى سۇ يۈزىدىكى دولقۇنلار بىر مەركەزدىن كېڭەيگەنگە ئوخشاش، ئىنسانىي قىممەت چۈشەنچىسى يەنىلا نېگىزلىك مەزمۇن ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ ۋە دەۋرگە خاس بولغان دەۋرىي تۈسكە ئىگە بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەيلى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە ياكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى خان-پادىشاھلار دەۋرىدە بولسۇن، ئاياللار ئۇرۇق-قەبىلە ياكى شەخسلەرنىڭ شەخسىي مۈلكى دەپ قارىلىشتىن خالىي بولالمىغان. ئەينى دەۋرلەردە ئاياللارنىڭ جىسمانىي سۈپىتى ۋەزنىلىك قىممەتكە ئىگە ئىدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى، ئورنى بارغانسېرى روشەنلىشىپ، ئاياللىق قىممەتنىڭ مەزمۇنى كېڭىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان قىممەت قارىشىنى چىقىش قىلغان ھالدا مىللىي تۇرمۇش خاسلىقىنى شەكىللەندۈرىدىغان تۈرلۈك مىللىي ئادەت ۋە يوسۇن بارلىققا كەلدى. بۇنداق تۇرمۇش شەكلى بىر تەرەپتىن شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىنك كۆرۈنۈشى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر مىللەتنىڭ مىليونلىغان ئەۋلادىنى تەربىيىلەيدىغان ئائىلە ۋە جامائەتچىلىك مەكتىپى ئىدى . بۇ«مەكتەپ»نىڭ گەرچە مۇقىم ۋە سىستېمىلىق تۈزۈلگەن دەرسلىكى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ شۇ مىللەت تۇرمۇشىنىڭ بارلىق ئىنچىكە ھالقىسىغا سىڭىشىپ، ئاللىقاچان كونكرېت ۋە ئۈنۈملۈك بىر جەريانغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى. ئۆزىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇيغۇرلاردا ئائىلە تەربىيىسى گەرچە سىستېمىلاشقان رىسالە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل تەربىيە ئاللىبۇرۇن ئائىلىنىڭ بارلىق پائالىيەت جەريانى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. بولۇپمۇ قىز-ئايالارغا قارىتىلغان تەربىيە ئائىلىدە سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. يەنى ئائىلىدىكى ھەرىكەت نىزامى، پائالىيەت تەرتىپى، تۈرلۈك چەكلىمە ۋە پەرھىز، نەسىھەت ۋە ئۈگۈتلەر ئارقىلىق ئىجتىمائىي قىممەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىملەر ۋە ھەرىكەت مىزانى قىزلارغا تەبىئىي رەۋىشتە يەتكۈزۈلەتتى. شۇنداقلا ئۇلار ئائىلىدە مەشىقلەندۈرۈلەتتى. كېيىنىش، تارىنىش، ئۆزئارا مۇئامىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئەنئەنە ۋە ئەخلاق يادرو قىلىناتتى. كۆچلۈك ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان ھېيىقىش ۋە ۋەھىمە تۇيغۇسى ئۇلارنى ھەرىكەت جەھەتتە چەكلەپ تۇراتتى. ئەخلاق زور چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى، شۇنداقلا بىر ئىلىم سۈپىتىدە ئاياللىق سۈپەتنىڭ مۇھىم تەركىبى ھېسابلىناتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەخلاق بىر ئىلىم بولۇپ، ئىنسان قىممىتى ئەخلاق ئىلمى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئەمما ئەقلىي بىلىشتىن ئايرىلغان ئەخلاق ھەقىقىي مەنىدىكى ئەخلاق بولماستىن، بەلكى بىر خىل تەقلىدىي جەريانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. «بىلىشنى مەنبە قىلغان ئەخلاق تېخىمۇ مۇستەھكەم ۋە مەزمۇت بولۇپ، ئۇ، قەلبتە بىخلاپ يىلتىز تارتقان بولىدۇ. قەلبتە يىلتىز تارتمىغان ئەخلاق ھامان غولايدۇ» (ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىل نەشرى).

شۇڭلاشقا، قىز-ئايالارغا قارىتىلغان تەربىيىدە ئەجدادلىرىمىز تۈرلۈك چەكلىمە-پەرھىزلىك ھەرىكەت مىزانىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئەخلاقنى يىلتىز تارتقۇزۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغان. چۈنكى «ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى تەربىيە بىلەن ھەل قىلىنىدۇ» دېگەننى بۈيۈك رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى بېلىنسكىي. تەربىيە ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىر ئادەمنىڭ ساپاسى ۋە قىممىتىنى شەكىللەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر مىللەت گەرچە مول بولغان يوشۇرۇن ئىقتىدار بايلىقىغا ئىگە بولسىمۇ، تەربىيىسىزلىك بۇنداق ئىقتىدار بايلىقلىرىنى كۆمۈپ تاشلايدۇ ۋە خاراب قىلىدۇ. تەربىيە ئىنتايىن مۇشكۈل جەريان بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتۈشتە كۆپ تەرەپلىمە ماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسان خاراكتېرىدىكى سۇبات ۋە نازاكەت يەككە ھالدا تەربىيە ئارقىلىقلا يېتىلمەستىن، بەلكى ماس ھالدىكى رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، قارىماققا بىر تەرەپلىمىلىكتەك كۆرۈنگەن پەرھىز-چەكلىمىلەر ، ھەرىكەت مىزانلىرى مۇئەييەن ئىستراتېگىيىگە ئىگە بولۇپ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ماسلىشىشچان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تاكتىكىلىرىغا سىڭىشتۇرغاندا يەنىلا روشەن مەسئۇلىيەت تۈسىگە ئىگە. ئەپسۇسكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھېس-خاھىش تۇزىقىدىن، زامان ئەپسانىلىرى ۋە ماكان چەكلىمىسى، ھادىسە، كۆرۈنۈش، ۋەقە-ھېكايىلەر تۇزىقىدىن قۇتۇلۇپ، ماھىيەتنى كۆرۈشى مۈشكۈل جەريان. بۇ جەريانمۇ يەنىلا تەربىيە ئارقىلىق تاماملىنىدۇ. تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ماھىيەتنى كۆرۈش لاياقىتىنى ھازىرلىيالمايدۇ.

دېمەك، ئەخلاقنى بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىلىم بولۇش كېرەك. ئىلىم ئەخلاققا ئوخشاشلا ئاياللىق قىممەتنىڭ گىر تېشى. چۈنكى ئىلىم ئايالنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ زۆرۈر ۋاستىلەرنىڭ بىرى. ئىلىمسىز ئادەم خۇددى تۈن قاراڭغۇسىدا نىشانسىز يول يۈرۈۋاتقان يولۇچىغا ئوخشايدۇ. ئايالغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئايالنىڭ تەبىئىي ئىش تەقسىماتىمۇ خېلى كۆپ رېئال بىلىمنى تەلەپ قىلىدۇ. «ئايال» ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن «ھاياتنىڭ كېيىنكى ھالقىلىرىنى تۇغقۇچى» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن). ئەمما ئۇنداق بىئولوگىيىلىك جەريان ئانىلىق، ئاياللىق قىممەتنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنىنى تەشكىل قىلالمايدۇ. مەۋجۇدلۇق تىرىكلىكنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بىئولوگىيىلىك تىرىكلىك ئىنسان مەۋجۇدلۇقىنىڭ پەقەت ماددىي شەرتى بولۇپ، ئۇنىڭغا ساغلام بولغان مەنىۋى مەۋجۇدلۇق يېتەكچىلىك قىلمىسا، ئۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. مۇئەييەن ئەقىدىنى يىلتىز قىلمىغان مەۋجۇدلۇق ھامان يوقايدۇ. چۈنكى ئۇ باشقا ئەقىدىلەرنىڭ يېمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئىنسان ئۈزلۈكسىز تۈردە مەۋجۇدلۇق ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇلار قەدىمكى دەۋردىلا ھاياتنى دوغا تىكىش ھېسابىغا مەڭگۈلۈك مەۋجۇدلۇققا ئېرىشكىلى

بولىدىغانلىقىنى تونىغان. مانا مۇشۇنداق تونۇش تۈرتكىسىدە قەھرىمانلىق روھى بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى كىشىلەر قەھرىمانلىقنى بىرخىل مەڭگۈلۈك مەۋجۇدلۇقنىڭ ماقامى دەپ چۈشەنگەن. چۈنكى كېيىنكىلەرنىڭ ھاياتىدىكى تارىخىي تەكرارلىق قەھرىمانلارنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تىرىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىنسان ماھىيىتى ۋە رېئاللىقنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى ھامان روھنى داۋاملىشىشقا مەجبۇرلايدۇ. گەرچە ئۇ ئەينەن تىرىلمىسىمۇ، ئەسلىدىكى نېگىزلىك ماھىيەت ئاساسىدا كېڭەيگەن بولىدۇ. دېمەك بىر مىللەت ، قوۋمنىڭ مەۋجۇدلۇقى يالغۇز ئۇنىڭ نوپۇس سانى، سىرتقى كۆرۈنۈشى ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەت ۋە خەلقنىڭ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەنىۋىيەت ئەنئەنىسى يەنى مەدەنىيىتى، ئېتىقادى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئايال بولسا، تەربىيە ساھىبى بولمىش ئانىلىق سۈپىتى بىلەن مەۋجۇدلۇقنى بەرپا قىلغۇچى. شۇڭلاشقا، ئايالدا ھاياتلىقنى پەرۋىش قىلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن ساغلام جىسمانىي ساپا بولۇپلا قالماستىن،بەلكى ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان مەنىۋى ساپا، ئەقىدە - ئەخلاق، تىرەن ئىلىم ئاساسى بولۇشى كېرەك.

دېمەك، ئىلىم بىلەن ئەخلاق بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، مۇستەھكەملەيدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەخلاق بىلەن بىلىم ئۆزئارا ھەمكار ھامىلىقتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئىنسانغا ئاپەت ئەمەس، ئاپەت ئەكېلىدۇ. ئەخلاقنى يىلتىز قىلغان ئىلىم ئەڭ ئېغىر كۆلپەت ئىچىدىنمۇ نىجاتلىق تاپالايدۇ. ئەخلاقتىن ئايرىلغان ئىلىم، شۇنداقلا ئىلىم - ئەقىلدىن ئايرىلغان ئەخلاقنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

ئىنسان قىممىتى ئىنساننىڭ ئىجادىي ئىقتىدارى ۋە ئىجتىمائىي تۆھپىسى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. ئىجادىي ئىقتىدار ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇ بىلىم تەلەپ قىلىدۇ. ئىجتىمائىي تۆھپىمۇ شۇنداق. بۈگۈنكى كۈندە بىلىمنىڭ قىممىتى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ياشاشتىكى زۆرۈر ۋاستىسىگە ئايلاندى. ئىجتىمائىي، تەبىئىي ئىش تەقسىماتى ئاللىقاچان ئۆز رولىنى يوقاتتى. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتتى. جەمئىيەت يۇكسەك دەرىجىدە ئەقلىيلەشتى. ئەقىل تولاراق مەنپەئەتنى ئىختىيار قىلىدۇ. كىشىلەر ياشاش تەقەززاسىدا ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى يېڭى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن ئۆلچەم ئاساسىدا ئەقلىي يوسۇندا ئىسلاھ قىلدى. دەۋرنىڭ رەھىمسىز شاللىشى ئاستىدا، ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشىش كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىسىگە ئايلاندى. زامانىۋى نازۇك ئۈسكۈنىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي قۇۋۋەت ئەۋزەللىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقاردى. ئەر - ئايال باراۋەرلىكىنى ئەر - ئايالنىڭ ئوخشاشلىقى، دەپ چۈشىنىدىغان بىر ئەۋلاد بارلىققا كەلدى. كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئائىلە قاراشلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىمۇ مەنپەئەت تەقەززاسىدا تەۋرىنىشكە باشلىدى. كىشىلەر ياشاشتىن ئىبارەت رېئال مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ئاستا - ئاستا مۇرەسسە قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى؛ ئىجتىمائىي مۇرەسسەچىلىك كىشىلەرنىڭ جان بېقىش داستىخىنىغا ئايلاندى. (ئىجتىمائىي مۇرەسسە بەزىدە نۇرغۇن ئۆتكۈر زىددىيەتنى ۋاقىتلىق يوشۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنى زور خەۋپكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.) ئەنئەنىۋى ئائىلە قاراشلىرىنىڭ قاتماللىقى ۋە ئادالەتسىزلىكىنىڭ دەردىنى تارتقان ئاياللار ئازادلىق شوئارلىرىغا تېزلا ئاۋاز قوشتى. ئەمما بۇ ھەدىسىلا ئۆز قەدرىيەتلىرىنى پىكرىي مۇستەقىللىقتىن ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقتىن ئىزدەش شەكلىدە زاھىرلىنىشقا باشلىدى. روشەنكى، ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق مۇئەييەن بىلىم ۋە ماھارەت تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى بىلىم كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش مەقسىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىلا ئادەمگە ئەسقاتاتتى. بەزىلەر دۇنيا ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلىسە، يەنە بەزىلەر جان بېقىش ئۈچۈن، يەنە بەزىلەر ۋەزخانلىق ئۈچۈن، يەنە بەزىلەر ئاللىقانداق مەقسەتلىرى ئۈچۈن بىلىم ئالىدۇ. ئاياللارنىڭ بىلىم - ماھارەت ئىگىلەشتىكى باراۋەرلىكى بىر دېموكراتىك جەمئىيەتنىڭ بەلگىسى. ھەقىقەتەنمۇ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە ئاياللار بىلىم ئارقىلىق ئۆز قەدرىيەتلىرىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خۇددى قاچىدىكى ئاشنى بەزىلەر نەپسى ئۈچۈن، بەزىلەر ھاياتلىق ئۈچۈن يېگەندەك، كىشىلەرنىڭ مائارىپتىن نەپ ئېلىش مەقسىتىمۇ ئوخشاش بولمىدى. بەزىلەر ئىنسانىي سۈپەت ئۈچۈن، بەزىلەر قورساق ئۈچۈن مائارىپنى تاللىدى. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، دۆلەتنىڭ مائارىپنى يولغا قويۇشتىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ دۆلەت ئۈچۈن بىر تۈركۈم جانباقتىنى تەربىيىلەپ كۆپەيتىش ئەمەس. قىز - ئاياللارنىڭ مائارىپتىن، بىلىمدىن نەپ ئېلىش مەقسىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىچىدە قىزلىرىنى كەلگۈسىدە ياخشىراق جان بېقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈنلا ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان ئاتا - ئانىلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. كۆپلىگەن ئائىلىنىڭ باللارغا بېرەلەيدىغان تەربىيىسى جاھاندارچىلىقنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەيدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قىزى بىرەر مائاشلىق ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالمىسا،ئاتا - ئانىلار ئۇزۇن يىللىق ئەجرىنى بىكار بولدى،دەپ قاراپ ھەسرەت چېكىشىدۇ. بۇيەردە بىلىم پەقەت جان بېقىشتىكى بىر ۋاستىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە ئائىت رولى پۈتۈنلەي نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. بۇ خىل بىرتەرەپلىمىلىك نەتىجىسىدە مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان، ھالال - ھارام تۇيغۇسىنى يوقاتقان، ئۆز قىممىتىنى بايلىق، مەرتىۋە، يۇقىرى تۇرمۇش ئىستېمالى بىلەن ئۆلچەيدىغان ئەۋلادلار بارلىققا كېلىدۇ - دە، كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ئىلىم - ئەخلاقنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، يولدىن ئازىدىغان بىمەنە ئىشلار كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇ دەل نۆۋەتتە مەكتەپلەرنى باش قېتىنچىلىققا سېلىۋاتقان ئەخلاق مەسىلىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاياللارنىڭ ئەخلاقىدىكى چىركىنلىكنىڭ مەنبەلىرىنىڭ بىرى. ھەقىقەتەنمۇ، ئەقىدە - ئەخلاقسىز قىزلار شاھادەتناملىرى قانچە دەبدەبىلىك، كىرىمى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى، ئۆزلىرىنى شۇنچە چوڭ تۇتۇشىدۇ. گېزى كەلسە، قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي يۇقىرى ئۆرلەشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ئادىمىيلىكى، غۇرۇرى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تونۇش، تۇتۇشنى بىلمەيدۇ. يۈزەكى بىلىمى ئارقىلىق ئۆز شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە مەنمەنچىلىكىنى قانائەتلەندۈرمەكچى بولۇشىدۇ. ئەمما ئازراق زەربە تۇيۇقسىز چۈشكۈنلىشىپ، ئىنسانىي غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىۋېتىدۇ. توغرا، جان بېقىش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەش قىلچە ھەيران قالارلىق

ئىش ئەمەس. كىشىلەر ئۆز بىلىمىگە تايىنىپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما بىلىم ئىنسانغا ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسانىي سۈپەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەخلاقىي ساپانى يۈكسەلدۈرۈش سۈپىتىدە كېرەك ئىدى. قىزلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. ۋەھالەنكى، قىز-ئاياللار بۇنى بىر خىل ئىسراپچىلىق، دەپ تونۇشىدۇ. ئەلۋەتتە، بىلىم كارغا كېلىشى، نەپكە ئايلىنىشى كېرەك. ئەمما، بىلىمنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇش ئەڭ ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي نەپ، ھەق، پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنى ئەمەس، بەلكى كىشىلىك قەدىر-قىممەت، پەزىلەت-ساپا مەسىلىسىنى چىقىش قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئاياللار ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلار بولۇپ، بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئانىلىقنىڭ ئۆزىلا مول بىلىم، يىراقنى كۆرەرلىك، ساغلام پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ۋە توغرا ھەرىكەت ئىقتىدارىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ساپا ۋە ئىقتىدارنى سىستېمىلىق تەربىيىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىلىم ۋە ئەقىل ھەرگىزمۇ ئاياللارنىڭ قانداقتۇر ئۆزىگە سوقۇشتۇرۇش شەكلىدىكى مۇستەقىللىقى ۋە مەنمەنچىلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىجتىمائىي تۆھپىسىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈندۇر. ئەلۋەتتە ئاياللار مۇستەقىل بولۇشى كېرەك. ئەمما بۇ خىل مۇستەقىللىق ئەرلەر بىلەن دۈشمەنلىشىش،ئۇلاردىن تايىنى يوق ئىشلاردا يۇقىرى-تۆۋەنلىك تالىشىش تۈسىدىكى مۇستەقىللىق بولماستىن، بەلكى پىكىر-ئىقتىدار جەھەتتىكى مۇستەقىللىق بولۇپ، ئالدىنقىسى قەدىرسىزلىك قىسمىتىگە مۇپتىلا قىلسا،كېيىنكىسى ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تەختىدىن ئورۇن بېرىدۇ.

دېمەك، بىلىم ئاياللارنى تېخىمۇ قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىزلىق نازاكىتى، ئايالىق ۋە ئانىلىق سۈپىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. بىلىم نوقۇل ھالدا ئىقتىدار ۋە ماھارەتلا يېتىلدۈرمەيدۇ، بەلكى ئىنساننىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە مەنىۋى قىياپىتىدىكى ماسلىقنى شەكىللەندۈرگەن بىلىم ھەقىقىي بىلىمدۇر. جان بېقىشنى مەقسەت قىلغان، ئىنساننىڭ مەنىۋى قاتلىمىغا تەسىر كۆرسەتمىگەن بىلىم كىشىلەرنى ئۆلۈك قائىدىلەر بىلەن غاپىل ۋە مەغرۇر قىلىۋېتىدۇ. ئاياللاردىكى بۇنداق غاپىللىق ۋە مەغرۇرلۇق ئېغىر مەنىۋى-روھىي كېسەللىك بولۇپ، بۇنداق ھالەت ئۇلارنى ئۆز تۈركۈمى تەۋەلىكىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇپ، لاماكان جىنسقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسانلىقى پاك كۆڭۈل، مول بىلىم ئارقىلىق ياخشىلىنىدۇ. ئاياللىق سۈپەت تېخىمۇ زور دەرىجىدە پاكىز قەلب، ئېسىل پەزىلەت،مول بىلىم ساپاسى ئارقىلىق كۆركەملىشىدۇ. ئاياللار بىلىم ئىگىلىشى كېرەك. چۈنكى بىلىمسىز ،ئىلىمسىز ئانىلار ھاياتلىقنى ،مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى خارابلاشتۇرىدۇ. ساپاسىز ئانىلارنى سەلبىي مەنىدە مىللەتنىڭ دۈشمىنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەمما «تارىخ بۈگۈنكى كۈندە ئاقىللارنىڭ ھەممىسىنىڭ دانا، بىلىملىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئارىپ(ئويغانغۇچى)بولمايدىغانلىقىنى ،ئەقىللىق ئالدامچى ۋە بىلىملىك مۇتەھەم بۇلىغۇچىلارنىڭ كىشىلىك دۇنيادا دائىم پاجىئە كۆز ياشلىرى بىلەن ئەسەبىي غەزەپ ئۇچقۇنلىرى پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى تەستىقلىدى»(ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئارىپنامە» ،«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000-يىل 4-،5-(قوشما)سان). ئاياللارنىڭ بىلىمى ۋە ئەقلى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ مەنمەنچىلىكى، شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە قانداقتۇر بىر ئىجتىمائىي مەرتىۋىگە ئېرىشىشنىڭ دەسمايىسى بولماسلىقى كېرەك. ئايال ئۆزىنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنى نورمال شۇنداقلا ھەقلىق رەۋىشتە چۈشىنىشى، بىلىمنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممەت ۋە ئىنسانىي سۈپەت ئۈچۈن زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ، ئىلىم ئىگىلەشكە ئالدىرىشى كېرەك.

يېشىپ كەلگەندە، بىلىم ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى روياپقا چىقىرىشتىكى مۇھىم ۋاستە. ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ نەسەب-سالاھىيىتى، بايلىق -ئىمتىيازى، ئەپتى-چىرايى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن ھالقىغان ئىجتىمائىي تۆھپىكارلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بىز ئاياللارنىڭ ئەسلى چىن گۈزەللىكىنىڭ قارارگاھى بولمىش قەلبى، مېڭىسىنى قۇپقۇرۇق پېتى تاشلاپ قويۇپ، تېرىسىنىلا پارقىرىتىپ بېزەشكىلا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى تولا كۆرىمىز. بەرھەق، ئىنسان ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە باشقىلارغا بولغان ھۆرمەت تۈپەيلى، ئىنسانغا خاس پاكىزلىق ۋە گۈزەللىكنى نامايان قىلىشى كېرەك. ئەمما ياسىنىش ھەرگىزمۇ ھاياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە مەقسىتى ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ياسىنىشتا ماكان ۋە زامان ئېھتىياجلىرىنى نەزەرگە ئالماي، نوقۇل دورامچىلىق تۈسىنى ئېلىشى بەك كۈلكىلىك، شۇنداقلا ساپا جەھەتتىكى چېنىش. ئەپسۇسكى، ياسىنىشمۇ بىر ئىلىم ئىدى.

دېمەك، ئاياللارنىڭ قىممىتى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۆھپىكارلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي تۆھپە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتكە بولغان جاۋابكارلىق ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. بۇ يالغۇز ئاياللارلا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مەسىلە. چۈنكى تۈرلۈك ئەخمىقانە قىممەت ئۆلچىمىنىڭ يامراپ كېتىشى قىز-ئاياللارنى زەھەرلەيدۇ ۋە ئۇلارنى قايمۇقتۇرىدۇ. قىز-ئاياللار قايمۇقسا، كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ قايمۇقىدۇ.

2006-يىل نويابىر، پەيزاۋات

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە جانباز بېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى(M2)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى: رىسالەت مۇھەممەت. ژۇرنىلىمىز «ئۇيغۇر سوفت» كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ ئىختىراسى «ئەلكاتىپ — 5.0» سىستېمىسىدا تىزىپ، بەت ياسالدى.



# «گۆھەر» زادى كىمگە تەئەللۇق؟

**گۈلمېھرە تۇرسۇن**

ئالىي مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا، ئانامنىڭ قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ تۇرۇپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى ھېلىھەم يادىمدا: «قىزىم، كىچىككىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە پەزىلەت ۋە باشقا جەھەتلەردە بىزنى ئىنچىكە خاتىرجەم قىلىپ كەلدىڭ. ئەمما ھازىر سەن بىزدىن ئايرىلىپ يىراق شەھەرگە ئوقۇشقا كېتىۋاتىسەن. ساڭا ئارتۇق گەپ كەتمەيدۇ، پەقەت شۇنداق بىر ئېغىز گەپنىلا دەپ قوياي، قىز بالىنىڭ ‹ يىغىر›ى ئۆزى بىلەن بىللە. ئۈمىد- ئىشەنچىمىزنى يەردە قويمىغىن».

ئانامنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى. بەلكىم ئاتا- ئانىلىرىمىزمۇ ئالىي مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم قىزلارنىڭ بەزىبىر بولمىغۇر قىلىقلىرى ھەققىدىكى سۆز- چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك.

## قىزلىق نىداسى

دېمىسىمۇ، بىز يۇرتتىكى چاغدىلا ئالىي مەكتەپلەردىكى بەزى قىزلارنىڭ شەنبە- يەكشەنبە كۈنلىرىنى ئايروپىلان بىلەن قاتناپ ئىچكىرىدىكى چوڭ- چوڭ شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىمىز يارقىراپ، ئېغىزىمىز ئىككىمىز جۇشۇپ قالغۇدەك ئېچىلىپ، توۋا، دەپ قالغانىدۇق. مانا ئەمدى بىر نەچچە يىللىق ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشى داۋامىدا، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا چەكتىن ئاشقان ئويۇن- تاماشىلارنىڭ قۇلى بوپكەتكەنلەرنى، ۋاقىتسىز «ئانا» بوپقالغانلارنى كۆردۇق. دەسلەپتە ھەيرانلىق ئىلكىدە ياقىمىزنى چىشلەپ يۈرگەن بولساق، بارا- بارا بۇنداق ئىشلارنىڭ كۆپلىكىدە «توۋا» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيۋاتىمىز.

«قىزلار نېمىشقا قىزلىق بىلەن يارىتىلغان؟ بۇ ھەربىر قىز بولغۇچى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە». بۇ بىر مۇئەللىمىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە داۋامىدا بىزگە ئېيتقىنى. شۇ چاغدا سىنىپىمىزدىكى كۆپلىگەن قىز ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئالدىدا بۇنداق گەپنى

ئاڭلىغانلىقىمىزدىن خىجىل بولۇپ بويۇنلىرىمىزغىچە قىزىرىپ كەتكەندۇق. ئۇيىلىنىش ئۆيلىشىشتىن مىلى ئەۋزەل. مەنمۇ بىر قىز بالىغۇ، ئاخىر.

نازۇكۈم ئۆز ئېيپەت- نومۇسىنى قىممەتلىك ھاياتى بىلەن قوغدىغانىدى. تېخى يېقىندىلا ئون ئۈچ ياشلىق بىر نارەسىدە قىزنىڭ ئۆزىگە چېقىلماقچى بولغان ئۈچ «ئەركەك»نىڭ قولىدىن پاك ھالدا قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى گېزىتتىن ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن قالتىس پەخىر ھېس قىلغانىدۇق. ۋەھالەنكى، بىز ئىككى- تۆت تىنگە پۇل، ئەرزىمەس كۆڭۈل خۇشلۇقى، ئۇترۇقسىز ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس پاكلىقىنى بۇلغاۋاتقانلارنى خېلى كۆپ كۆرىدىغان بوپقالدۇق. شۈبھىسىزكى، نومۇس بۇلغىنىشى ئۆزىگە يەنە تۇرلۇك جىنسىي كېسەللىكنى سۆرەپ كەلمەكتە ئىدى. شىنجاڭنىڭ مەملىكەت بويىچە 2- ئورۇندا تۇرىدىغان ئەيدىز كېسىلى كۆپ رايونغا ئايلىنىپ قېلىشى، ئائىلە، نىكاھ پاجىئەلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ياشلار ئارىسىدىكى ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشى، توي قىلماي تۇرۇپ ھامىلە چۈشۈرۈش نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشىنى ئەجەبا قىزلاردىكى ئەڭ مۇقەددەس ئەڭگۈشتەر بولمىش «قىزلىق»قا بولغان مەسئۇلىيەت- ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ئايرىپ قارىيالامدۇق؟

«قىزلىق»- ئۇ، قىزلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئەڭگۈشتىرى، ھاياسى، نومۇسىدۇر. قىزنىڭ قىممىتى ئىپپىتىدە. ئىپپەتسىز بىر قىز، مەيلى ئۇ تەڭداشسىز چىرايلىق نازىنىن بوپكەتسىمۇ، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، ھاياسىز، ئىپپەتسىز گۈزەللىكنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. قىزلىققا شۇنداق بىر خىسلەت يوشۇرۇنغانكى، قىزلىقنىڭ ئاسراپ، ئەزىزلەپ ساقلىنىشى قىزلارنى ھۆرمەتلىك، ئىززەتلىك، ئىپپەتلىك قىلىدۇ. قىزلىقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى بولسا، قىزلارنى ئەسكى لاتىدەك قەدىرسىز ھالغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ. قىزلىق- قىزلارنىڭ گەدىنىدىكى بۈيۈك ئامانەتتۇر. بۇ ئامانەت ئۇنى ھالاللاپ نىكاھقا ئالغان «بوز يىگىت»- ئەرگە مەنسۇپ. ئۆزىنىڭ ھايا- ئىپپىتى، قەدرى- نومۇسى ۋە ھەتتا تامامىي بارلىقى بولغان «قىزلىق»تىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئامانەتنى ئاۋايلاپ ساقلاپ، ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىگىسىگە جايىدا يەتكۈزۈپ بېرىش ھەرقانداق بىر قىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بۇرچى، ۋەزىپىسىدۇر. قىزلىق ئىپپىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئەڭ تۈپ ۋەزىپىگە كەينىنى قىلىۋېلىش، چوقۇمكى قىزلارنى خار، پەس، رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلارنى كىممۇ كەچۈرسۇن؟

قىزلارنىڭ ئىپپىتى- ھاياسىنى قوغداش يەنە بىر تەرەپتىن يىگىت- ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەمما كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇۋاتىمىزكى، يولدىن چىققان قىزلارنىڭ قېشىدا تېخىمۇ بەتتەر ھالدا تاپتىن چىققان «ئەركەك»لەر سامانىدەك. ۋە ھەتتا «ئېشەك ئالساڭ مىنىپ ئال» دەپتىكەن دەپ، تويىدىن بۇرۇن قىزلارنىڭ «قىز» ياكى «ئەمەس»لىكىنى سىناپ بېقىپ ئاندىن ئالىمىز، دەپ شەرمەندىلەرچە تەلەپ قويىدىغان «يىگىت»لەرمۇ ئاز ئەمەس. قىز ئېشەك، ھايۋان ئەمەس ئىدى، قىز- خوتۇن ئېلىش ئېشەك سودىسى ئەمەس، بەلكى ئىشەنچنى ئاساس، ھايانى مەزمۇن قىلغان ئۆمۈر سودىسى ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ، ھايا- نومۇس تۇيغۇسىنىڭ يوقىلىشى تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي گۈزەل مەزمۇنىنىمۇ بۇلغىۋېتىدىكەن.

قايسى كۈنى بىر نەچچە قىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، مەلۇم بىر قىزنىڭ توي كېچىسى ئېرى تەرىپىدىن ئۇرۇپ، ھەيدەپ چىقىرىلغىلى تاسلا قالغانلىقىنىڭ گېپى چىقىپ قالدى. دەسلەپتە «ھە، ئۇ قىزمۇ تويىدىن بۇرۇن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماپتىكەندە» دەپ ئويلىدۇقيۇ، كېيىنكى ئاخىرىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتۇق. قىزنىڭ ئېرى ئۇنى «سەن تېخى پاك ئىكەنسەنغۇ؟! ھازىرقى جەمئىيەتتە پاك قىزنى تاپقىلى بولاتتىمۇ؟ سەن كىمگە ئالدايسەن؟ راست گېپىڭنى قىل، بۇ «ساختا قىزلىق»مۇ- قانداق؟» دەپ ئۇرۇپ- تىللاپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىمىز جىمىپ كەتتۇق. بۇنى ئەقىدە- ئەخلاق چۈشكۈنلۈكى تۈپەيلى كېلىپ چىقىۋاتقان ئەخلاقىي كرىزىسلارغا قىلىنغان ئاچچىق كىنايە دەيلىمۇ ياكى قىزلارنىڭ ئىپپەت- ھاياسىغا دەۋرنىڭ قويغان ئېغىر سوئالى دەيلىمۇ؟


«قىزلىق- ئۇ ئاددىي بىر گۆش، لېكىن ئادەمنىڭ روھىغا تۇتىشىدىغان گۆش. ئاللا نېمىشقا ئادەمنى شۇ يەردىن يارىتىدۇ. بۇنىڭ چوقۇم سەۋەبى بار. نېمىشقا قىزلىقنى چوڭ بىلىمىز؟ ماھىيەتتە ئۇ روھنى چوڭ بىلىش. روھسىز تەن بىر خالتا گۆش. نېمىشقا قىزلىقنى قەدىرلەيمىز؟ بۇ يەنىلا روھنىڭ پاكلىقى، مۇھەببەتنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش ئۈچۈندۇر. بۇ خىل پاك مۇھەببەت بىرلىشىشىدىن تۆرەلگەن باللار ئەيىبسىز، روھى پاك- پاكىز بولىدۇ، ئىشى روناق تاپىدۇ. ناۋادا روھنىڭ ئەينىكى بولغان بۇ يەر بۇلغانسا، روھ بۇلغىنىدۇ، مۇھەببەت بۇلغىنىدۇ، ئادەملەرنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەيدۇ» (ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي: «ئارتبالىغ ھەققىدە قىسسە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىل سېنتەبىر نەشرى). بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، «قىزلىق»- قىز بالىغىلا مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەقىدە- ئەخلاق ساپاسى، روھىي ساغلاملىقى، ئائىلە، ئەر- خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتى، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىدۇر.

مەشھۇر تاتار ئۆلىماسى رىزائۇددىن ئىبنىي فەخرۇددىن: «ئانا بىر قولىدا بۆشۈك تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ» دېگەنىدى. بۇ ھېكمەتنىڭ پەزىلەتلىك ئانىلارغا قارىتىلغانلىقىدا گەپ يوق. ئىپپەتسىز، رەسۋا قىز- ئاياللار دۇنيانى تەرەققىيات تامان تەۋرەتمەيدۇ، بەلكى دوم كۆمتۈرۈۋېتىدۇ. قىزلار دۇنيانى پارلاق بىلەن تەۋرىتەلەيدىغان ساپاغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن روھىي پاكلىقىنى، نومۇسىنى، كەلگۈسى ئېرى ۋە ئائىلىسىگە بولغان ساداقىتىنى جان تىكىپ قوغدىشى زۆرۈر. يىگىت- ئەرلەرمۇ ئۆز قوۋمىنىڭ غۇرۇر- شەرىپىنى ئاسرىمىقى لازىمدۇر. چۈنكى بىر ئايالنىڭ غۇرۇرى بىر ئەرنى يامان يولدىن توسسا، بىر ئەرنىڭ غۇرۇرى قىرىق ئايالنى يامان يولدىن توسۇپ قالالايدۇ. بۈگۈننىڭ بۇزۇقچىلىقىدىن قاقشاپلا قويۇپ ئۇنى تۈزىتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەك، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزدىن رەنجىشكە ھەققىمىز قالمايدۇ. ئەتىنىڭ پەرزەنتلىرى ھايا بىلەن پەردىلەنگەن قورساقتىن چۈشسە، ئۇ ھەقتە نە غەم، نە تەشۋىش؟!

قىز- ئاياللارنىڭ مەنىۋى ساپاسى ئەڭ زور دەرىجىدە شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىز- ئانىلار بىر ئائىلىگىلا ئەمەس، مەلۇم بىر توپ، قوۋمگە مەنسۇپ بولغانىكەن، ئۇنىڭ مۇقەددەس بايلىقى بولمىش قىزلىقىمۇ بىر ئۆزىگىلا ئەمەس، پۈتكۈل مىللەت روھىيىتىگە مەنسۇپ! ئامانەتنى ئۆز جايىغا بېرەيلى!

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات 2003- يىللىق 5- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M3)



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

## تاش گىياھلار

▲ بىلىپ تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن خاتالىق پاجىئە، بىلمەي تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن خاتالىق تەجرىبە.

▲ يازغۇچىنىڭ قەلبى ـ رېئاللىقنىڭ تەجرىبىخانىسى.

▲ ئادەمنىڭ تۇغۇلىشى مۆجىزە، ياشىشى ھېكمەت، ۋاپاتى ئىبرەتتۇر.

▲ ئالدىراڭغۇلۇق ـ پۇشايماننىڭ قاچىسى

▲ باغلاقتىكى ئىت بەك قاۋايدۇ.

▲ ئۆزىنى چۈشەنمەيدىغانلار باشقىلار ھەققىدە كۆپ گەپ ساتىدۇ.

▲ ھورۇننىڭ غېمى، بىلىمسىزنىڭ گېپى، تىرىشچاننىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، تارىخچىلار خان ئوردىسىدىن، خائىنلار ئەل ئارىسىدىن چىققان دەۋردە دىداكتىك ئەسەرلەر كۆپ يېزىلىدۇ.

▲ ھاياتلىقنىڭ خەزىنىسى دائىم ھېكمەتكە لىق تولۇپ تۇرغان بولىدۇ. سەن ئۇنى ھامان بەدەل تۆلەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىسەن.

▲ تارىخ ـ بۈگۈننىڭ جاۋابى، كەلگۈسىنىڭ ئەينىكى.

▲ بىلىمنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلىمگىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئالدىمنىڭ چەكسىزلىكىنى ئالدىم كىرىپ ھېس قىلىسەن.

▲ كۆكۈل ئاياش، باشقىلارغا بويىنىنى ئېگىپ بېرىشكە ئوخشايدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ياشاش ئىقتىدارى تۇرمۇشنى لايىھىلەيدۇ، تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ.

▲ قەپەسكە ئۆزىنى تولا ئۇرغان قۇشنىڭ قانىتى سۇنىدۇ.

▲ «ئازمايدىغان ئادەم يوق» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە تەسەللى بەرگىنىمىز، ئەمەلىيەتتە داۋاملىق خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان يوچۇقتۇر.

▲ نانىڭ ئالدى يۈزى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى، ئارقا تەرىپى جاپا ـ مۇشەققەتنى ئىپادىلەيدۇ.

▲ سەن قايسى ئىشقا بەكرەك سەل قارىساڭ، شۇ ئىش تەقدىرىڭگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

▲ ھەقىقەت ـ ئەمەلىيەتنىڭ ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشى.

▲ كۆپ تەكىتلىگەن ئىش ئاسان گۇمان قوزغايدۇ.

▲ ئادەم نامراتلاشقاندا خىيال، باي بولغاندا ئارزۇ كۆپ بولىدۇ.

▲ ئاياللارغا ئۆزىنى «تۇتقۇزۇپ» قويغان ئەرلەر بەئەينى يۈگەنلەنگەن ئاتتۇر.

▲ ئەرلىك ـ جاسارەت، ئاياللىق ـ نازاكەتتۇر.

▲ ئىتنىڭ ۋاپاسى قولۇڭدىكى بېرىدىغان يېمەكلىك تۈگىگەنگە قەدەر بولىدۇ.

▲ ئادەم باشقىلارغا موھتاج بولغاندىلا ئۆز ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

## ھايات ساۋاقلىرى

▲ باشقىلار سەندىن مەسلىھەت سورىغان ئىشقا مەسلىھەت تەرىقىسىدە جاۋاپ بەرگىن، ئۇنداق بولمىغاندا مەسلىھەت سورىغۇچى ئويلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. سەن مۇتلەقلەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن ئۇسۇلدا ئىش قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىسە ياكى زىيان تارتسا سەندىن ئاغرىنىدۇ. شۇڭا ئاقىلانە ئىشارەت بېرىش يول كۆرسىتىشتىن ئەلادۇر.

▲ ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ نىيىتى پايدا-مەنپەئەتلىك ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە، خاراكتېرى ئەمەلىي سۆز-ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ سەن جەمئىيەتتىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغان، نەتىجىگە، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەرگە قاراپ ھەيران قالما. چۈنكى ۋاقىت ھەربىر ئادەمگە ئۆزىنى قايتا يارىتىش ئۈچۈن تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن.

▲ «مەن»مەڭگۈ«بىز»بولالمىغاچقا، كىشىلىك دۇنيا مۇرەككەپ تۈيۈلىدۇ.

▲ دۇنيادا شەخسىيەتچىلىك مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۇ ھالدا تەڭسىزلىك مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

▲ ئىلغار ئىدىيە تەرەققىياتنىڭ پېشاڭى.

▲ بىر كۈن تەپەككۇرسىز ياشىساڭ، بىر كۈن بۇرۇن ئۆلىسەن.

▲ بىر قىزغا نادانلىق تامغىسى بېسىلسا، بىر قانچە ئەۋلاد نادان قالىدۇ.

- قۇربان ئابلىمىت

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەنھا يىكىرلەر

▲ ئۆزىدىن پەخىرلىنىش - توختاپ قېلىش، باشقىلاردىن پەخىرلىنىش- ئۆزگىدىن سۆيۈنۈش، توختاپ قالماي بىر ئۆمۈر تىرىشىش - ھاياتلىق يولىدىكى ئەڭ توغرا يول بەلگىسىدۇر.

▲ سىياسىينى يادلاپ ئەمەس،بەلكى قاتنىشىپ تۇرۇپ چۈشىنىمەن.

▲ ئەركەكلىك - مىللەت گەۋدىسىنىڭ ئومۇرتقىسى، ئاياللىق- مىللەت گەۋدىسىنىڭ نازاكىتى.

▲ ئەركەكلىكنىڭ يوقالدى دېگەنلىك، ئەردەپ ئاتالغان مېخانىك ماشىنىغا ئۆزگەردىڭ، دېگەنلىكتۇر.

▲ ھازىر جەڭگىۋار بولساڭ بولىدۇ، لېكىن قارام بولساڭ ھەرگىزمۇ بولمايدۇ.

▲ ئالدىمىزدا بىرلا خىل تاللاش بار، ئۇ بولسىمۇ تەپەككۇر بىلەن ھەرىكەت.

▲ بالىلارنىڭ كۆزىدىن ئۈمىد، ياشلارنىڭ كۆزىدىن جۇشقۇنلۇق، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ كۆزىدىن جەڭگىۋارلىقنى كۆرەلىسەڭ، ئاندىن شۇ يەردىن ئۈمىد- ئىشەنچ كۈتسەڭ بولىدۇ.

▲ ئادەم ئادەمدىن ئارتۇق ياكى تۆۋەن يارىتىلمىغان. ئۇلارنىڭ خار ياكى ئەزىزلىك پەرقى پەقەت پەزىلەت ۋە بىلىمنىڭ ئاز-كۆپلىكىدە.

▲ ئازابقا چىدىغانلار قەيسەر، ئۇنى يېڭىپ چىققانلار قەھرىمان.

▲ جىددىي پەيتلەردىلا قەدىر-قىممىتىڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىسەن.

▲ تارىختىن بېرى بىرگە چېقىمچى -ھەسەتخورنىڭ، يەنە بىرگە دورامچى- ئويۇنچىنىڭ سەلتەنەت تەختىگە چىققانلىقىنى كىم كۆرۈپتۇ؟

▲ بولمىغان ئىشنى مۇنداق بولىدۇ، دەپ ۋەز ئېيتقۇچىلار بىرگە تەھلىلچىلەر، يەنە بىرگە قىپقىزىل لاپچى- يالغانچىلار.

▲ ئۆرۈش- يا قەھرىمانلىق ۋە ياكى چىدىماسلىق.

▲ ھاياتلىقىڭدا بىرەر كىشىگە تەسىر كۆرسىتەلمەي ئۆتۈپ كەتكەن بولساڭ، بۇ سېنىڭ ئىزسىز ياشىغىنىڭ، ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولغان بولساڭ، بۇ سېنىڭ ھېلىمۇ ھاياتىي كۈچىڭنى يوقاتمىغانلىقىڭدۇر.

▲ باشقىلاردىن بىر قەدەمنى بالدۇر ئېلىشىنىڭ ئۆزىلا غەلىبىگە تاشلانغان تۇنجى قەدەم.

- لۇتپۇللا ئەركىن

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچئۇن خويزۇ يېزا مىللىي 2-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## خاتىرەمدىكى يارقىن قۇرلار

▲ ھەقىقەتنى سۆزلەش دانالىق، ئەمەلدە كۆرسىتىش قەھرىمانلىقتۇر.

▲ ئاداۋەت - چىدىماسلىق، غەيۋەت - پەسكەشلىك، تۆھمەت- شەرمەندىلىكتۇر.

▲ سۆيگۈ- مۇھەببەت بىز ئېرىشەلمىگەندە يوقتەك كۆرۈنىدۇ، ئېرىشكەندە بولسا بىز ئۇنى بەخت ئىچىدە ئۇنتۇلىمىز.

▲ دۇنيادا ئىگىسىز نەرسە بولمايدۇ، گەپ، ئىگىسىنىڭ ئىگە بولغان- بولمىغانلىقى، بولالىغان - بولالمىغانلىقىدا .

- تۇرغۇن مامۇت

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە ئاققاش يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئېغىز سۆزگە باي، كۆز مەنىگە.

▲ شاللاق قىز- تىكەنسىز گۈل.

▲ نادان ئەرگە تەگكەن ئايال نىجاسەتكە سانجىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ.

▲ پۇل - مەڭگۈ قېرىمايدىغان ساھىبجامال.

- گۈلجەملە ئابىد

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات-تارقىتىش ئىنستىتۇتى 2003-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

▲ ئازاب-ئوقۇبەت گاھىلارنى ئىرادىلىك قىلىپ تەربىيىلەيدۇ، يەنە گاھىلارنى شۇكۇر-قانائەتچان قىلىپ.

▲ ئادەمنىڭ ھېس-تۇيغۇسى كۆپىنچە پۇرسەت كەتكەندىن كېيىن مۇكەممەللىشىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتەلىگەندە، ئۆزىنىڭ قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇر ئىدى.

- ئابدۇشۇكۇر ئەھمەت

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ 3-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئەجدادلىرىمىز ئۇنداق قىلماي مۇنداق قىلغان بولسا، ھازىر مۇنداق بولغان بولاتتۇق، دېگەنلىكىمىز، بىر بولسا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي خاتالىقىدىن گەپ ئاچقىنىمىز، يەنە بىر بولسا ئۆزىمىزنىڭ يارىماسلىقىمىزدىن گەپ ئاچقىنىمىز.

▲ ئوغرى باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغرىلىقىنى بىلىپ قالغانلىقىنى بىلگەندە، ئوغرىلىقىنى يوشۇرمايدۇ.

▲ جەمئىيەت بىلىمى بىلەن پىششىقلانمىغان كىتابىي بىلىم - پايدا قىلمايدىغان دورا.

▲ دۈشمەننىڭ رەزىل - ھىيلىگەرلىكىدىن قاقشىماي، ئۆزۈڭنىڭ ھاماقەت - ساددىلىقىڭدىن قاقشىغىن.

▲ بۇ دۇنيانى باشقىلارغا، ئۇ دۇنيانى بىزگە بەرگەن تەڭرى، يەنە نېمىشقا بىزگە كۆز - قۇلاق، ئېغىز - قورساق، قول - پۇت بېرىدۇ؟

▲ يەھۇدىيلارنىڭ بۈگۈنى باشقا مىللەتنى دورىغانلىقىدىن ئەمەس، ئۆز ئەجدادىنى دورىغانلىقىدىن كەلگەن.

▲ ساڭا ئىچ ئاغرىتىدىغانلارنىڭ چىقماسلىقى، بىرى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلمەسلىكىدىن ۋەياكى سەن ئىچ ئاغرىتىشقا ئەرزىمەيدىغان ئادەم بولغانلىقىڭدىن.

▲ سۆزى ئويغاقلار ئويغاق ئەمەس، ھەرىكىتى ئويغاقلار ھەقىقىي ئويغاق.

▲ سەپەتنىڭ بازىرى نېمە ئۈچۈن ئىتتىك؟ چۈنكى ئۇنى چوماقچىلىرى ھەقىقەتتىن ئىبارەت ئېسىل پۇكەيگە تىزىپ قويۇپ ساتىدۇ.

- ئەبدۇلقەييۇم مۇھەممەت ھەۋزىي

---

ئاپتور: شىنجاڭ «ئىپار» بىئو تېخنولوگىيىسى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى گۇما تارمىقىنىڭ خادىمى

▲ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىقىنى چاچقا ئاق كىرمەي تۇرۇپ چۈشەنمەيسەن.

- نۇرنىسا ئەھمەت

---

ئاپتور: شىخو شەھىرىدە

▲ ھەقىقەت ۋىجدانىنى ئاساس، ئەقلىنى شەرت قىلىدۇ.

▲ مەن ئەڭ ئامراق لېكىن ئەڭ ئىشەنمەيدىغان سۆز «دەل مەڭگۈ».

- ئاينۇر ئابلىمىت

---

ئاپتور: شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى ئاخبارات مەخسۇس كۇرس 2006 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھاياتنىڭ گۈزەللىكى - «ھايات» سۆزىنىڭ «ھايا» دېگەن ئالدىنقى ئىككى بوغۇمىدا.

- ئارزۇگۈل ئوبۇل

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى فاكۇلتېتى 2004 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تېپىككۇر تامچىلىرى

▲ بوۋاقنىڭ ئوماقلىقى تەبىئىيلىكىدە، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ئەخلاقىدا، شاھنىڭ مۆتىۋەرلىكى ئادىللىقىدا.

▲ ئىككى خىل كىشىلەر ۋىجدان ئازابى تارتمايدۇ: بىرى، خەلقنىڭ شادلىقى ۋە قايغۇسىغا ھەمدەم بولغانلار؛ يەنە بىرى، ئەقلىگە نەپسى مىنگەن ھاماقەتلەر.

▲ ئالتۇنمۇ داتلاشقان بولسا تۆمۈر - تەسەكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالاتتى.

▲ پىنھانلىق يوقالسا سېھرىي كۈچ، تەبىئىيلىك يوقالسا جەلپكارلىق، پاكلىق يوقالسا ئادالەت، ۋىجدان يوقالسا، ھەققانىيەت بولمايدۇ.

▲ ئېسىل ئەسەرنىڭ مەنىۋى كۈچى زامانىۋى قورال ئالغان نەچچە تۈمەن ئەسكەرنىڭ كۈچىدىنمۇ زور بولىدۇ. ئەسكەرقەلئە دەرۋازىسىنى ئاچقان بىلەن قەلب دەرۋازىسىنى ئاچالمايدۇ.

- توختى ناسىر

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ھۈنەر - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

※ ※ ※

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پەلسەپىسىنىڭ يارقىن نامايەندىسى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان بارلىق ئوقۇرمەننىڭ پاراڭلىشالايدىغان ئورتاق «چايخانىسى».

- ئابدۇشۈكۈر ئالىم

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن - سىياسىي فاكۇلتېتى قانۇن 2002 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دەرس ۋاقتىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىدىن ئىككى خىل ئادەم چىقىشى مۇمكىن: بىرى، ئۆمۈرلۈك نادان، يەنە بىرى، ئالىم ياكى پەيلاسوپ.

- ئابدۇۋەلى ئابلىمىت

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 5 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تېپىككۇر مېۋىلىرى

▲ رىقابەتچىسى يوق ئادەم بىر بولسا ھەممىدىن كۈچلۈك، بىر بولسا ھەممىدىن ئاجىز ئادەمدۇر.

▲ ئادەملەرنىڭ رىسقى بىرى بىلمىگە، يەنە بىرى تەبىئەتكە بېقىپ بولىدۇ.

▲ كۆز ئالدىڭدىكى دۈشمەن - ۋاقتىڭنى زايە قىلىۋاتقان ئادەمدۇر.

▲ ئوغۇللاردا غەم - ئەندىشە، قىزلاردا دەرد - ھەسرەت كۆپ بولىدۇ.

▲ بېشىدا رومىلى، ئۈچىسىدا ئۇزۇن كۆڭلىكى يوق قىزلار ياپراقسىز گۈلنىڭ ئۆزىدۇر.

▲ سالاپەت كىيىم - كېچەكتىن، كامالەت كىتاب - ژۇرنال ۋە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ.

▲ ئاياللار ئالدىدا ئەرلەر ھازىر جاۋاب بولسا ئاياللار تۈزىلىدۇ، ئەرلەر ئالدىدا ئاياللار ھازىر جاۋاب بولسا ئەرلەر ئۆزلىشىدۇ.

▲ بالىلاردىكى مېھىر - مۇھەببەت ئاتا - ئانىدىن، ئىلىم - مەرىپەت ئوقۇتقۇچىدىن كېلىدۇ.

▲ قىزلار كىچىككىنە ئىشنى داۋراڭ سېلىپ نۇرغۇن نەرسىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

▲ دوستنىڭ دۈشمەنگە ئايلىنىشىغا دەقىقە، دۈشمەننىڭ دوستقا ئايلىنىشىغا بىر ئۆمۈر كېتىدۇ.

▲ شۇئۇرغان چىقىپ ئاسماندىن مۆلدۈر ياغسا ئەڭ ئاۋۋال ئاسمان بىلەن بويى تالىشىپ تۇرغان تاغ چوققىلىرى ۋە دەل-دەرەخلەرنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ.

▲ ئەرلىرى ھارامخور يۇرتنىڭ ئاياللىرى جاپاكەشتۇر.

▲شەھەردە پۇل بىلەن بىلىم، يېزىدا كۈچ بىلەن چىدام بولمىسا قورساق باققىلى بولمايدۇ.

▲ رىقابەت ئېڭى يوق مىللەت، دۇنيادا ئورنى يوق مىللەتتۇر.

▲ئوقۇغاندىن ئاقىل، ئويىنىغاندىن قاتىل چىقىدۇ.

▲ ئىزى بار دېمەك ئۆزى بار دېمەك.

- ئابدۇغېنى توختى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

※ ※ ※

▲ ياراتقۇچى ئىنسانلارنى سەزگۈر بولسۇن دەپ، كەينىدە كۆزى يوق قىلىپ ياراتقانىكەن.

- گۈلخۇمار مۇھەممەت(خەندانىي)

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر23-ئوتتۇرا مەكتەپ«ئىرادىلىكلەر»تولۇق 2008-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەڭ زور قىيىنچىلىق - ئەڭ ئىشەنچلىك سىناقتۇر.

ئويغانغان تەپەككۇر - ھوشىغا كەلگەن ئادەم.

- ئارزۇگۈل ئوبۇلقاسىم

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل چېچەكلىرى

▲ «ئەتە»دېگەن سۆزدە ئىشەنچ يوق.

▲ ئەمەلىي ھەرىكەت - مۇنارەدەك ئاشكارا تۇرغان ھەقىقەت.

▲ دوستىغا يول قويۇش - مەردلىك، دۈشمەنگە يول قويۇش - خائىنلىق.

▲ ۋاقىت - ھەممىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىسلاھاتچى.

▲ ۋاقىت - كۆزگە كۆرۈنمەس مۇرەسسەچى.

▲ نادانلىق - مېڭىگە چىققان ئۆسمە.

▲ بالىنىڭ گۇناھىنى ئاتا سۈرۈشتۈرىدۇ، ئانا يوشۇرىدۇ.

▲ ھۈرۈننىڭ ھۆرمىتى، قەلەندەرنىڭ ئىززىتى، نادانىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

▲ بالا- ئۇرۇق، ئائىلە - تۇپراق، مەكتەپ - سۇ، جەمئىيەت - كۈن نۇرى.

▲ مۇشت بىلەن يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن ۋۇسۇڭ پالۋاننىڭ داڭقىدىن، ئەقىل بىلەن دۈشمەننى يەڭگەن دانىشمەن جۇگېلياڭنىڭ شۆھرىتى ئۇلۇغ.

▲ ۋاقىتنى سائەت ئۆلچەيدۇ، ئادەملىكنى پەزىلەت.

▲ ئەخلاق - ئانا، قانۇن - ئاتا، پۇقرا - بالا.

▲ تارىخىي ھەقىقەت ئىسپاتلىغان: ئالىملارنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن پادىشاھ زالىملارنىڭ سۈيىقەستىدە ئۆلگەن.

▲ قىسقا-نېگىزلىك گەپ - مېغىز، ئۇزۇن-مەنىسىز گەپ - سېغىز.

▲ پۇلدار ئايغا ئوخشايدۇ: بىردە ھىلال، بىردە يېرىم، بەزىدە تولۇن، بەزىدە يوق؛ ئالىملار كۈنگە ئوخشايدۇ: ھەمىشە ئىللىق، ئىسسىق، نۇرلۇق، يورۇق.

▲ ئەخلاق - ھاياتلىق سەپىرىدە يول بەلگىسى، ۋىجدان-قاتناش ساقچىسى.

▲ مۇنداق ئىككى خىل شارائىتتا دوستلۇرۇڭ، تونۇغانلىرىڭ، يېقىنلىرىڭ ئالاھىدە كۆپىيىپ كېتىدۇ: يېڭىدىن چوڭ مەنسەپدار ياكى پۇلدار بولساڭ.

▲ قەپەستە ئۆسكەن يولۋاس توشقاننىمۇ تۇتالماس؛ مەكتەپنى قەپەسكىلا ئوخشىتىۋالساڭ تەربىيىلىگۈچىلەر ھېچ ئىشقا يارىماس.

▲ «بۈگۈن»نى قەدىرلىمىگەن ئادەم، ئۆمرىنى دوتىلىغان ئادەمدۇر.

▲ ئاتامدىن ئالالمىغان ۋەسىيەت، ئانامدىن ئاڭلىمىغان نەسىھەت، مەكتەپتىن ئۆگىنەلمىگەن مەرىپەت، ئۇستازدىن ئالالمىغان تەربىيەتنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدىن ئېلىۋاتىمەن.

▲ بىز ئارتۇقچە رەسمىيەتلەرگە ئورۇلۇپ، كونا ئادەتلەرگە چىرمىلىپ، ئىللەتلەر ئىچىدە تونجۇقۇپ ياشاۋاتىمىز.

▲ دەرد-كۈلپەت، جاپا-مۇشەققەت، ئەمگەك-مېھنەت، راھەت-پاراغەت، پۇل-بايلىق، مەنسەپ-ئەمەللەر كىشىلەرنى سىنايدىغان ھاياتلىق ئىمتىھانىنىڭ سوئاللىرى.

▲ مۇچ، ئاچچىقسۇ، تۇز، پىياز،سامساقلار تاماقلارنىڭ تېتىتقۇسى بولغىنىدەك، بالايىئاپەت، قايغۇ-مۇسىبەت، جاپا-مۇشەققەت، كۈرەش-مېھنەتلەر تۇرمۇشنىڭ تېتىتقۇسى.

▲ پەرزەنت - ئەر-خوتۇن مۇھەببىتىنىڭ رىشتىسى، بەختلىك ئائىلىنىڭ ئۇلى، شېرىن-لەززەت تۇرمۇشنىڭ گۈلى، نەسەب شەجەرىسىنىڭ يىلتىزى، ھاياتلىقنىڭ زەنجىرى.

▲ ھەربىر مىللەت ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى ئەتىۋارلاپ تىرىشىپ ساقلاپ، ئۆزلۈكسىز يېڭىلاپ، سىجىل تەرەققىي قىلدۇرالىسا، ئەنە شۇ - مەۋجۇدلۇق.

▲ ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنى ئاندىن ئۆزگىنى، تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى، ۋەزىيەتنى، سىياسەتنى، پۇرسەتنى توغرا چۈشەنگەندىلا ئۆزىگە لايىق يول تاللىيالايدۇ.

▲ ئەقلىيە سۆز - ئەقىلنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، قەلبىنىڭ نەقشى، يۈرەكنىڭ قۇۋۋىتى.

▲ كۈن بولمىسا ئالەم زىمىستان، ئايال بولمىسا ئائىلە گۆرىستان.

▲ ئۈچ خىل ئادەمنىڭ بويىنى يۇمشاق كېلىدۇ: 1. موھتاجنىڭ، 2. گۇناھكارنىڭ، 3. خۇشامەتچىنىڭ.

▲ مەسخىرە چەكتىن ئاشسا، تىللىشىدۇ، چاقچاق چەكتىن ئاشسا، مۇشتلىشىدۇ.

▲ تەبەسسۇم - يامغۇر، غەزەپ- مۆلدۈر، ئاچچىق- بوران.

▲ ياخشى خوتۇننىڭ يىغلىشىدىن قورقما، يامان خوتۇننىڭ كۈلۈشىدىن قورق.

▲ كىتابنى ۋاراقلاپ ئوقىغىنىڭ - زېرىككىنىڭ، ئوقۇغاننى خاتىرە يازغىنىڭ - ئۆگەنگىنىڭ، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلەتكىنىڭ - بىلگىنىڭ.

▲ مەن ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچى ئۇستاز ئىدىم، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئۆزۈمگە ئۇستازلىققا تاللىدىم.

▲ ئېرى ئىشچان، ئايالى تىرىشچانلارنىڭ ئۆيىدە «ئېچىل داستىخان»بولىدۇ.

▲ بېشىڭ قېتىپ، ئەقلىڭ قاچسا تاماكا چەكمەي «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇ.

- ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئاتا ئوغلىغا ئېيتتى: ئوغلۇم، تىرىشىپ پۇل تاپ، بولمىسا كىشىگە قۇل بولىسەن.

يىللار ئۆتتى، ئوغۇل ئوغلىغا ئېيتتى: ئوغلۇم، تىرىشىپ بىلىم ئال، دۇنيانى «قۇل» قىلىسەن.

- ئابدۇكېرەم ئابدۇخالىق

ئاپتور: قومۇل شەھەر لاپچۇق يېزا بوستان كەنتىدە، دېھقان

▲ زاماندىن ۋايىسما، «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ».

- خانزۆھرە مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات 2004 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## خىلۋەتتىكى خىياللار

▲ بەزىلەر شەھەر كۆرۈپ كۆزىنى ئاچسا، بەزىلەر«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇپ كۆزىنى ئاچىدۇ.

ئالدىنقىسى تاماشا، كېيىنكىسى روھنامە.

▲ سۆيگۈ - ئىشقنى چۈشىنىش ئۈچۈن ياشلىق باھارىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ.

▲ كېچىكىپ قەدرىگە يېتىش - ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىنكى يىغلاشتۇر.

▲ قىزلارغا: سۆيىمەن دەپ ئالدىڭغا كەلگەن ئەركەكتىن، ئالىمەن دەپ ئالدىڭغا كەلگەن ئەركەك ھەقىقىي ئەركەكتۇر.

▲ سۆيگۈ - ئىشق چىرايىنى ئۆلچەم قىلغان بولسا، بەزى چىرايلىق قىزلار ئەرسىز قالمىغان بولاتتى.

▲ ئوغۇل بۇزۇلسا كاززاپ، قىز بۇزۇلسا جالاپ بولۇر.

- ۋەرشىددىن تۇردىقۇلى

ئاپتور: تاجىك. ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزا ئالمىلىق كەنتىدە،دېھقان

※ ※ ※

▲ ئىرادە ھايات دەرىخىنىڭ يىلتىزى، تىرىشچانلىق غولى، ئۈمىدۋارلىق يوپۇرمىقى،خۇشاللىق چېچىكى، ئۇتۇقى - مېۋىسى.

▲ ئاچ كۆزلۈك - تەنھا بۆرە.

- ئادىلجان ئالىم ساداقىي

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ئەبجەش مەدەنىيەتتىن بۇلغىنىپ كېتىۋاتقان مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاتموسفېراسىنى ساپلاشتۇرغۇچىدۇر.

- باھارگۈل قادىر (پىغان)

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەسىرات ھاسىلاتى

▲ دۇنيا بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك يالغان گەپ «سەنسىز ياشىيالمايمەن».

▲ ئىشق كۆندۈرىدىكەن، مەجبۇرىيەت بويسۇندۇرىدىكەن.

▲ ئادەمنىڭ روھى چۈشىسە، قىممىتىمۇ چۈشىدۇ.

▲ ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىگە راۋا كۆرسەڭ، ئۇنىڭ بۇگۈنى سېنىڭ ئەتەڭ بوپقالىدۇ.

- گۈلمېھرە ئابدۇرەشىد

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل - ئەدەبىيات 2004 - يىللىق 9 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ شېئىر يازغانلارنىڭ ھەممىسى شائىر ئەمەس، چۈنكى سۇدا ئاققانلارنىڭ ھەممىسى تاھىر ئەمەستە.

- ئابدۇۋەھھاب جەلىل

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل - ئەدەبىيات 2003 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەن ھەرگىز تەلەيسىز ئەمەس، مۇھىمى، ئۆزۈڭگە كەلگەن تەلەيىنى قاچۇرۇپ قويغۇچى.

▲ رېئاللىق ھەرگىز «تاللا بازىرى»ئەمەس.

- ئادالەت جاپپار

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2003 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىراۋغا چوڭقۇر ئىشەنگىنىڭ كىشەنلەنگىنىڭ، بىراۋنى چوڭقۇر چۈشەنگىنىڭ ئۇنى كىشەنلىگىنىڭ.

- ھەسەنجان ھۇسەن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش ئۈنچىلىرى

▲ مېنىڭچە، دۇنيا ئۈچ خىل كىشىدىن تەركىب تاپقان: بىرى، ئۆزى ئويلىغاننى قىلالايدىغانلار؛ يەنە بىرى، باشقىلارنى دورىيالايدىغانلار؛ ئۈچىنچى بىر خىلى بولسا، ئويلاشقىمۇ، دوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغانلار. بىرىنچى خىلدىكىلەر ئەقىللىق، ئىككىنچى خىلدىكىلەر نورمال، ئۈچىنچى خىلدىكىلەر نادانلاردۇر.

▲ تارىختا نام قالدۇرۇپ، شۆھرەت قازانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەڭ دەسلەپ باشقىلارنى ئۆزىگە ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشماستىن، بەلكى ئۆزى دەسلەپ باشقىلارغا قانداق ماسلىشىشنى بىلگەن كىشىلەردۇر.

▲ تارىختىكى قەھرىمان - شېھىتلەردىن، بىرى، خەلقىنىڭ غەمگۇزارى بولغۇسى باتۇرلار، يەنە بىرى، جان ساقلاشنى ئەڭ ئالىي مەقسەت قىلغان ساتقىنلار ئىبرەت ئالىدۇ.

▲ ئېتىقاد تۇقۇنۇشى مەڭگۈلۈك، مەنپەئەت توقۇنۇشى ۋاقىتلىق ھادىسىدۇر.

▲ ئويلاش ـ ئىجادىيەتكە، ئىجادىيەت يېڭىلىققا ئېلىپ بارىدۇ؛ دوراش ـ تەقلىد قىلىش ـ دەللاللىق دېمەكتۇر.

ـ مەتتۇرسۇن مۇھەممەت

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە بۇيا يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ خادىمى

* * *

▲ ۋاقىتنىڭ قىممىتى شۇيەردىكى، ئۇ تۈنۈگۈن بەرگەن پۇرسەتنى بۈگۈن بەرمەيدۇ.

ـ ئازادگۈل تۇردى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ساياھەت باشقۇرۇش 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تىل بىلەن ئېغىز ئۆز رولىنى يوقاتقان بىلەن، دىل بىلەن كۆز ئاۋۋالقىدەكلا ناھايىتى سەزگۈر.

## گۈگۈمدىكى ئەبجەش خىياللار

▲ كېچە ـ ئۆز قوينىغا ئىنساننىڭ تالاي شەرمەندىلىكىنى يوشۇرغان.

▲ كېچە ـ جەسەتلەر بىلەن تولغان مەھشەرگاھ.

▲ كېچە ـ مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت ئۇرۇقىنى ساقلايدىغان بالىياتقۇ.

▲ كېچە ـ ئازغۇن ئىنسانلارغا ھايۋاناتلار دۇنياسى، ھايۋانلارغا ھەم شۇ.

▲ كېچە ـ دەرد ـ ھەسرەت تارتقۇچىلارنىڭ ئازاب يېشىنى خەقتىن يوشۇرۇدىغان خالىي جاي.

▲ كېچە ـ تەتقىقاتچىنىڭ تەجرىبىخانىسى، ھارغان پۇقرالارنىڭ ئارامگاھى، كەيپ ـ ساپاچىلارنىڭ ئىشرەتخانىسى، تەقۋادارلارنىڭ سەجدىگاھىدۇر.

ـ مەمتىمىن ھېكىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ قىزلارنىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشى، كەلگۈسىدە زامانىۋىلاشقان بىر توپ ياۋايىنى تەربىيىلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ـ مەريەمگۈل تۇرسۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئىجتىمائىي پەن تەييارلىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەپەككۇرنىڭ كۆزنىكى، دانانىڭ نەسىھىتى، روھىمىزنىڭ ئەينىكى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى.

▲ ئادەم مېڭىسى تەپەككۇردىن ئايرىلسا، بەئەينى بىر چىنە قايماقسىز قېتىققا ئوخشايدىكەن.

ـ ئوسمانجان ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بالىنىڭ يولسىزلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان تۇنجى تەلىپىگە ماقۇل بولۇش، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە جىنايەت ئىشكىنى چېكىشىگە يول قويغانلىق.

▲ قانۇننىڭ كۆزى ۋە قۇلىقى خەلق، ئېغىزى ۋە پۇتى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلاردۇر.

ـ ئالىمجان نەسرىددىن ئۆزقۇت

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە چامسال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھاياتتا يىغا ۋە كۈلكە بولغاچقا، يىلمۇ قىش ۋە ياز دەپ بۆلۈنگەن.

ـ دىلنۇر تۇراخۇن

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق «قوش تىللىق» سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ گۈلنىڭ پۇرىقى كىشىلەرنى مەست قىلسا، قىزلارنىڭ خۇلقى ئوغلانلارنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ.

▲ ياشانغانلار بىر قېتىم «ئۇھ» دېگەندە، ئۆزىنىڭ قانچىلىك قېرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ـ داناگۈل ئەمەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزائىگىلىك كەسپلىرى ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى ھايۋانات ئىلمى فاكۇلتېتى مال دوختۇرلۇق 2005 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سوئاللىرى جاۋابسىز قالغان ھەر بىر ياش، خېمىرتۇرۇچ سېلىنماي يېقىلغان پېتىر نانغا ئوخشايدۇ.

▲ گېزىتلەردە بېرىلىۋاتقان ئىسىم ئۆزگەرتىش ئېلانلىرىنى كۆرسەم كۈلگۈم كېلىدۇ. چۈنكى ئىسىمدا نېمە گۇناھ؟ ئىسىم نام ـ شۆھرەتنى بەلگۈلەمدۇ ياكى تەقدىرنى؟

ـ ياسىنجان قادىر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## گۈل بەرگىدىن تۆكۈلگەن شەبنەم

▲ ئادەم ئازابلانغاندا بىر بولسا ئۆزىنى چۈشىنىدۇ، بىر بولسا ئۆزگىدىن نەپرەتلىنىدۇ.

▲ تاشقى گۈزەللىك ئىچكى ـ مەنىۋى گۈزەللىك بىلەن بىرلەشمىسە، بەدىئىي سۈرەتتىن پەرقى قالمايدۇ.

▲ ئۆزۈڭگە خاس خاراكتېرىڭنى يوقاتمىساڭ، ئاندىن باشقىلارغا مەۋجۇدلۇقىڭنى ھېس قىلدۇرالايسەن.

▲ ئۈچ خىل ئادەم ئەڭ قورقۇنچلۇق بولىدۇ: كۆڭلى قارا، شەخسىيەتچى، ئۈجمە كۆڭۈل.

▲ ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە بويسۇنمايدىكەنسەن، تۇرمۇشنىڭ تارتىش كۈچىدىن مەھرۇم قالىسەن.

▲ قىزلار بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا خاتا خەت يېزىلىپ قالسا، ئۆچۈرگەن تەقدىردىمۇ ھامان ئىز قالىدۇ.

▲ دۇنيا ـ سوئال بىلەن بېزەلگەن ئۆتەڭ.

▲ ئىنسان ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان ھەم ياۋۇز، ھەم مېھرىبان مەخلۇق. لېكىن ئۇلار ئۈچ ئاتالغۇ ئالدىدا ئامالسىز: سىياسەت، يوقسۇزلۇق، ئېغىر كېسەل.

- ماھىرە تۇرغۇن

ئاپتور:قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل-ئەدەبىيات 2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## چاقچاقلارغا بىر تامچە

▲ ئۆزۈڭنىڭ خەلق ئارىسىدىكى قىممىتىڭگە قەبرەڭ جاۋاب بېرەلەيدۇ.

▲ مەغلۇب بولغاندا ئاسمانغا قاراپ ئاھ ئۇرغىچە، مەغلۇب بولۇشىڭدىكى سەۋەبنى تېپىپ چىققىن، بولمىسا قۇشلار يۈزۈڭگە چىچىپ قويىدۇ.

▲ قولدىن كېلىدىغان ئىشتىن ۋاز كېچىش ئىرادىسىزلىكتىن بېشارەت بەرسە، قىلالمايدىغان ئىشتىنمۇ ۋاز كەچمەسلىك كاجلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ.

▲ ھاراقنى رومكىغا تولدۇرۇپ ئېيتقىنى دوست ئەمەس، كۆزۈڭگە ياشنى تولدۇرۇپ ئېيتقىنى دوستۇڭدۇر.

▲ بىر دۆلەتكە باھا بەرگەندە نوپۇسىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى شۇ دۆلەتتىكى ئىقتىدارلىقلارنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ باھا بېرىش كېرەك.

▲رىقابەتسىز جەمئىيەت ئادەمنى ئاجىز-قابىلىيەتسىز قىلىپ قويىدۇ.

- مىركاملجان ئېلى(ئۇچقۇن)

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ تارىخ ئوقۇمىغان ئادەمگە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا يەرگە بارسا، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە يېڭى ۋە چۈشىنىكسىز بىلىنىدۇ.

▲ كېرەكسىز ئادەملەرنىڭ ئەخلەت مەيدانىدىكى ئەخلەتچىلىكىمۇ قىممىتى يوق. چۈنكى، لازىم بولغاندا كىشىلەر ئەخلەت مەيدانىدىن كېرەكلىك ئەخلەتلەرنىمۇ تاللاپ ئىشلىتىدۇ.

▲ چۈشكۈنلىشىش - روھنىڭ ئۆلۈمى.

▲ ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرغانلار بىر بولسا دانالار، يەنە بىر بولسا نادانلاردۇر.

▲ ئىنسان ئۆلۈمنى ئويلىمىغان بولسىدى، جاھان قان پۇراپ تۇرغان جەڭگاھنىڭ دەل ئۆزى بولغان بولاتتى.

▲ ئاتا-ئانىنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە جان تىكىپ ئىشلىشى ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگە ئۆزىنى ئېتىشى بولسا، بالىلىرىنىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن بۇزۇپ-چېچىشلىرى ئارقا سەپتىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ بۇزۇپ-چېچىشلىرىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئىنسان خورلۇققا ئۇچراپ دەپسەندە قىلىنغاندا ھەقىقەتنى سېغىنغۇچى، ئەركىنلىككە چىققاندا ھەقىقەتنى دەپسەندە قىلغۇچىدۇر.

▲ بىلىمسىز نادانلاردىن بىلىملىك نادانلار ئەڭ خەتەرلىك.

- تۇرسۇن قۇربان

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقساراي يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ بەزى چەت ئەل فىلىملىرى ئادەمگە نېمىشقا شۇنچە ياقىدىكىن دېسەم، ئەسلىدە ئۇلاردا ئىنسان تەبىئىتىگە يات سۇنئىيلىكلەر ۋە چاكىنا سىياسىي مەزمۇنلار كەم ئىكەن ئەمەسمۇ!

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ ھەر يېڭى سانىنى ئوقۇسام، خۇددى مىللىتىم ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل ئىنسانلار بىلەن بىر قېتىم مۇڭدىشىپ چىققاندەك يەڭگىللەپ قالىمەن.

▲ چاق ئېغىر يۈك كۆتۈرگەچكە تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ؛ شار يەل بېرىلگەچكە ھەريان لەيلەپ، بىر مەۋقەدە تۇرالمايدۇ.

- ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلامىي(ئۇيۇشقاق)

ئابتور: نىيا ناھىيە سىياسىي كېڭەشنىڭ خادىمى

## تېرىككۈر جەۋھەرلىرى

▲ ئەرنىڭ ئايالى تەرىپىدىن تۆكۈلگەن ئىناۋىتى مەڭگۈ تىكلەنمەيدۇ.

▲ سېنى ياخشى كۆرگەن قىز بىلەن توي قىلساڭ، ئۆيدە سەن ئەر بولىسەن؛ ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان قىز بىلەن توي قىلساڭ ئۆيدە سەن خوتۇن بولىسەن.

▲ ھەممە ئىشقا بىلەرمەنلىك قىلىپ ئارىلاشساڭ، چۈنەندەك قەدىرسىز بولىسەن.

- سەئىدۇللا ئابدۇرەھىم

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر ئەقلىيىسگە ئىسىم-فامىلىسىنى يېزىپ، تەپسىلىي ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان.

* * *

▲ ئادەمنىڭ جەلپكارلىقى - ھەرىكەتتە، پەزىلىتى - نىيەتتە.

▲ سۆيگۈگە نىسبەتەن: كۆز رادار، گۈزەللىك سىگنال، يۈرەك مەنبە (قوبۇللىغۇچى).

- ئابدۇمۇھەممەت ئابدۇرەھمان

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزا ئاققوم كەنتىدە، دېھقان

▲ سەۋر لايىقىدا بولسا ھالۋا پۇتىدۇ، چېكىدىن ئاشسا پۇرسەت كېتىدۇ.

- نۇرئەھمەتجان ئىسمائىل

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل-ئەدەبىيات 2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ۋاقتىدا باشلانغان ئىشنىڭ بەرىكىتى، كېچىكىپ باشلانغان ئىشنىڭ ھەسرىتى كۆپ.

▲ ساپاسى يوق گېزىت-ژۇرنالدىن ئەلنىڭ بىر ئېغىز مېغىزلىق گېپى ئەلا.

- روزىھاجى نەزەر

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيدان 8-روتىدا ئىشچى

## ئىرقلىمىگە باغلانغان خىياللار

▲ قولۇڭ يەتمىگەن نەرسە-ھەسەت ئوتۇڭغا تاشلانغان قۇرۇق ئوتۇن.

▲ ئەينەكتىن ئەكسىڭنى كۆرگەن بىلەن، ئەسلىڭنى كۆرەلمەيسەن.

▲ تامنىڭ ئاقلىقىدىن ھۇزۇر ئېلىپ ئولتۇرغان چېغىڭدا، ئارقىسىنىڭ سامان، لاي ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدىن چىقارما.

▲ ئامال تاپتىڭ ــ كامال تاپتىڭ.

▲ يولۇڭ مايماق ــ ئايىغىڭ يانتاق.

▲ ئۆسۈملۈك، دەل ــ دەرەخلەرنىڭ ئەتراپى قانچە شالاڭ ۋە يۇمشاق بولسا، تېخىمۇ بۈك ــ باراقسان ئۆسىدۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ ئۇنداق بولسا، ۋاقىتسىز سولىشىپ، قۇرۇپ تۈگەيدۇ.

▲ ئىرادە ــ ھاياتلىق سەپىرىڭدىكى ماي قاچىلاش پونكىتى.

▲ چەكتىن ئاشقان سالام ــ خۇشامەت.

▲ ئىشق ئوتى يۈرەكنى يېقىلغۇ قىلىپ كۆيىدۇ.

▲ ۋاقىتىدا باشلاش ــ پۇشايمانغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوق.

▲ نومۇسىڭنى تىكلىسەڭ، نوپۇزۇڭ ئۆزلۈكىدىن تىكلىنىدۇ.

▲ ساڭا كۆيۈنۈپ يۈرۈپ، كۆنۈپ قالغىنىڭنى سەزمەپتىمەن.

▲ بىراۋنىڭ تىلىدىن نىيىتىنى چۈشىنىسەن، ھەرىكىتىدىن روھىيىتىنى تاپىسەن.

▲ روھىي كېسەل ۋىرۇسلىرى كۆزدىن تارقىلىپ، ئەقىلگە يۇقىدۇ.

▲ نىيەت ئەگرى ــ يول ئۇزاق.

▲ قولۇڭدىكى بىر ھۈنەر، سېنى مىڭ قېتىم كۈلدۈرەر.

▲ ئاتا ــ ئانا ئاجراشتى، سەبىي قەلب ئاداشتى.

▲ تەربىيىسىز قالغان بالا ــ جەمئىيەتكە «بالا»، مىللەتكە ۋابا.

ــ سەلەيجان روزى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2004 ــ يىللىق 1 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تېرىككۈردىن تامچىلار

▲ بىكارچىلىقتا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرىدىغان ھۆرۈن ئەرلەرنى كۆرسەم، قونداقتا چىققان توخۇلار ئېسىمگە كېلىدۇ.

▲ تىل ــ چوقۇم بىل.

▲ مىنۇتلۇق غەپلەتنىڭ ئاقىۋىتى ئۆمۈرلۈك پۇشايمان.

▲ بەزىلەرنىڭ بىمەنە ئاق كۆڭۈللۈكى تۆپەيلىدىن ئېرىشىدىغىنى تۆھمەت.

▲ بۇگۈنكى ئىزدىنىش ــ ئەتىكى مۇۋەپپەقىيەت.

▲ باشقىلار ئالدىدا ئەيىبىنى يوشۇرىدىغانلار، بىرى، گەپ بەرمەيدۇ، يەنە بىرى تەن بەرمەيدۇ.

▲ ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت، تەپەككۈردىن ھاسىلات تۇغدۇرالايدىغان كىشىلەر يېڭىلىق ياراتقۇچىلاردۇر.

ــ زۆھرەگۈل ئەزىز

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 5 ــ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن تولۇق 3 ــ يىللىق 2 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ھازىر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىر ئوقۇغۇچى كىيىم ئالسا«ئەجەب چىرايلىقكەن، نەدىن ئالدىڭ، مەنمۇ ئالاي» دەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ. ئەمما بىر ئوقۇغۇچى كىتاب ئالسا «ئەجەب ياخشى كىتابكەن، مەنمۇ ئالاي»دەيدىغانلار ناھايىتى ئاز. كېلەچەكنىڭ ئۈمىدى بولغان ئوقۇغۇچىلار مۇشۇنداق دەۋاتقان يەردە، كەلگۈسى تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟

ــ مۇيەسسەر جېلىل

---

ئاپتور: شايار ناھىيە 1 ــ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ــ يىللىق 5 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «تارىم غۇنچىلىرى»ژۇرنىلى بالىلارنىڭ دۇنياسى، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ياشلارنىڭ باغچىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى بىلىملىكلەرنىڭ ئوردىسى.

ــ ئەنىيار ئەلى

---

ئاپتور: قاراماي شەھەر 2 ــ ئوتتۇرا مەكتەپ«قوش تىللىق» تولۇق 2 ــ يىللىق 1 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەرنىڭ يۇمشاق باشلىقى، ئايالنىڭ باشباشتاقلىقى، بالىلارنىڭ بەڭۋاشلىقى ــ بىر ئائىلىنىڭ زاۋالى ھەم گۇمرانلىقىدۇر.

▲ سۆيگۈ ــ مۇھەببەت ــ شەبنەم چۈشكەن تاڭ سەھەر.

▲ كۆپ سۆزلىگۈچى زېرىكتۈرگۈچى، كۆپ تەڭگۈچى تېرىكتۈرگۈچى.

▲ غېرىبلىق ــ قاغجىرىغان دالا، يالغۇز گىياھ.

ــ ئابلاجان ئابلەت

---

ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيە ۋۇماچاڭ يېزا «قوش تىللىق» تەجرىبە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ چۈمۈلىنىڭ كىچىك بولسىمۇ بېشى بار، شۇڭلاشقا ئەركىن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما پۇتبولنىڭ بېشى بولمىغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى تېپىپ ئوينايدۇ.

▲ مەن خورازغا بەكمۇ ھەۋەس قىلىمەن. ئەگەر ئۇ بىر تال تېپىۋالسا، ئالدى بىلەن مېكيانلارنى چاقىرىدۇ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ئۆزى يەۋالمايدۇ.

ــ شېرىپجان ئابدۇغېنى

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە 1 ــ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ــ يىللىق 2 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىر كۆرۈپ ئاشىق بولماي، بىر چۈشىنىپ ئاشىق بول.

ــ ئەنۋەر ھۈسەن

---

ئاپتور: پېچان ناھىيە لۈكچۈن بازار سىركىپ يېزا ئىگىلىك كەسپلىرى تېخنىكىسى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئۇنتۇپ قالمىغىن، دوستۇڭنىڭمۇ دوستى بار.

▲ دوستۇم، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ بىلىم ئىگىلەپ، ئوزۇقلۇق يىغايلى! بولمىسا، كېيىنەكتەك يازدا ئويناپ ــ كۈلۈپ يۈرۈۋالغىنىمىز بىلەن، زىمىستان قىش كەلسە چۈمۈلىنىڭ ئىشىكىنى چېكىشكە مەجبۇر بوپقالىمىز.

---

ئەپسۇس: ئاپتور مەزكۇر ئەقلىيىسگە ئىسىم ــ فامىلىسى ۋە تەپسىلىي ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان.

▲ ئەخلاقسىز ئايال ــ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلمىغان قاتىل.

▲ سۇ ئۈزۈش تەس ئەمەس، سۇغا كىرمەك تەس.

▲ نىشانسىز كىشى سائەت ئىستىرېلكىسىغا ئوخشايدۇ، توختىماي ماڭغىنى بىلەن مەنزىلىگە يېتەلمەيدۇ.

- نۇرئەلى تۇراپ

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2005 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىلىپ تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك، ماھىيەتتە يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىلىغانلىق.

▲ دوستۇم، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدىم دەپ قايغۇرما. ھاياتتا سەن قاتنىشىدىغان تالاي ئىمتىھان بار، شۇلاردىن ئۇتۇقلۇق - نەتىجىلىك ئۆتەلىسەڭ، شۇندىلا سەن ئەڭ مۇنەۋۋەر ستۇدېنت ۋە دۇنيا ئالىمدۇرسەن.

- رىزۋانگۈل جاپپار(زىبا)

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئازاق ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى سەرخىللىشىپ رەڭدارلاشتى، بىراق جان دادام تولا قانال يۆتكەپ بەك ھېرىپ كەتتى.

## ھايات دېگەن...

▲ كۆرمىگىلى ئادەم ۋە قانچە يېزىنى باشقۇرغان بوۋامنى ئەمەلدىكتە كىچىك نەۋرىسى باشقۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

▲ چوڭلار سەنتۈرۈلۈپ كەتسە، ياشلار ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

▲ گۈزەل ئاياللارنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىمۇ ئوخشىمايدۇ: ھۆسنى گۈزەل ئاياللار كىشىنى ئۆزىگە چاقماقتەك جەلپ قىلسا، قەلبى گۈزەل ئاياللار بۇلاق چەشمىلىرىدىن چىققان سۈزۈك سۇدەك قەلبنى دائىما ئويغىتىپ تۇرىدۇ.

- ئابدۇجەلىل ئابدۇقادىر كېرەم ھاجى

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا چاھارباغ كەنتىدە، دېھقان

## پىنھان قەلبىمكى روشەن ئۇچقۇنلار

▲ تور ھەممىنى سۈزىمەن دەپ يوغىناۋەرگەچكە، تۆشۈكلىرىدىن نۇرغۇن ئۇششاق بېلىق چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ ئاددىي كىشىلەر ئارىسىدىمۇ دۇنياۋى مەشھۇر پىكىرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئۈمىد بىلەن قارىيالىغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»سەھىپىسىگە تەشەككۇر.

▲ سەن قايسى ئىشنى باشقىلاردىن ياخشىراق قىلالايسەن؟ مۇۋەپپەقىيەت يولۇڭ ئەنە شۇ يەردە.

▲ ھەربىر كەمچىلىكنىڭ مەغلۇب ئارمانلىرىڭ قامالغان تورمىنىڭ بىر تال رىشاتكىسى.

▲ دىلى كورلارغا چىراغ، زېھنى چۆللەرگە بۇلاق، تەپەككۇر چېقىنلىرىغا ئاسمان، پىكىرداشلارغا سورۇن، سۇنۇق كۆڭۈللەرگە تەسەللى، تېڭىرقىغانلارغا يول كۆرسەتكەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇركۆزى»سەھىپىسىگە مىڭ مەرتىۋە تەشەككۇر.

- ئابدۇرەھمان ھاپىز

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە يىلقىچى يېزا لەڭگەر باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئۆتمۈشكە نەپرەتلىنىش، زاماندىن زارلىنىش، كېلەچەكنى كۈيلەش - شائىرلارنىڭ مەنتىقىسى.

- ئۆمەرجان سالام

ئاپتور: شايار ناھىيە «مەشئەل» كىتابخانىسىدا

▲ كۆز - پۈتكۈل دۇنيانى كۆرەلەيدىغان، ئەمما بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدىغان ئەزادۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى - مەدەنىيەت ئەلچىسى.

- ھەمەرجان ھېكىم ھارماس(پارسا)

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە شابتۇل يېزا كىچىك ئاقئېرىق كەنتى قەلەندەر مەھەللىسىدە، دېھقان

## دىل ياپراقلىرى

(نەسرلەر)

▲ قۇرۇپ كەتكەن ياپراق ئۈچۈن باھارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟

▲ مېۋىسىز دەرەخ كۆز شادلىقىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

▲ ئۇ ئىشلار ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلاندى...سۇسىز دەرياغا كېمە سېلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ئۆتكەن ئىشلاردىن چۈش كەبى ئەسلىمە قالدۇ.

▲ بېلىقنىڭ سۇغا تەشنالىقىنى قۇشلار ھېس قىلالامسۇنمۇ؟

قۇشلارنىڭ كۆككە بولغان مۇھەببىتىنى بېلىقلار چۈشەنسۇنمۇ؟

▲ ئادەم - تۇپراقنىڭ ئۈمىدى، ياخشىلىقنىڭ زاھىرەن شان-شەرىپى.

▲ كىشى مۇھەببەتتىن ئۆزىنى تونۇيدۇ.

▲ ئادەمنىڭ كۆزىدىكىسى - مەڭگۈلۈك سايە.

▲ ئۇلۇغ قەسىرلەر،ساماۋى شەھەرلەر،بۈيۈك سەلتەنەتلەرنى يىللار شامىلى ئۇچۇرۇپ كەتتى. بۇ، بۇ ياراتقۇچىنىڭ ۋاقتى ئالدىدا ئىنساننىڭ ۋاقتىنىڭ بىر دەقىقىگىمۇ ئەرزىمەيدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى.

▲ ماھىيەتتە باشقىلارنىڭ كۆرىدىغىنى سەن ئەمەس، بەلكى سەندىكى ئارتۇقچىلىق.

▲ گۈزەللىك ئۆز مۈلكۈڭ ئەمەس، ئۇ ساڭا قويۇلغان ئامانەت.

▲ ئادەم باشقىلار ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسىلەردىن ۋاز كەچكەندىلا ئاندىن ئۆزىگە ئىگە بولالايدۇ.

▲ مۇھەببەتتىكى پىداكارلىق خۇددى قەھرىماننىڭ ۋەتەن ئالدىدىكى پىداكارلىقىدەك ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. بۇ خىل جەريان مېنى سۆيۈندۈرىدۇ.

▲ ئۆلۈم - ئىنساننىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاللىشى.

▲ باشقىلارنىڭ يولى قانچە گۈزەل، قانچە بۈيۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سېنى يارىتىدىغىنى يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ يولى.

▲ سېنى چەكسىز سۆيىمەن، شۇڭلاشقا سېنى قەلب زىندانىمدا بىر ئۆمۈر جازالايمەن.

سېنى چەكسىز ئەتىۋارلايمەن، شۇڭلاشقا سېنى يۈرىكىمنىڭ ئەرزىمەس تۇپراقلىرىغا كۆمۈپ بىر ئۆمۈر ساقلايمەن.

▲ سۆيگۈ - مۇھەببەت بىر چۈش، سەن ئۇنىڭدا ئەقلىڭ يەتمەيدىغان مۆجىزىلەرنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن.

▲ مەن سەندىن چەكسىز يىراقتا، ئەمما سەن قەلبىمگە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان.

▲ ئىمتىياز مۇھەببەتنىڭ قوينىغا كىرگەندە ئۇلۇغلۇقتا، مۇھەببەت ئىمتىيازنىڭ قوينىغا كىرگەندە خۇنۇكلۈككە يۈزلىنىدۇ.

▲ يۇلتۇز ـ ئاسماندىكى چىراغ.
چىراغ ـ زېمىندىكى يۇلتۇز.

▲ قۇرۇپ قاقشال بوپقالغان دەرەخ شاخلىرى يۇلتۇزلارغا سۇنغان قوللىرىم...

▲ مەيلى چۈش قانچە قاباھەتلىك بولسۇن، ئۇيقۇ بۇنىڭغا ھامان سۈكۈت بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

▲ ئاياللىق گۈزەللىكى ئۇنىڭ سىرلىقلىقىدا. چىراغ نۇرى ئاستىدىكى ئايالدىن قاراڭغۇلۇقتىكى ئايال تېخىمۇ گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك.

▲ ئۆتمۈشنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرى ئەسلىمەمنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىۋالدى...

▲ چۈش ـ تۈنتۈپ قالغىلى بولمايدىغان مېھمان.

▲ شەبنەم ـ تۈننىڭ گۈلگە قالدۇرغان جاۋابى.

▲ قىراۋ ـ يازنىڭ شېرىن ئەسلىمىسى.

▲ ئادەم مۇھەببەت ئارقىلىقلا پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئىمتىيازغا ئېرىشەلەيدۇ.

▲ سەن ھەرقېتىم ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگەنىڭدە قەلبىمدىكى بىر بۇلاقنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ.

▲ سايە نۇرنىڭ مەھسۇلى. نۇر مەۋجۇد بولغاندىلا سايە مەۋجۇد بولىدۇ.

▲ خاتالىق ـ توغرىلىقنىڭ سايىسى.

▲ ئۆزۈڭ ئۈچۈن گۇناھ ئۆتكۈزسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ دوزىخىدا كۆيىسەن.

ـ رەخمىجان ياسىن قايىنامى

ئاپتور: قورغاس ناھىيە مەركىزىي سانائەت ـ سودا بازىرى 24 ـ دۇكاندا

## ئېچىش خىياللار

▲ ئائىلىدىكى تۈگىمەس ماجىرا بىر بولسا شوخلۇقتىن، بىر بولسا يوقلۇقتىن.

▲ كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەرساھە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئالىدىغان ئۇنۋان ـ دىپلوملىرى تولىمۇ كۆپ. ئەمما ھېچقانداق مەكتەپ ياكى ئورگان، تەشكىلاتلار بېرىش قولىدىن كەلمەيدىغان بىر دىپلوم بار، ئۇ بولسىمۇ پەقەت ئۆلگەنىدە خەلق بېرىدىغان دىپلوم.

▲ سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭگە تەن بەرمىگىنىڭ، يەنە شۇ ئىشنى تەكرارلىماقچى بولغىنىڭ.

▲ ئاياللارنىڭ سەۋر ـ تاقىتى، جاپاغا چىداش روھى، ئىتائەتمەن مۇلايىملىقى، نازاكەتلىك خۇلقى ئۇلارنى بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشتۈردى.

ـ سەۋرىدىن ھەنىپىدىن

ئاپتور: قارامااي شەھەر جەرەنبۇلاق نېفىت بۇرغىلاش 1 ـ شىركەت 50597 ـ ئەترەتنىڭ ئىشچىسى

## ھېكمەت ئۈنچىلىرى

▲ پۇپۇك بىركۈندە پاخپىيىپ، بىر كۈندە توزۇيدۇ.

▲ زېھنى تازا كىشى، سەن بولۇشىغا ماختاۋاتقان چېغىڭدا ئۇخلىۋالىدۇ.

▲ ئاتا ـ ئانىنىڭ جاپاسى پەرزەنتنىڭ ۋاپاسى ئىچىدە راھەتكە ئايلىنىدۇ.

ـ مۇھەممەت ئابلەت



ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 14 ـ دىۋىزىيە گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ھاياتىمدا ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالمىدىم، دەپ قايغۇرۇپ يۈرمەڭ، پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ يارامىلىق ئادەم بولغىنى سىزنىڭ غەلىبىڭىزدۇر.

ـ ئېلى توختى

ئاپتور: باي ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر چەشمىلىرى

▲ دۇنيانىڭ يوللىرى قانچە كەگرى بولغانسېرى نېمىشقا شۇنچە قىستاڭ بولىدۇ؟ چۈنكى ئادەملەر بوش يەرنى بىلىپ تۇرسىمۇ قىستاڭچىلىقتا ئۆزىنى ئۇرىدۇ.

▲ قۇلاق تەبىئەت دۇنياسىدىكى جىمى شاۋقۇن ـ سۈرەننى ئاڭلايدۇ لېكىن ئىنسان قەلبىنىڭ نىداسىنى ئاڭلىيالمايدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنيادا ھەقىقەتكە ئوخشاش يېگانىلىقىنى بىلسە ئىدى، ئۇ ھالدا باشقىلاردىن رەنجىشنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق ھېس قىلغان بولاتتى!

▲ ئادەم ئۆزى ئۈچۈن يار بولالىغان چاغدا، ئۇنى سۆيۈدىغانلار شۇنچە كۆپىيىدۇ.

▲تەسەللىنى باشقىلاردىن ئىزدىگەن .ئادەم ئۇلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ باشقىلاردىن مېنى چۈشەنمىسىز ،دەپ سوراشتىن ئاۋۋال ئادەم ئۆزىدىن مېنى چۈشەنمىسىز، دەپ سوراش ياخشىراق.

▲ بىر بەختسىز ئادەم بەختتىن سورىدى: سەن نېمىشقا ماڭا ھەردائىم ھومىيىپ قارايسەن؟ بەخت دېدى: تەكەببۇرلۇقىڭدىن مېنى كۆرمەي دەسسەپ ئۆتكەنلىكىڭدىن.

▲ كۆپ ئادەم ئالدىدا ئۆز سەۋەنلىك ـ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلالىغان ئادەم ھەقىقىي راستچىل ـ سەممىي ئادەمدۇر.

▲ ئۆزىگە رەھىم قىلغۇچىلار تەقدىرنىڭ ئالقىنىدىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلىيەلەيدىغان ئادەم ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەمدۇر. ئۇنىڭ قۇدرەتلىكى دەل ئۆزىنى دەڭسىيەلىگىنىدە .

▲ بىز دائىم مەغلۇبلارنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىمىز، لېكىن ئۇمىدسىزلەرنى دىققەت سىرتىدا قويىمىز.

ـ نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ مەرتىۋەڭ قانچە كۆتۈرۈلگەنسېرى ھەقىقىي دوستۇڭ شۇنچە ئازلايدۇ.

ـ ئايىمنىسا مەتياقۇپ

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەربىر ئىنسانىنى ئۆزىنىڭ ئادىمىلىكى ھەققىدە ئويلاندۇرسا، «تەپەككۇر

مېۋىلىرى» سەھىپىسى توختاۋسىز ئۆزىنى چۈشىنىش ۋە ئۆزى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

ـ ئابدۇكېرىمجان ئابدۇرەھمان(شەپەق)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى تەكرارلاش سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەي دېسىڭىز، يىراقىراق مەنزىلنى تاللاڭ.

ـ تۇرسۇنئاي ئابدۇغوپۇر

---

ئاپتور: نىلقا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىق 12 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تېرىككۈر تۆكمىلىرى

▲ دۈشمىنىڭنىڭ تولىسى بۇرۇن سەن يېقىن ئۆتكەن دوستلىرىڭدىن چىقىدۇ.

▲ دۆت قىياپىتىگە كىرىۋېلىش، قارشى تەرەپنىڭ زېھنىنى ئېچىشتىكى ياخشى ئۇسۇل.

▲ ئىمان ـ ئېتىقادتىن خالىي ئەخلاقنى تەكىتلەش، يىلتىزسىز دەرەختىن مېۋە كۈتكەنگە باراۋەر.

▲ ھەرقانداق قانۇن تەبىئىي ھالدا ئەخلاق دەرىجىسىگە يېتەلمىسە، ئۇنى ئىجرا قىلىش شۈبھىسىزكى ھۆكۈمرانلارنىڭلا ئىش بوپقالىدۇ.

▲ سۆز ئەركىنلىكىگە زىيادە چەك قويۇلغان جەمئىيەتنىڭ شائىر ـ يازغۇچىلىرى يېپىق ئىبارىلەرگە ئۇستا بوپكېتىدۇ.

ـ ئابلىمىت سالىھ ئەمەت

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى دورا ياساش بۆلۈمىدە دورىگەر

## يانبۇلاق خىياللىرى

▲ بىز بەش نەرسىنى دەپ بەش نەرسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىمىز: پۇلنى دەپ ھالاللىقتىن، گۈزەللىكنى دەپ ھايادىن، ئىشرەتنى دەپ ھاياتتىن، خوتۇننى دەپ ئاتا ـ ئانىدىن، مىراسنى دەپ قېرىنداشتىن.

▲ ئوتتا كۆيسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئوتىدا كۆي، تاۋلىنىسەن؛ سۇدا ئاقساڭ«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ سۈيىدە ئاق، تازىلىنىسەن.

▲ ياش بىلەن كۈلكە ئوخشاشلا كۆزدىن چىقىدۇ.

▲ دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان مۇتلەق ئىككىلا نەرسە بار: بىرى، ماددىنىڭ ھەرىكىتى؛ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتى.

▲ ياخشىلىق قىلىپ ئۇنتۇپ كەتسەڭ ـ دىيانەتتۇر.
ياخشىلىق كۆرۈپ ئۇنتۇپ كەتسەڭ ـ خىيانەتتۇر.

▲ سىڭمىگەن تاماقنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزۈڭ بىلەن كېتەر،
سىڭمىگەن گەپنىڭ ئاقىۋىتى خەتەر.

▲ سەن دۇنياغا تۇنجى قېتىم كۆز ئاچقان كۈن، ئاناڭ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كۆز ئاچقان كۈندۇر.

▲يول تېپىش ئۈچۈن ئەقىل تاپ، ئەقىل تېپىش ئۈچۈن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى تاپ!

▲ ئىقتىساد قىلىش ـ دەسمىيىسىز تىجارەتتۇر.

▲ ئىككى خىل كىشىدىن ئۈمىد كۈتمە: بىرى، مىشىلداپلا تۇرىدىغان؛ يەنە بىرى، ھىجاراپلا تۇرىدىغان.

▲ كىشىنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن ئىككى نەرسىنى بىلەلەيسەن: بىرى، شۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىنى؛ يەنە بىرى، تېخى ئېيتمىغان سىرىنى.

ـ ھاجىمۇھەممەت ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل چىراغلىرى

▲ بارچە قايغۇ ـ ئەلەملىرىڭنى ئۇنتۇماقچى بولساڭ، بىر نومۇر كىچىك ئاياغ كىيىپ سىناپ باق.

▲ پۇرسەتنى ھەركىم ئۆزى يارىتىشى كېرەك. سەن ئىشنى باشلىساڭلا پۇرسەت ھەرىكىتىڭگە ياندىشىپ ساڭا ھەمراھ بولىدۇ.

▲ بىرەر ئادەمنى چۈشەنمەكچى بولساڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە دۈشمەنلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كۆر.

▲ خۇشاللىق باشقا(يېڭى)بىر خۇشاللىق ياكى خاپىلىق سەۋەبلىك ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ، ئەمما قايغۇ ئاسانلىقچە ئەستىن چىقمايدۇ. بولۇپمۇ دوستۇڭنىڭ خىيانىتى مەڭگۈ ئېسىڭدىن چىقمايدۇ.

ـ ئابلىز ئۆمەرھاجى

---

ئاپتور: «قۇمۇل گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى

* * *

▲ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت شۇنداق بىر سېھرىي كۈچكە ئىگىكى، ئۇ ھەرقانداق بىر ياشنى قېرىتىۋېتەلەيدۇ ۋە ھەرقانداق بىر قېرىنىمۇ ياشارتىۋېتەلەيدۇ.

▲ تاشقى گۈزەللىك باھاردىكى گۈلگە ئوخشسا، ئىچكى ـ مەنىۋى گۈزەللىك زېمىستان قىشتىكى قارلەيلىسىگە ئوخشايدۇ.

ـ راھىلە تۇرسۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەن كېچىكمىدىڭ، چۈنكى سەن تېخى ھايات.

ـ شاۋقۇن

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايىتى تەجرىبە تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بارلىق ئىشىڭنى بىلىپ تۇرۇش دوستۇڭنىڭ مۇھىم ئىشى، شۇڭا ئۇ ھەم ناھايىتى قەدىرلىك، ھەم ناھايىتى خەۋپلىك.

ـ تاھىرجان ھاجى

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئوقۇشسىزلىقتىن كېيىنكى ساۋاق ئادەم مېڭىسىگە خۇددى «تاشقا ئويۇلغان خەت»تەك ئورناپ كېتىدۇ.

▲ كىچىكىدە ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن ئوغۇل چوڭ بولغاندا ئاتا ـ ئانىسىغا «بالا»بولىدۇ؛ كىچىكىدە ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن قىزنىڭ چوڭ بولغاندا ياتار يېرى تالا بولىدۇ.

ـ مۇھەممەتجان مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھازىرقى بەزى ياشلاردىكى ۋىجدان ــ يىرتىلغان ئىشتان.

ــ ئادىل يۇنۇس

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## گۆھەر ھېسلار

▲ قىزلىرىمىزدا مۇنداق ئۈچ رەڭ كۆنسايىن سۇسلاشماقتا: مەڭزىدىكى قىزىللىق، كۆڭلىدىكى ئاقلىق، چاچلىرىدىكى قارىلىق.

ئوغۇللىرىمىزدا مۇنداق ئۈچ خىل خىسلەت سۇسلاشماقتا: ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق، كۈچلۈك ئېتىقاد، كۆزىدىكى مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئۇچقۇنلىرى.

▲ گۈل تولۇق ئېچىلغاندا ھەسەل ھەرىسى ئۇنىڭ چىن سىردىشى بولسا، ئەگەر بالدۇرلا ئېچىلىۋالسا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇدىغىنى كېپىنەك بولىدۇ.

▲ جاھاندا رەزىللىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئالىيجانابلىق بارلىقىنى، نەپرەت بولغاچقىلا مۇھەببەت بارلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئەينەكمۇ كەينى سىرلانغاندا جىسىم يۈزىنى ئاندىن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ ـ دە.

▲ نىكاھ پۇل ئارقىلىق سېتىۋېلىنغاندا مۇھەببەتنىڭ قەبرىسى، روھىي مۇھەببەتنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا يېتىش يولىدىكى قونالغۇ بولۇپ ئىپادىلەنگەندە مۇھەببەتنىڭ جەننىتى، زورۇرىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندا تراگېدىيىنىڭ باشلىنىشى.

ــ ئەسقەر ھاجى

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## مۇنبەر چېقىنلىرى

▲ دەرسلىكتىكى ئىسلاھات ـ ئىدىيىدىكى ئىسلاھاتتۇر.

▲ كىشىلىك تۇرمۇش تەربىيە سۇپىتىدە ھەربىر شەخس ئۈچۈن پەقەت كىچىككەن ھەقىقەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ «جەمئىيەت تەربىيىسى»نىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى، مائارىپ تەربىيىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ تەربىيىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى تەپەككۇرنىڭ ئاددىيلىقىدىن بولىدۇ.

▲ بۇ دۇنيادىكى ھەركىمگە ئۆز ئىشى تاپشۇرۇلغان.

▲ بىرمىللەتنىڭ مائارىپىغا نىسبەتەن تەربىيىنىڭ يىرىمى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن كېلىدۇ.

▲ بىلىم ئادىمىيلىكتىن چەتنىسە ئادەم ھايۋانمۇ بولالمايدۇ.

▲ مۇستەقىل ئىدىيىسىز شەخسنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ

▲ ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ تراگېدىيىسى ــ ئادەمنىڭ ماشىنىلىشىشىدۇر.

▲ تەربىيە ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق ئۆزىگە ئىگە خەلقتۇر؛ ئۆزىگە خاس تەربىيە تىلىغا ئىگە خەلق ئۆز مەۋجۇدلۇقىغا ئىگە خەلقتۇر.

▲ ھەربىر بىلىم، تەجرىبە ـ دۇنياغا ئۆتۈدىغان ئىشىكتۇر.

▲ كىشىلىكنىڭ ھاۋاسى مېھنەتتۇر.

ــ ئابدۇرەھمجان يۈسۈپ ئۈمىد

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئىنتىلىش ئەركىنلىككە دالالەت قىلسا، موھتاجلىق قۇللۇققا دالالەت قىلىدۇ.

▲ كىشىلەرگە ناھەق قىلغان ھاقارەتنىڭ ــ ئۆزۈڭگە بەرگەن باھايىڭ.

ــ ھەلىمىئاي قادىر

ئاپتور: جۇڭگو خەلق بانكىسى توقسۇن ناھىيە تارمىقىنىڭ خادىمەسى

## ھېكمەت تېۋشلىرى

▲ قىممەتنى ئۆزىمىز يارىتىمىز، كىشىلەرنىڭ بىزگە بېرىدىغىنى قىممەت ئەمەس بەلكى باھا. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز نېمىشقا ئۆز قىممىتىمىزنى باشقىلارنىڭ بىزگە بولغان باھاسىدىن ئۆلچەيمىز؟

▲ ئانىنىڭ ساپاسى ــ بالىنىڭ تەقدىرى.

▲ ئادەمنىڭ كۆڭلى ۋە نىيىتى ئەگرى بولسا، باشقىلارنىڭ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن قىلغان ياردەم ھەم ياخشىلىقى ئۇنىڭغا يامان نىيەتلىكتەك تۇيۇلىدۇ.

ــ ھاشىمگۈل تۇرسۇن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن ـ سىياسىي فاكۇلتېتى باللار مائارىپى 2002 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ دۇنيادا ئەڭ ئاسان تاپقىلى بولىدىغان نەرسە باھانە.

▲ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتە ۋەيران بولۇشتىكى سەۋەب: سۆيسەڭ ئېگىلىسەن، سۆيۈلسەڭ غادىيىسەن، ئاخىرى بېرىپ ۋەيران بولىسەن.

▲ تۆگىدىكىدەك ئېتىقاد بولغاندىن كۆرە، چۈمۈلىدىكىدەك ئېتىقاد بولغان ياخشى. چۈنكى تۆگىنى كىم يېتىلىسە مېڭىۋېرىدۇ، بىراق چۈمۈلە يېتىلىگەن تەرەپكە ماڭمايدۇ.

ــ سىددىقجان يۈسۈپ(ئۈچقۇن

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى فىزىكا فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تالقىنلىرى

▲ مۇلاھىزە ـ ئەقىلنىڭ گىمناستىكىسى.

▲ بىزدە: «ئاياللار كەم ئەقىل»دەيدىغان سۆز بار. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ھېسسىياتى بېسىپ چۈشىدۇ، خالاس.

▲ جىسمى ئەمگەكنى، دىلى ئىلىمنى سۆيگەن كىشىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا مەن كېپىل.

▲ ئۆمۈر مېۋىلىك دەرەخ، غايە ئۇنىڭ يىلتىزى، ئەمگەك ھوسۇلىدۇر.

▲ ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بىلگەن ئىش، سىر ئەمەستۇر.

▲ ئورۇمچى ئەڭ ئەقىللىقلەر ۋە ئەڭ نادانلار توپلانغان جاي.

▲ ئۈمىد ئۆرىگە تارتىدۇ، ئۈمىدسىزلىك گۆرگە.

▲ ئىلگىرىكىلەرنىڭ تارىخى، كېيىنكىلەر ئۈچۈن خەرىتە.

▲ ھايات مۇساپىسىدە ئىنسان گويا بىر سەپەر قىلغۇچىغا ئوخشايدۇ. بىلىم ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ئۇلاغ بولسا، جاھالەت ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن بېسىپ تۇرىدىغان يۈكتۇر.

▲ ئۈچ خىل كىشى ئۈچ خىل ئەھۋالدا سىنىلىدۇ: ئىمان ـ ئېتىقاد مۇئامىلىدە، ئايال يوقسۇل چاغلاردا، دوست باشقا كۈن چۈشكەندە.

▲ ئانانىزم(قولدا لەززەتلىنىش) - كىشىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىنى بۇلايدىغان سىرلىق بۇلاڭچى.

▲ يىگىتنىڭ مەھبۇبىسىنىڭ ئىشتانبېغىغا قول ئۇزىتىشى - سېنى تاشلىۋېتىمەن، دېگەنىنىڭ تىنىش بەلگىسىدۇر.

▲ ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى، مىللەتكە ئۆلارنىڭ ھېس قىلالمايۋاتقان تەرەپلىرىنى تونۇتىدىغان يازغۇچى.

- خەلىل ھۇسەن مۇجاۋىرىي

---

ئاپتور: قىرغىز،شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

## پارچە تەسىرات

### ئۆزگەرگەن مەنتىقە

بوۋام، داداملار ھەقىقەت(ھەق)كە ئىشىنىپ ياشاپتىكەن، مەن ئەمەلىيەتكە ئىشىنىپ ياشىدىم، بالام بولسا نېمىگە ئىشىنىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراۋاتماقتا...

### مۇنبەر خىياللىرى

▲ مائارىپىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمەسلىكىنىڭ ئاساسلىق بىر سەۋەبى، «ئوقۇتقۇچى»لارنىڭ «ئۇستاز»لارغا ئايلىنالمىغانلىقىدا.

▲ كونىلارنىڭ «قوش ئۇۋىسىدا كۆرگەننى قىلار»دېگىنى، مائارىپنى ئائىلە تەربىيىسىدىن باشلا، دېگەنلىكىدۇر.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇستازغا ئايلانغىنى، سىنىپتا ئوقۇتقۇچى، جەمئىيەتتە ئۈلگە كۆرسەتكۈچىگە ئايلانغىنىدۇر.

▲ ئۆزۈم بىر مائارىپچى، بالامنىڭ تەبىئەت ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا تولۇق بولمىسىمۇ جاۋاب بېرەلەيمەن. ئەمما جەمئىيەت ھەققىدە سورىغان بەزى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمىگىنىمدە كۆزلىرىمگە تىكىلىشىدىن تېنىم تىكەنلىشىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ يارامىلىق ئوقۇتقۇچى ياكى ئەمەسلىكىڭگە ئوقۇغۇچىلىرىڭ ئارقىلىق باھا بەرمەكچى بولساڭ، ئۇلارنىڭ سېنى كۆرگەن چاغدىكى چىرايىغا، كەيپىياتىغا قارا؛ ۋىجدانىڭ ئارقىلىق باھا بەرمەكچى بولساڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭنى قانچىلىك چۈشىنىدىغانلىقىڭ ۋە سۆيىدىغانلىقىڭنى سورا.

- ئابدۇرەھمان نىياز

---

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ چىرايلىق گۈلنىڭ تىكىنى بار. قىزلار ئەدەب،شەرم-ھايا بىلەن چىرايلىق. ئەدەب، شەرم-ھايا بولسا قىزلارنىڭ«تىكەن»ى.

▲ كىتاب ئىنسانىيەت ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان ئەلئىبھرام، ژۇرنال بولسا كىتابنىڭ بىر تۈرى. ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى بىلىدىغان ھەرمىللەت ئوقۇرمەنلىرى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ژۇرنال «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىمۇ قەلبى ئويغاق، قەلىمى ئويناق يازغۇچىلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان «ئەلئىبھرامى». ئۇشبۇ «ئەلئىبھرام» بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىپتىخارى.

▲ بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغىنى پەقەتلا سائەت ئىسترېلكىسىنى قولىمىز بىلەن بۇراش ئارقىلىق كەينىگە ياندۇرۇشلا، خالاس.

- ھەسەنجان ھېسامىددىن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكۇلتېتى فىزىكا 2005-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەمتىرەپ يۈرگۈچىلەر ئۈچۈن ئەڭ دانا يول كۆرسەتكۈچى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ئىكەن.

▲ قىزىقىش بولمىغان يەردە ئەسلىمىمۇ بولمايدۇ.

- ئايشەمگۈل مۇھەممەت

---

ئاپتور: ئۈمۈل دارىلمۇئەللىمىن 2005-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنسان بەدىنى ئومۇرتقىسىز ئۆرە تۇرالمايدۇ. ئېتىقاد بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزدىكى ئومۇرتقا.

▲ شەخسىيەتچىلىك - ھەسەتخورلۇقنىڭ ھامىلىسى.

- زەينۇرە زەئىددىن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات 2002-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر چېقىندىلىرى

▲ كىتاب ئۆز رولىنى ئەمەس، بەلكى كىتاب ئوقۇيدىغانلار ئۆز رولىنى يوقاتماقتا.

▲ ئېتىقادسىز ئازغۇنلارنى نادانلار ئارىسىدىن، ئەقىللىق ئازغۇنلارنى بىلىملىكلەر ئارىسىدىن تاپىسەن.

▲ ئۇنتۇلمايدىغان نەرسىلەر مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ، ئۇنتۇلىدىغان نەرسىلەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ.

▲ ئەڭ قەدىرسىز ھايات، دوغا تىكىلگەن ھايات.

▲ ئىنسانلار قەلبىدىكى ئەڭ چوڭ ئەنسىزچىلىك - ئۆلۈم.

▲ ئىنسانلار ياراتقان ئەڭ چوڭ جىنايەت - ئۇرۇش.

▲ ئۆزۈڭنى، ئۆزگىلەرنى، دۇنيانى چۈشەنمەكچى بولساڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل.

- مەھمۇتجان ئابدۇكېرىم(سەۋدا)

---

ئاپتور: تېكەس ناھىيە «قىران بۈركۈت» موتىسىكلىت سېتىش مەركىزىدە

* * *

▲ ئىنتېرنېت تورى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشلەرنى بىلىم-ئۇچۇرغا باشلايدۇ؛ ناۋادا ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلانمىساڭ، سېنى ئاپىرىپ قارا گۆرگە تاشلايدۇ.

- ئەركىن نىياز

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۇچۇر-قۇرۇلۇش تېخنىكىسى فاكۇلتېتى 2005-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرۇمنىڭ تۇنجى دولقۇنلىرى

▲ ۋىجدان ئازابى مەڭگۈلۈك، باشقىسى ۋاقىتلىق.

▲ قىزلار ئەيىبىنى يوشۇرغانسېرى خۇنۇكلىشىدۇ، سىرىنى يوشۇرغانسېرى دانالىشىدۇ، جىسمىنى يوشۇرغانسېرى گۈزەللىشىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى مېنى ئويغاتتى، مىللىتىمنى ئويلاتتى.

▲ ۋاقىت مەڭگۈ سۆزلىمەيدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىگۈچىسى تارىخ.

▲ تەربىيە - تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئىككىنچى قۇياشى.

▲ ھېسداشلىق - ئاجىز كىشىلەرگە دۇنيانى ئىللىق، قەيسەرلەرگە ئالىيجاناب ھېس قىلدۇرىدۇ.

▲ ئەتىكى «جاھانگىرلىك» — دەل ئەقىل-پاراسەتنىڭ «جاھانگىرلىك»ى.

▲ پىكرىي مۇستەقىللىق ئىگىسى كۈچلۈك كىشىلەر ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن كۈچ-قۇدرەتنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ تۇرمۇشى خۇددى كەڭ دېڭىزغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدا سانسىز مۆجىزە ساقلانغان.

▲ ئادەمنىڭ قەلبىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ، پەقەت مۇھەببەت ۋە كەڭ قورساقلىققا تايانغاندىلا بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ.

▲ قىزلارنىڭ دادىسىغا كىچىك ۋاقتىدا ئەركىلىگىنى ئوماقلىقىدىن بولسا، چوڭ بولغاندا ئەركىلىگىنى ئۇياتسىزلىقىدىن بولىدۇ.

▲ باشقىلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشنى تىرىشچانلىق ۋە تەلەيگە باغلىق، دەيدۇ. مەن تىرىشچانلىق ۋە يۈرەككە باغلىق، دەيمەن.

— گۈلپەرى نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ھاراق ئىچىش دەرد-ئەلەم، غەم-قايغۇنى بىردەملىك ئۇنتۇش ئەمەس، بەلكى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇش، خالاس.

▲ تۈنۈگۈن تارىخ، بۈگۈن ھازىر، ئەتە كەلگۈسى: تۈنۈگۈنگە قارايسەن، بۈگۈندە ماڭىسەن، ئەتىدە يۈگۈرۈيسەن.

— قۇربانجان ياسىن

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16-ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن تولۇق 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىلدىن دۇردانىلەر

▲ سەنئەتچىنى بىردەمدە قېرىتىپ، بىردەمدە ياشارتىدىغىنى كىيىم بىلەن گىرىم؛ ئادەم قېرىسىمۇ كۈچ-قۇۋۋەت، ئابرويغا ئېرىشتۈرۈدىغىنى ئەخلاق ۋە بىلىم.

▲ ئاچچىق كەلگەندە ئەرنىڭ قولى، خوتۇننىڭ ئاغزى ئىتتىك بوپكېتىدۇ.

▲ سەپەردە بىر ئادەم يولغا چىققاندىن كۆپ ئادەم يولغا چىققان ياخشى؛ جەمئىيەتتە بىر تىللىق بولغاندىن كۆپ تىللىق بولغان ياخشى.

— مۇختار ياقۇپ

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات 2004-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تېپىلغۇسىز... تېرىككۈر چاچراندىلىرى

▲ لەۋز — قەرز.

▲ ئاق چەككەنلەر — دوزاخنىڭ ئىشىكىنى چەككەنلەر.

▲ موخوركا — ئۆپكەڭگە سېلىنغان خەتەرلىك پوسۇلكا.

▲ جىنازا — باي-گاداي دەپ تالللىمايدىغان تەختىراۋان.

▲ چېقىمچى — نىقابلانغان پايلاقچى.

▲ فورمۇلا — چەكلىمىلىكنىڭ مەھسۇلى.

▲ ئاياغ ئىزى — يولنىڭ تۈنجى چېرتيوژى.

▲ ۋىسال — ئىشقنىڭ رېتسىپسىز دورىسى.

▲ ئېغىز يالغان سۆزلىسە، كۆز ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

▲ ۋىجدانسىز ئانىدىن خائىن ئوغۇل تۇغۇلىدۇ.

▲ چىن دوست — ھوشيار پوست.

▲ ناداندىن ئۈمىد كۈتكىنىڭ — ئىمادىن يول سورىغىنىڭ.

— تۇرغۇن ئىمرۇللا

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2003-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئىبجىش تېرىككۈرلار

▲ كەمتەرلىك، كەمتەرلىك ئەمەس، پەقەت مۇۋاپىق مەغرۇرلۇقلا ھەقىقىي كەمتەرلىكتۇر.

▲ ئالىي مەكتەپ ئادەم تۈزۈلىدىغان ھەم بۇزۇلىدىغان يەر.

▲ ئاتالمىش ئادەم سۆيەت ئادەملەرنىڭ شوئارى — ئادەم ئەتكەنگە تەزىم قىل ئەمەس، ئىشلىرىڭغا «لازىم قىل».

— ئابدۇرەھمان ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى 2006-يىللىق 14-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ تەقدىر ئاجىزلارنىڭ كۆزيېشى، كۈچلۈكلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن يېزىلىدۇ.

— شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە «ئارمان»تاللا بازىرىنىڭ پىرىكازچىكى

## تېرىككۈر مېۋىلىرى

▲ دوستۇم، ئىشق-مۇھەببەتنىڭ سېھرى ۋە شېرىنلىكىدىن ئالدىراپ مەست بوپكەتمە، ئۇنىڭ ھەسرىتى بىلەن يارىسى تېخى ئالدىڭدا.

▲ ئۇۋۇللۇق بىر بولسا ۋولقاندەك پارتلاپ چىقىشىڭغا سەۋەبچى بولسا، يەنە بىر بولسا چۈشكۈنلىشىشىڭگە سەۋەبچى بولىدۇ.

▲ ئۆزۈڭدىن باشقىلارنى كەمسىتۋەرمە. «قارا توخۇنىڭ ئاق تۇخۇم تۇغالىغىنى»غا ئوخشاش، ئارىمىزدىمۇ تېخى ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغان ئىقتىدارلىق-قابىل ئادەملەر بار!

▲ قارىغۇلارچە ئۇقىرىغا ئېسىلىۋەرمە. چۈنكى «كۆكتىن ئىزدىگەننى يەردىن تاپىدۇ»غان ئىشلار ناھايىتى كۆپ.

— ئاينۇر مەھەم

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2003-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تېرىككۈر تامچىلىرى

▲ ياخشى بولۇش ئۈچۈن ئىنچىللىق كېرەك، يامان بولۇش ئۈچۈن دەققە.

▲ مەنىۋىيىتى قۇپقۇرۇق خەلقنىڭ كىتابخانىسىدىن بەزمىخانىسى كۆپ بولىدۇ.

▲ كىيىمى كىر ئەرنىڭ خوتۇنى ناباب، قەلبى كىر ئەرنىڭ ئانىسى.

▲ يېتىملىك ئازابى تۇگەيدۇ، بىراق، چېكىملىك ئازابى سېنى تۇگەشتۈرىدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ ئۇيالغىنى ئايالالرنى تېخىمۇ ئۇياتچان قىلىدۇ.

▲ ئۇستاز شاگىرتقا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا بىر مەزگىل ئەمەس بەلكى بىر ئۆمۈر مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

▲ ئىتمۇ گادايىنى كۆرسە يۈرەكلىك قاۋايدۇ.

▲ ئاشىقنىڭ شېئىرى بىرسى ئۈچۈن يېزىلسىمۇ ئەمما كۆپ ئادەم تەرىپىدىن ئوقۇلىدۇ.

▲ بوۋام پوتا بىلەن بېلىنى باغلايتتى، خەلق ئۇنى مەردانە ئادەم دېيىشەتتى؛ ئاكام گالستۇك بىلەن گېلىنى باغلىۋىدى، كىشىلەر ئۇنى مەمەدان بالىكەن، دېيىشتى.

▲ ئاياللار يۈز ئەرگە تەگسە بىرىنچىسىنى ياخشى دەيدۇ؛ ئەرلەر يۈز خوتۇن ئالسا يۈزىنچىسىنى ياخشى دەيدۇ.

▲ رىقابەت كىشىنى بىر بولسا جاسارەتلىك، بىر بولسا پەسكەش قىلىۋېتىدۇ.

▲ تاغ گۈللىرى ئامالسىز ھۆسنىنى تاغقا، پۇرىقىنى شامالغا سوۋغا قىلىدۇ.

▲ توخۇمنى تاشقا ئۇرغان نەدە بار؟
توخۇمغا ئۇۋال بولغان يەردە بار.

▲ ھايات بىر قازان تاماق بولسا، كىتاب بىر قوشۇق تۇز.

ـ پاشاگۈل تۇرسۇن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكۇلتېتى ماتېماتىكا 2002 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا تەشەككۈر ئېيتقۇچىلار خۇشامەتچىلەر ئەمەس، بەلكى ياخشىلىقنىڭ قەدرىگە يەتكۈچىلەردۇر.

▲ بۆرىدىن قاچما، بەربىر يولۇۋاسقا تۇتۇلىسەن.

ـ ئوسمانجان ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## قەلبداشلار تېپىككۈرلىرى

▲ ئادەم ئۆز ـ ئۆزىنى كونترول قىلالىغان بولسا، قانۇن بولمىغان بولاتتى.

▲ بىلىمسىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائارىپ سېپىگە قوشۇلۇۋېلىشى، يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ جەمئىيەتكە يامراپ كېتىشىدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ سەن قانچە يىراققا قارىساڭ، ھاياتىڭنىڭ شۇنچە قىسقا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

▲ ھۆررا ساداسى ئاڭلىنىۋاتقان جايدا ئېگىراش ئاۋازى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتالمايدۇ.

▲ مائارىپ بىر مىللەت ئۈچۈن كومپاس، بۇ كومپاس ئۆز ئىقتىدارىنى يوقاتسا پۈتكۈل ئاۋام ئادىشىدۇ.

▲ مائارىپ بىلەن تۈرمىنىڭ پەرقى: ئالدىنقىسى، ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئاگاھلاندۇرسا، كېيىنكىسى، ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

▲ يازغۇچىنىڭ قەلبىدە بىر ئازاب بولسا، مۇھەررىر قەلبىدە مىڭى بار.

ـ پەيزۇللاھ ئابدۇۋاھىد، مۇھەممەتئىمىن يۈنۈس

---

ئاپتورلار: (پەيزۇللاھ ئابدۇۋاھىد) يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا مەركىزى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى: (مۇھەممەتئىمىن يۈنۈس) يېڭىشەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا مائارىپ پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ خادىمى. ئاپتورلار ھازىر شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا ئۆگىنىپ ئوقۇۋاتىدۇ.

※ ※ ※

▲ ئۆزىڭىزنى قانداق قەدىرلىسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىمۇ شۇنداق قەدىرلەڭ، چۈنكى ئۇنىڭغا ھەقىقەتنىڭ ئاچقۇچى يوشۇرۇنغان.

ـ روشەنگۈل قۇربان (ياپراق)

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئۇمۇر تەلقىنلىرى

▲ نادانلارنىڭ جىسمى قۇل بولسا، بىغەملەرنىڭ روھى قۇل بولىدۇ.

▲ زىيادە گۇمانخور ئادەملەر بىر بولسا زىيادە ئەقىللىق، بىر بولسا كۆڭلى قارا ھەسەتخورلاردۇر.

▲ بالا تەربىيىلەشتىكى تراگېدىيىنىڭ بىر يۈزى بوۋاق چېغىدا دائىم ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىش ـ پەپىلەش، ئۆسمۈر چېغىدا قورقۇتۇش ـ بېسىم ئىشلىتىش، ياشلىقىدا ئۆزئەركىگە قويۇۋېتىش، قىران مەزگىلىگە بارغاندا ئاغرىنىش، زارلىنىش.

▲ قەلبىڭ ئارقىلىق جۇپ كۆزۈڭنى تۈزە، ئاندىن ئەقلىڭ ئارقىلىق ئىككى قولۇڭدا ئېلىڭنى تۈزە.

▲ نادان ئەلدە مۆۋقە ـ مەيدان بولمايدۇ، نادان ئەردە نىشان.

▲ باشقىلارغا سۆيگۈ ئاتا قىلىش ئەتىگەنلىك شەپەقتەك گۈزەل ۋە ئۈمىدلىك كەلسە، باشقىلاردىن مۇھەببەت كۈتۈش خۇددى كەچكى شەپەقتەك غۇۋا ۋە جاراھەتلىك كېلىدۇ.

▲ ئىككى تەرىپىمىزدىكى مەدەنىيەت ئىگىلىرى بىزگە بىر قولدا ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرنى ئەۋەتسە، يەنە بىر قولدا ئاشۇ نېمەتلەرنى تەييارلاش جەريانىدىكى ئاشقان ـ تاشقان يۇندىلارنىمۇ ئەۋەتىپ تۇردى. روھى ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئېسىل نېمەتلەرنى ئەقىل كۆزى بىلەن تونۇپ ئالسا، روھى بىداۋا ئەقىلسىزلەر يۇندا تاۋىقىغا كاندەك چاپلاشماقتا.

▲ كۆزىنى يۇمغان پوقنى يەر، روھنى يۇمغان بېشىنى.

▲ تىلى بوزۇلۇشقا باشلىغان ئەلنىڭ روھمۇ بۇزۇلۇشقا باشلىغان بولىدۇ.

▲ ئىنسانلار ساقايماس كېسەلنىڭ دورىسىنى زېمىندىن ئىزدەپ تاپالمىغاندا، ئۆز روھىدىن ئىزدىشى كېرەك ئىدى.

▲ ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، بۇزۇقچىلىق، ئوغرى ـ بۇلاڭچىلىقلارنىڭ بىرىنى قىلىپ، پەرزەنتى ئالدىدا بىر قېتىم يۈز ـ ئابرويى تۆكۈلگەن ئەرنىڭ پەرزەنتىنى پەزىلەتلىك تەربىيىلەش ھوقۇقى مەڭگۈ بولمايدۇ.

ـ ھەمدۇللا ھۆردىللا سۇغۇز

---

ئاپتور: پوسكام ناھىيە ئىككىسۇ يېزا سېيەك كەنتىدە، ھازىر ئۈرۈمچىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ

## روھ پەرۋازى

▲ رىقابەت ـ ھايات ـ ماماتلىق تىركىشىش.

▲ ئازابلىنىش ـ سۆيۈملۈك يېلىنجاش.

▲ ئۈرۈمچى ساغلام مەدەنىيەتنىڭ باشلامچىسى ھەم بەربات قىلغۇچىسى.

▲ ئەدەبىيات ھاياجانلاندۇرۇش كۈچى بىلەن ئەمەس، ئويلاندۇرۇش ــ ئويغىتىش قۇدرىتى بىلەن مەزمۇت تىكلىنىدۇ.

▲ شائىر ــ روھىي پارتلاتقۇچى.

▲ شېئىر ــ روھ ئوتتۇقى.

▲ مەۋجۇدلۇق ــ دۇئېل.

ــ ئابلەت مۇھەممەت كۆيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كەسپلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى خەنزۇ تىلى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## قانلىق قاراقلار

▲ بۇ دۇنيادا سەن قىلىشنى ئويلايدىغان ئىشلار كۆپ، قىلالايدىغان ئىشلار ئاز بولىدۇ.

▲ نادانلىقنىڭ چېكى بار، بىراق ئىلىم-مەرىپەتنىڭ چېكى يوق.

▲ قۇشنىڭ قانىتى يۇڭدالغاندىلا ئاندىن پەرۋاز ھەققىدە ئويلىنىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، مۇنداق ئۈچ خىل جەمئىيەت پاجىئەلىك جەمئىيەت بولىدۇ: بىرى، ئىشەنچ يوقالغان، يەنە بىرى، نادانلار كۆپەيگەن، ئۈچىنچىسى، ئاياللىرىنىڭ كۆپ نىسبىتى يولدىن چىققان.

▲ ئاجىزلارنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇكى، جۈرئەتسىزلىك ۋە بەدەل تۆلەشتىن قورقۇشتۇر.

▲ كېسەل جەمئىيەت قانداق بولىدۇ؟

ــ تەبىئەتكە ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئاسىيلىق قىلىنغان جەمئىيەت ھەقىقىي كېسەل جەمئىيەت بولىدۇ.

▲ جاھاننى توقچىلىق قاپلىغانسېرى كىشىلەر بارغانسېرى ئاچ كۆز بوپكەتمەكتە.

▲ جۈرئىتى كەملەرنىڭ يولى تار بولىدۇ.

▲ قىزنىڭ بۇزۇلسا يۈرتتىن ۋاز كېچىسەن، ئوغلۇڭ بۇزۇلسا ھېلىگەدىن.

▲ ۋاقتىدا قىلىنمىغان ئىش بەزىدە قىيامەتكىچە سۆرىلىدۇ.

▲ ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىيونى-داھىيلار، جەمئىيەتنىڭ سىياسىيونى يازغۇچى- شائىرلار، تەبىئەتنىڭ سىياسىيونى ــ دېھقانلاردۇر.

▲ شەخسىيەتچى ئادەملەرگە ئۆگەي نەرسە بولمايدۇ.

▲ ھايا- ئەخلاقنىڭ گۈلتاجى، ئەخلاق ــ جەمئىيەتنىڭ زىننىتى.

▲ تارىخنىڭ ئىبرىتى ــ ھازىرنىڭ پۇشايمىنى، ھازىرنىڭ پۇشايمىنى ــ كەلگۈسىنىڭ ھېكمىتى. مانا بۇ داۋام قىلىدىغان تراگېدىيىدۇر.

▲ ئەقىلنىڭ زىناخورلۇقى ھېسسىيات بىلەن بولىدۇ. شۇندىلا سەن ئازىسەن.

▲ ئادەم مۇنداق تۆت خىل كىشىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ: ئاتا-ئانىسى، باللىقتىكى دوستلىرى، ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، تۇنجى سۆيگىنى...

▲ تارىخنىڭ خىتابى: «ئىبرەت ئال، ياشا!»دېگەندىن ئىبارەت.

▲ گۈزەل ئاياللار ئەرلەرنى ھەم كۆيدۈرىدۇ ھەم ئەندىشىگە سالىدۇ.

▲ ئۆز يولۇڭنى تېپىپ ماڭالمىساڭ، باشقىلار كولىغان ئورىغا چۈشىسەن.

▲ ئاياللىقنىڭ دۈشمەنلىكى دۈشمەنلىكنىڭ دۈشمەنلىكىدىنمۇ قەبىھدۇر.

▲ ئاياللىقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلىشىڭ بەختلىك بولىسەن؛ ئەل-ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلىشىڭ پەخىرلىك بولىسەن.

▲ بىر بۇردا ناننىڭ قىممىتى پەقەت ئاچارچىلىق دەۋرىدىلا ئاندىن كۈچ كۆرسىتەلەيدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھەقىقەت كۈچىنى كۆرسىتەلمىگەن جەمئىيەتنىڭ دانالىرى ئېغىر-بېسىق ۋە كەمسۆز، نادانلىرى بىغەم ۋە بىپەرۋا بولىدۇ.

▲ بەدەلسىز نەرسە ــ چاينالغان ناندۇر.

▲ كىچىكىدە بالاڭنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ تۇر، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا سوئال قويۇپ تۇر. شۇندىلا ئۇنى يېتىلدۈرەلەيسەن.

▲ باشقىلارنى چۈشەندى دېسەڭ ئۇنى كۆپرەك گەپكە ئەمەس ئەمەلىي ئىشقا سال.

▲ ئەڭ قورقۇنچلۇق ھىمايە ــ ساختىپەزلىك ئارىلاشقان ھىمايىدۇر.

▲ كەسپىي ئەخلاق ــ كەسپنىڭ ئانىسى بولسا، كەسپىي ئېتىقاد كەسپنىڭ جېنىدۇر.

▲ شېرىن ئازابنىڭ لەززىتىنى تېتاي دېسەڭ، ئۆزۈڭ ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىگە مۇھەببەت باغلا.

▲ ئىت قاۋاپ تۇرىدۇ، قورقىتىدۇ؛ خوراز چىللاپ تۇرىدۇ، ئويغىتىدۇ.

▲ بىپەرۋا بولساڭ ئەڭ چوڭقۇر ھاڭ تاپىنىڭ ئاستىدا، ئەڭ تىك يار بېشىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.

▲ قانۇننىڭ ئاجىزلىقى ئىللەت، ئادەت ۋە جەمئىيەتلەشكەن قىلمىشلار راسا ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە بەكرەك كۆرۈلىدۇ.

▲ زاماندىن قاقشايدىغانلارنىڭ زاۋالى بالدۇر بولىدۇ.

▲ قىزنىڭ رەسىدە بولغىچە، ئوغلۇڭنىڭ بۇرۇتى خەت تارتقىچە ئۆزۈڭنى تەڭشىۋالالمىساڭ، بۇ دۇنيادا رەسۋالىق بىلەن ياشىغان بولىسەن.

▲ جاھاننىڭ ئىبرەتلىرىنى بىر بولسا باشتىن كەچۈرۈپ ھېس قىلىمىز، يەنە بىر بولسا باشقىلارنىڭ كەچمىشىدىن ھېس قىلىمىز.

▲ تارىخ گەرچە ئۆتمۈشكە مەنسۇپ بولسىمۇ، بىراق تارىختىكى بەزى ئىشلار يەنە مەلۇم بىر دەۋردە تەكرارلىنىپ قالىدۇ. بۈيەردىكى گەپ پەقەت شەكىلنىڭ ئوخشىماسلىقىدا.

ــ مەھمۇتجان ياناق

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تېپىككۈر چەشمىلىرى

▲ ئۆلۈمدىن قورققان ۋاقتىڭدىلا، ئۆزۈڭنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ھەقىقىي ھېس قىلالايسەن.

▲ يۈزۈڭنى تۆكۈۋېتەلەيدىغانلار ــ بىرگە تۆھمەت قىلالايدىغانلار، يەنە بىرگە سىرىڭنى ئوقۇۋالىغانلاردۇر.

▲ ئادەم ھەقىقەتكە يېقىنلاشقانسېرى ئېھتىيات بىلەن ئېھتىياج ئارىسىدا قىسىلىپ قالىدۇ.

▲ ساڭا باھا بېرىپ باقىدىغانلار، كۆپىنچە ھالدا ئۆز كۆز قارىشىنى ساڭا تاڭىدىغانلاردۇر.

▲ كىشىلەرنىڭ سۆزىگە بەكلا ئىشىنىپ قالغان ۋاقتىڭدا، ئۆزۈڭنىڭ كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالىسەن.

▲ باشقىلارنىڭ ھېلىسىگە ئاسانلا ئالدىنىدىغان كىشىلەر بىرگە ئاچ كۆز كىشىلەر، يەنە بىرگە قىزىقىسىنىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ بالىسىنىڭ ھۇنەر ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلمىگەن ئاتا - ئانا بالىسىنىڭ ئۆز يانچۇقىغا (كىشىلەرنىڭ يانچۇقلىرىمۇ بار)قول سېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى روھىيەت دۇنياسىنىڭ دېرىزىسى.

▲ ئۆزىنى يېتىلدۈرۈپ قويىغانلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»بىلەن ئىزدىسۇن!

▲ سەھرالىق«ساۋاتسىز»يازارمەنلەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى بىلىۋېتىپتۇ.

▲ ئەمگەكنىڭ كەتمىنىنى چاپقانلاردا قورساق توق، تەپەككۇرنىڭ كەتمىنىنى چاپقانلاردا نادانلىق يوق.

▲ ئىختىلاپ كۆپ ئەلدە تەپرىقە كۆپ، ئاجىز - مېيىپلار كۆپ ئەلدە نەپىقە.

▲ ھاياتىدا شۇنداق تىرىشىپمۇ نەتىجە يارىتالمىغانلار - ئارغامچا سەكرەش ئويۇنى ئويناۋاتقانلاردۇر.

▲ ئۆزىنى ماختايدىغانلار - بىرگە ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلار، يەنە بىرگە ئۆزىنى باشقىلارغا تەڭ قىلمايدىغانلاردۇر.

▲ ئۆزىنى ئۇنۇتقانلار - بىر بولسا ئىشنى قايتىدىن باشلىماقچى بولغانلار، يەنە بىر بولسا بىخۇدلاشقانلاردۇر.

▲ تارىختىن بۇيان ئەڭ ئەقىللىق بوپكەتكەن ئادەم، ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن تېپىپ كېلىۋاتقان ئادەمدۇر.

▲ غەزەب - نەپرىتى يوق ئادەمگە ئاداۋەت ساقلىغىلى بولمايدۇ.

▲ ھەقىقەتتىن قورقىدىغانلار - بىرگە، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈدىغانلار، يەنە بىرگە، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى دوغا تىككەنلەردۇر.

▲ زۇلۇمغا ئۇچراپ تىل - ھاقارەت ئىشىتكىنىڭدە ھاياتىڭنىڭ(ھاياتىڭنىڭ)نەقەدەر خار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلساڭ، نەتىجە قازىنىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنىڭدا ھاياتىڭنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

▲ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغۇچىلار - بىر بولسا ھەسەت قىلغۇچى، يەنە بىر بولسا ئۆز نامىنى باشقىلارنىڭ غەيۋىتى بىلەن سېپىستقۇچىلاردۇر.

▲ كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالماي دېسەڭ ۋەدىگە ۋاپا قىل، ئىسكەنجىسىدە قالماي دېسەڭ قەرزىنى ئادا قىل.

▲ سۆزىگە ئىگە بولغان - راستچىل، ئۆزىگە ئىگە بولغان - ھەققانىيەتچى(ئادىل)، كۆزىگە ئىگە بولغان - ھايالىقتۇر.

▲ قولىمىزغا تاقىۋالغان سائەت - ۋاقىتنىڭ چىرايىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر.

▲ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن(كېچىككەن ئىش) پىشىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن مېۋىگە ئوخشايدۇ.

▲ ئۆتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىدىغانلار - بىرگە ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتكەنلىكىنى تۇيماي قالغانلار، يەنە بىرگە شۇ ۋاقىت ئىچىدە نەتىجە يارىتالمىغانلاردۇر.

▲ خەۋەرنى كۆپنى ئاڭلىغاندىن سورا، شەھەرنى كۆپنى كۆرگەندىن.

▲ ھاقارەت تەكرارلانسا ئۆتمەس بولىدۇ(قېلىن قىلىدۇ)، نەسىھەت تەكرارلانسا قۇلاققا ياقماس بولىدۇ.

▲ شەھەرلىكلەر ساختىلىقتىن سىيلىق سۆزلىسە، سەھرالىقلار تەبىئىيلىكتىن قوپال(توز) سۆزلەيدۇ.

▲ شەھەرلىكلەرنىڭ قىلىقى سەھرالىقلارغا ياقمىسا، شاللاق ھېسابلىنىدۇ.

سەھرالىقلارنىڭ قىلىقى شەھەرلىكلەرگە ياقمىسا، قالاق ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئاجىزدىن غەلىبە، يۈزسىزدىن ئۈمىد كۈتمە.

▲ بالىسىنى كىيىم - كېچەك بىلەنلا باقىدىغان (دائىم يېڭى كىيدۈرىدىغان)ئاتا - ئانا قونچاق تەربىيىلەيدۇ.

▲ «بىلمەيمەن»دەپ بىلىم ئىگىلە، «بىلىمەن»دەپ نادانلىق يېتىلە.

▲ نەدە ھەقىقەت باش كۆتۈرسە، سەپسەتە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرىدىغان سايە.

▲ زېرىككەك ئىش، تېرىككەك ئەقىل بۇزىدۇ.

▲ پۇل(مەنپەئەت) قېرىنداش، يات دەپ ئايرىماي ئارىغا «بېرلىن تېمى»نى سوقتى.

▲ يانچۇقلىرىمىز يۈرەكنىڭ ئۇدۇلىدا بولغاچقا، پۇلىمىز چۈشۈپ قالسا نەچچە كۈنگىچە يۈرىكىمىزنى ئىزدەپ يۈرىدىغان بوپقالدۇق.

▲ ھەقىقىي شېئىر - ھېسسىياتنىڭ شەبنەممۇ قونۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن گۈلىدۇر.

▲ شېئىر - ھېسسىياتنىڭ ئەينىكى.

▲ شېئىر - ھېسسىياتنىڭ تېرمومېتىرى.

▲ شائىر - خەلقىنىڭ مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغان بالىسى.

▲ سۇنۇق دىل - غېرىب ناخشا.

▲ دىل ئازابى - يىل ئازابى.

▲ يېتىم - بۇزۇلغان رېتىم.

▲ پۇل - ۋىجدان ئەينىكى.

▲ تەنھالىق - روھىي يوقسۇزلۇق.

▲ ئۆزىدىن يىراقلىشىش - روھىي سەرسانچىلىق.

▲ ياتلىشىش - روھىي داتلىشىش.

▲ تەبىئىي (ماددىي)بايلىق ئىسراپ قىلىنسا مۇھىت بۇلغىنىدۇ، ئەقلىي (مەنىۋى) بايلىق ئىسراپ قىلىنسا روھىيەت بۇلغىنىدۇ.

▲ زېرىكىش - روھىي مەھبۇسلۇق.

▲ رەزىللىك - ئادىمىيلىككە قارشى چىققان تىغ.

▲ بىلىش - يول.

بىلمەسلىك - بۇت.

▲ ئامالسىزلىق - ئۆزىنى تاشلاپ بېرىش.

▲ خارلىق - ئادەملەردىن ئايرىلىپ قېلىش.

▲ خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالمىغانلىقىنىڭ ئۆزى نەتىجە.

▲ سەھەر - يېڭى پۇرسەت.

▲ ھۆرمەت - ئادەملەرنىڭ ماركىسى.

▲ ئادەم ئۆزىگە ئۆزى ئەسقاتمىغان چاغدىلا ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ.

▲ ئادەم مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئالدانسا، مۇمكىن بولىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئازابلىنىدۇ.

▲ ئادەم بىرگە مەغلۇب بولغاندا، يەنە بىرگە خارلانغاندا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

▲ ئادەم رىقابەت (مەنپەئەت)تۈپەيلى بۇلۇنگەن ھامان رەھىمسىز بوپقالىدۇ.

▲ ئادەمنى بەش نەرسە تېز قېرىتىدۇ: 1. ئورۇنسىز غەم، 2. داۋاسىز كېسەل، 3. جاپالىق ئەمگەك، 4. يوقسۇزلۇق، 5. ئىش ئۇقمايدىغان ھەمراھ(ياكى بالا).

▲ ئادەم ئۆز مەنپەئىتى ئالدىدا شەخسىيەتچى، رەھىمسىزدۇر.

▲ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۈچ خىل نەرسە ياشارتىدۇ: 1. كۆڭۈللۈك سەيلە - ساياھەت. 2. كۆڭۈللۈك (قىزىقارلىق، ئەھمىيەتلىك) سۆھبەت. 3. كۆڭۈلنى يايرىتىدىغان ئىش - ئەمگەك.

▲ ئادەم خارلانغاندا جاھاننىڭ بەكمۇ تارلىقىنى ھېس قىلسا، ھۆرمەتكە ئېرىشكەندە ياشاشنىڭ تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

▲ خار ئادەم ـ روھىيەت دۇنياسى تار ئادەمدۇر.

▲ ئىنسان ـ ئۆز مەنپەئىتى ئالدىدا تەۋەككۈلچى، يات مەنپەئەت ئالدىدا تېخىرقىغۇچىدۇر.

▲ ئۈمىدسىز كىشىلەردىن تاقەتسىز كىشىلەر يېتىشىپ چىقسا، ئۈمىدلىك كىشىلەردىن قانائەتسىز كىشىلەر يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ دوستنى تىللاپ باق، دۈشمەننى شىلاپ باق. شۇندىلا گۇمان(تەشۋىش)دىن خالىي بولىسەن.

▲ ئىنسان ئامالسىز قالغان چېغىدىلا تەۋەككۈلچى بولالايدۇ.

▲ دوستۇڭنىڭ خىزمىتىدىن زېرىكسەڭ، دۈشمىنىڭنىڭ ھىيلىسىدىن تېرىكسەن.

▲ دوست مەغرۇر ھالىتىڭنى كۆرگەندە كۆزگە ئىلمايدۇ، دۈشمەن ئەبگار ھالىتىڭنى كۆرگەندە.

▲ دوست ئالدىدا كۈچۈڭ(بىلىمىڭ)نى پەش قىلما، دۈشمەن ئالدىدا ئاجىزلىقىڭنى.

▲ دوستلۇق ـ مۇھەببەت كۈچەيگەندە (يۇقىرى پەللىگە چىققاندا) ئىزدىنىش كۆپ، يالغان گەپ - سۆزلەر ئاز: ئاجىزلىغاندا يالغان سۆزلەر كۆپ، ئىزدىنىش ئاز بولىدۇ.

▲ مۇھەببەت ـ كۆڭۈل دەپتىرىدىكى سەرسان بەت.

▲ مۇھەببەت ـ ئادىمىيلىككە ئۆتۈشتىكى كۆۋرۈك.

▲ سۆيگۈ - مۇھەببىتىڭنى ئاشكارىلاپ قانچىلىك سۆيىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، سۆيگۈ - مۇھەببىتىڭنى يوشۇرۇپ، قانچىلىك كۆيگىنىنى بىلەلەيسەن.

▲ ھايا ـ مەڭگۈ ئېچىلمايدىغان گۈل.

▲ غەيۋەتخور ئاياللارنىڭ ئالدىدىن ئەرنىڭ ئۆتمىكى تەس، ئۆتكەن ئەرنى باسىدۇ بىر نەس.

▲ ئەرلەر ۋىجدان جاپاسىدا سىنالسا، ئاياللار ھايا - ۋاپاسى (جاپاسى)دا سىنىلىدۇ.

▲ بىرگە ئېرى بار ئايالغا، يەنە بىرگە ھەقىقەتكە چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ.

بىرى پاكلىقنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلسە، يەنە بىرى پاكىتنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلىدۇ.

▲ ئەرلەر ۋىجداننى يوقاتقان ۋاقىتتا (ئەلىدە) ئاياللار ھايانى يوقىتىدۇ.

▲ ئاياللار ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ۋاقىتتا ئۆيىتىنى بۇزىدۇ، ئەرلەر ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ۋاقىتتا ھەممىنى بۇزىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ ھېسسىياتى كۈچەيگەندە ئۆزىنى يوقىتىدۇ، ئەرلەرنىڭ غەزىپى كۈچەيگەندە ھەممىنى (ئۆزىنى) يوقىتىدۇ.

▲ ئەردىكى جاسارەت ھەممىنى بويسۇندۇرغان بىلەن ئاياللاردىكى نازاكەت ئەرنى بويسۇندۇرىدۇ.

▲ ئەرنىڭ كۈندەشلىكى ـ ۋىجداندىن، ئايالنىڭ كۈندەشلىكى ـ ھېسسىياتتىن.

▲ ئاياللارغا ئېيتىلغان سىر (مەخپىيەتلىك) ـــ تۆشۈك چېلەككە قاچىلاپ قويۇلغان سۇدۇر.

▲ ئاياللاردىكى يالىڭاچلانغان گۈزەللىك ـ دات باسقان «ئالتۇن»دۇر.

▲ ئاياللاردىكى يالىڭاچلانغان گۈزەللىك ـ كۈندۈزدە ياندۇرۇلغان چىراغقا ئوخشايدۇ.

▲ ئايالنىڭ گۈزەللىكى ـ ھايا، ئەرنىڭ گۈزەللىكى (كۈچى) - ۋىجدان.

▲ ئاياللارنىڭ ئىرادىسىنى بويسۇندۇرساڭ تۈزەيسەن، ھېسسىياتىنى بويسۇندۇرساڭ بۇزىسەن.

▲ ئاياللار ئۆزىدىن يىراقلاشسا يالىڭاچلىنىدۇ (پاھىشىلىشىدۇ)، ئەرلەر ئۆزىدىن يىراقلاشسا ئاجىزلىشىدۇ (غىتمەكلىشىدۇ).

▲ ئۆيىتىنى بۇزغان ئايال ـ «پەرىشتە قىز» ماركىسى يىرتىپ تاشلانغان ئالۋاستى.

▲ ھەقىقىي ئەركەك ـ دات باسماس قىلىچ.

▲ ھەقىقىي ئايال ـ ئادەمنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىدىغان ئەينەك.

▲ قىز ـ بېسىلمىغان ئىز، ئېچىلمىغان سىر، مېڭىلمىغان يولدۇر.

ـ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇدىي

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت لەڭگەر مەھەللىسىدە، دېھقان (M1)

«خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تارقىتىش بويىچە 15 - نۆۋەتلىك يىغىن 2006 - يىل 26 - نويابىردا غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) غا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلىپ، مەزكۇر تەھرىرات كۆرسەتكەن يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەسلىي ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990 - يىل 1 - ، 2 - (قوشما) سانىغا بېسىلغان «ئۇ كۆزلەر» ناملىق پوۋېستى (سۇ يۈگچىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان) بىلەن يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993 - يىل 5 - ، 6 - (قوشما) سانىغا بېسىلغان «كەلكۈن» («كامالدىن») ناملىق پوۋېستى (دىلمۇرات تەلئەت خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان) «مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# «جىنچىراغ»دىن تۇغۇلغان ھىسلار

## زۇلمەت ۋە نۇر

**جېنەستە ناسىر تارىمى**

بۈگۈن «جىنچىراغ» دېسە نۇرغۇن كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا قەدىم- ئاۋۋالقى ئۆتمۈش كۈنلىرىنىڭ تىپىك سىمۋولىدەك تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان، تۈزۈلۈشى تولىمۇ ئاددىي قارا چىراغ، ماي- كىرسىن چىراغلار غۇۋا ھالدا پەيدا بولۇشى مۇمكىن. «جىنچىراغ» ھەقىقەتەنمۇ بۈگۈنكى مەدەنىيەتلىك دەۋرنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولمىش ياشلىرىمىزنىڭ كۆپىگە مەجھۇل، مۇئەمما نەرسە.

بىر ئاي ئىلگىرى يېزىمىزنىڭ سىم يولىنى رېتلەش سەۋەبىدىن ئون نەچچە كۈنچە توك توختاپ كەتتى. توكتىن ئىبارەت بۇ نەرسىگە قانچىلىك چىڭ باغلىنىپ، ئۆگىنىپ قالغانلىقىمىزنى شۇچاغدىلا ھېس قىلدىم. گۇگۇم چۈشۈش بىلەنلا ئەتراپ قاپقاراڭغۇ - زۇلمەت ئىچىدە قالدى، ئۆي ئىچىنىلا ئەمەس روھىمنى، كۆڭلۈمنىمۇ قاراڭغۇلۇق قاپسىۋالغاندەك بىرخىل بىئاراملىق باشلاندى. تۇۋا، ئىلگىرى ئىشتىن قايتىپ كېلىپلا سۈتتەك يورۇپ تۇرغان ئۆيدە تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا مۈككىدە چۈكەتتۇق. شۇ چاغلاردا ئاپئاق يورۇقلۇق ئىچىدە، رەڭگارەڭ نۇر- شولىلار ئارىسىدىكى ئېسىل نومۇرلاردىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ قاراڭغۇلۇقنىڭ نېمىلىكىنى پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. مانا ئەمدى تالامۇ زۇلمەت، ئۆيمۇ خىرە- غۇۋا، خۇددى نېمىدۇر بىر نەرسە كىم قالغاندەك يۈرىكىممۇ بىئاراملىققا چۆككەن.

يورۇقلۇق بولمىسا ھەممە يەر شۇ قەدەر سوغۇق، مەنىسىز بىلىنىپ كېتىدىكەن. قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرگەن خانىمگە بىر تال «جىنچىراغ»- شام ياقتىم ۋە ئۇنىڭ ئاجىز لىپىلدىشىغا ئۇزاق قاراپ تۇردۇم. ئۇ ئاجىز نۇر، ھارارەت چىقارسىمۇ غالىبانە چاراسلاپ كۆيەتتى؛ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ قاراڭغۇ بوشلۇقنى يورۇتۇش ئۈچۈن نېمىدىن بىمالال يالقۇنىنى ھەر تەرەپكە تولغىنىپ ئاتاتتى. ئۇنىڭ زوق بىلەن چاراسلاپ كۆيۈشىگە ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ كېتىپتىمەن ۋە سېھىرلەنگەندەك ئىختىيارسىزلا قولۇمغا كىتاب ئېلىپ ئوقۇپتىمەن. نېمە بولدىكىن، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بۇرۇن تېلېۋىزورغا قادىلىپلا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشىمۇ تۈزۈك خۇشياقمايتتى. ئەمما توك توختىغاندىن كېيىنكى زېرىكىش تۇيغۇلىرىدا ئىختىيارسىزلا كىتاب تەرەپكە سۈرىلىپ كېتىپتىمەن ۋە ھەتتا بەزى كۈنلىرى تۈن تەڭگىچىمۇ كىتاب ئوقۇپتىمەن. شۇنداق قىلىپ، ئون نەچچە ئاخشامدا ئون بەش پارچىدىن ئارتۇق كىتابنى ئوقۇپ بولدۇم. توپا باسقان كىتابلىرىم

پاكلاندى. ياق، باشقىچە ئېيتقاندا، كىتاب ئەمەس روھىيىتىم پاكلاندى.

نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن، تۇساتتىنلا توك- ئېلېكتىر بىلەن جىنچىراغ- شام ھەققىدە سېلىشتۇرما خىيالغا چۆكۈپ قالدىم.

كىچىك چاغلىرىمدا مومام رەھمەتلىك ئاخشىمى ئاي يورۇقىدا، ئاي چىقمىغان كۈنلىرى لىپىلداپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ھەمىشە ھېكايە- چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتى. بىز قىزىقىش- ھەۋەس بىلەن زاڭقىمىزنى يۆلەپ مومامنىڭ ئېغىزىغا قاراپ سائەتلەپ ئولتۇراتتۇق ۋە شۇ قەدەر تاتلىق، گۈزەل ھېسلارغا چۆمەتتۇق. ئائىلىمىز ئۈچۈن كەچقۇرۇنلۇقى تاماقتىن كېيىن جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا بىرگە كۈلۈش-مۇڭ ئولتۇرۇپ ھېكايە-چۆچەك ئاڭلاش ھەممىمىز ئالدىرايدىغان مەنىلىك ئىش ئىدى. ئەپسۇسكى، مومام تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن دادام بىر مەزگىل مومامنىڭ بۇ ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلغان بولدىيۇ، كېيىنچە ئاستا-ئاستا جىنچىراغ ئاستىدىكى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشىمىزنى باشقا ئىشلار يەپ كەتتى. بىز چوڭ بولۇپ مەكتەپنىڭ تاپشۇرۇقىدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان بولدۇق، دادامۇ ئائىلىنىڭ غېمى بىلەن ئالدىراش بوپكەتتى. بارا-بارا توك، رادىئو، تېلېۋىزور پەيدا بولدى-دە، ئاخشىمى ھەممىمىز گۇركىرىشىپ كېلىپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرىدىغان بولدۇق.


ھەئە، ئاساسەن ھەممىمىز دېگۈدەك ئىشتىن بوشىغاندىكى نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى توك چىراغنىڭ ھارارىتىدە يورىغان تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ياكى بولمىسا كىنوخانا، رېستوران، دىسكوخانىلاردا، ئەقىدىسى زەئىپ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىۋالىدىغان ئاتالمىش «شىرمەتلەر سارىيى»دا ئۆتكۈزىدىغان بولۇۋالدۇق. بەزىدە ھەتتا بىر ئائىلە كىشىلىرى ئازادە پاراڭلىشىپ ھال-مۇڭ بولغۇدەك ۋاقىت، پۇرسەتمۇ چىقىرالماي ئالدىراش بوپكېتىمىز. نۇرغۇنىمىز ئەھلىمەھەللىدە يۈز بەرگەن ئەڭ ئادەتتىكى ئىشلاردىنمۇ بىخەۋەرمىزيۇ، ئامېرىكا، كورىيە، ھىندىستان، پاكىستان، ياپونىيە ۋە شياڭگاڭلارنىڭ كىنو- تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى تۇرمۇش-ۋەقەلىك تەپسىلاتلىرىنىڭ غەم-ئەندىشىسىدە قالىمىز. بولۇپمۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاپئاق يورۇق - نۇرلۇق توك چىراغنىڭ ھارارىتىدە نۇرغا ئورىلىپ تۇرىمىزيۇ، ئەمما بىر-بىرىمىزنىڭ ھالى-ئەھۋالى بىر-بىرىمىزگە تامامەن قاراڭغۇ، يات. يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەمىن ئەتكەن تۇرمۇش قۇلايلىقى ئىچىدە رەتلىك، پاكىز، يورۇق ياشايمىزيۇ، ئەمما روھىيىتىمىزنى كىر باسقان، قەلبىمىز خۇنۈك، ھەدېسىلا مەنىسىزلىك، زېرىكىش، يالغۇزلۇق، تولدۇرۇپ بولغۇسىز غېرىبلىق ھېس قىلىمىز.

ئۆتمۈشكە قارىدىم: ئاتا- بوۋىلىرىمىز تېخنىكا-سانائەت تۈزۈك يۈكسەلمىگەن بىر زاماندا، جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئولتۇرۇپتۇ، ئەمما قەلب دۇنياسىدىن ئاجايىپ كۈچلۈك يورۇقلۇق- نۇر تاراپ زېمىننى يورۇتۇپتۇ. دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئەڭ بىباھا كەشپىيات، ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا دۇنياغا كەپتۇ. «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» غۇۋا جىنچىراغنىڭ تۈۋىدە يانغان بىباھا يارقىن - ئۇلۇغ روھنىڭ نەمۇنىسى ئىدى. بىر- بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش، مۇڭغا مۇڭداش بولۇش جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ياشىغانلار ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ ئادەتتىكى ئىش بوپتۇ. زامان زۇلمەتكە پاتسىمۇ، يۈرەك ئىزدىنىش، يۈكسىلىشنىڭ ئارامبەخش نۇرىغا تولۇپ تۇرسا، بۇنداق زاماندىن كۆزنى چاقناتقۇدەك يورۇقلۇق تارىلىدىكەن. ھەقىقىي نۇر- يورۇقلۇق چىراغدىن، شامدىن، توكتىن ئەمەس، ئىنسان- ئادەمنىڭ يۈرىكىدىن كېلىدىكەن. بۈگۈنگە قارىدىم: زېمىن كېچە-كۈندۈز يورۇق تۇرۇپتۇ. ھەتتا كېچىنى كۆرمەك، قاراڭغۇلۇقنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلماقمۇ خېلى تەس. ھەممىلا ئۆي، ھەممىلا يەر توك چىراغنىڭ غايەت كۈچلۈك يورۇقىدا ئاپئاق نۇرغا تولغان. ۋەھالەنكى، تولىمىزنىڭ قەلبى گوردەك قاراڭغۇ زۇلمەت-خامۇشلۇقتا. بىز شۇ قەدەر يورۇق زاماندا ياشايمىزيۇ، ئەمما تېخىچە جىنچىراغ زامانىدىن كەلگەن ئىلىم خەزىنىلىرىدىكى مەنىلەرنى تەلقىنلەپ بولالماي ئاۋارە. كۈچلۈك توك يورۇقىدا ياشاۋاتقان بىزدىن يېڭى قاراش، ئىدىيە، كەشپىياتلارنى نۇرلۇق ساھەلەرگە باشلىغۇدەك يارقىن مەدەنىيەت يورۇقلۇقىنى تاپماق خېلى تەس. گاھىدا مېغىلدىشىپ يۈرگەن شۇنچە كۆپ ئادەم ئىچىدىن يۈرىكىگە پاتماي قالغان ھېس- ئويلىرىنى ئورتاقلاشقۇدەك مۇڭداشمۇ تاپالماي قىينىلىسەن. بەزىلىرىمىزنىڭ توك چىراغنىڭ يورۇقىدا پارقىراپ تۇرغان ۋۇجۇدىدىن جىنچىراغنىڭ يورۇقچىلىك ئىنسانىلىق زىياسىنى تېپىش بەسى مۈشكۈل. كىتابلار تالاي- تالاي، ئەمما ئۇنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇيدىغان، ئىلىمنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ، ھەرىكىتىنى تۈزەيدىغانلارنىڭ تايىنى يوق. بۇنى قانداق ھال دېيىش مۇمكىن؟

جىنچىراغقا قايتا سەپسالدىم. ئۇ ھامان لىپىلداپ ئاجىز نۇر چىقارماقتا، تۈن زۇلمىتىنى يورۇتۇشقا كۈچىمەكتە. شۇ ئەسنادا ۋۇجۇدىمدا قىلىپ توك چىراغ ياندى. ئۇنىڭ نۇرلىرى تام- تورۇسنىمۇ ئالا قويماي يورۇتقان، سۈتتەك ئاپئاق نۇرغا ئورىۋەتكەنىدى. كۆزۈم چاراقلايتتى. ھەر ئىككىسىگە ئۇزاق سەپسالدىم. مەن ئۆتمۈشنى شۇ قەدەر ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن سېغىنامدىم؟ ياق، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن، زامانىۋىلىقنىڭ ئىمكان-ئىھسانلىرىدىن شۈبھىلىنىشكە ئورۇن يوق، يەنە كېلىپ تېخنىكىنىڭ ئۆزى گۇناھسىز. جىنچىراغ دەۋرىنى سېغىنىشمۇ ئەخمەقانىلىك، جاھالەت جۈملىسىدىن. ئەمما بىز جىنچىراغنىڭ تۈۋىدە ھەقىقىي قەلب، روھىي يورۇقلۇقنى ئىزدەپ مۇكچىيىپ ئولتۇرغان بىباھا روھنى سېغىنىمىز، ئىزدەيمىز. بىزنىڭ مەۋقەيىمىز ئاڭ يارقىنلىقى، ئىدىيە يورۇقلۇقىنى مەنبە قىلغان تەرەققىيات، يۈكسىلىشنى قوغلىشىش... ھەرگىزمۇ ئۆينى يورۇتۇپ قويۇپ قەلب گۆرىستانلىقىدا دۈگدىيىپ ئولتۇرۇش ئەمەس. يورۇق ئۆيگە نۇرغا تولغان ئاڭ كىرمىسە، مۇنداق ئۆينى مىڭ ۋاتلىق لامپۇچكىمۇ يورۇتالمايدۇ.

توك چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ، قەلب ئۆيىمىزنى جىنچىراغمۇ يوق گۆرىستاندەك قاپقاراڭغۇ ھالدا تاشلاپ قويمايلى. ئالىم ئىشلەتكەن توك بىلەن نادان ئىشلەتكەن توك ماھىيەتتە ئوخشاش توك. تانسىخانىدىكى توك بىلەن كۇتۇپخانىدىكى توكنىڭ نەرىدە پەرق بار؟ ھەرقانداق نەرسىنى ئىشلىتىشتىكى ئۇسۇل، سەۋىيە، دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئوخشاش بولمىغان ئۈنۈم يارىتىدۇ. گەپ، توك، چىراغ ئىشلەتكۈچىنىڭ ئاڭ- ساپاسىدا. مەرىپەت، ئادىمىلىك تۇيغۇلىرى بىلەن تولغان قەلب يورۇقلۇقىنىڭ ئارامبەخش يارقىنلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. قەلب ئاسمىنىدا نۇر يوق ئىنسانغا گۆرمۇ، نۇرمۇ بەرىبىر. ئەڭ مۇھىمى، قەلبىمىزدىكى نۇر- چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويمايلى!

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى(M3)



# گۈزەل ئىتالىيە

**دىلئارام قۇربان ئايتۇرك**

جاھاندىكى جىمى يول رىمغا بارارمىش. بۇ بىر ئەپسانىسىمان گەپ. ئەمما نېمىشقا پارىژ، لوندون، نيۇ- يوركلارغا ئەمەس رىمغىلا بارىدۇ؟ جاھاندا شەھەر جىققۇ. ئاشۇنداق ئەپسانىسىمان گەپلەرچە، رىم دۇنيانىڭ مەركىزىمىش، ئىتالىيە بولسا غەرب مەدەنىيىتى كۆكلىگەن، گۈللەنگەن ھەم تارقالغان جاي ئىمىش. راستىنلا شۇنداقمۇ؟

مەن 2004- يىلى مايدا تاسادىپىي بىر ياخشى پۇرسەتتە

## ساياھەت كۆزنىكى

ئاۋستىرىيە، ئىتالىيە، فرانسىيەلەردە ئىككى ھەپتە زىيارەتتە بولۇپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 6- سانىدا ئۆز ئوقۇرمەنلىرىمگە مىننەتدارلىق ۋە جاۋاب ھېسابىدا يازغان «سىلەرگە خەت» ماۋزۇلۇق ماقالەمدە ئۆز تەسىراتلىرىمنى قىسقىچە ئورتاقلىشىپ ئۆتكەنىدىم. 2005- يىلى سېنتەبىردە يەنە بىر خەيرلىك پۇرسەت ماڭا ئەنە شۇ رىمغا بارىدىغان يولنىڭ قوۋۇقىنى قايتا ئاچتى. ھەئە، مەن ماڭغان يول يەنە بىر قېتىم رىمغا تۇتاشتى. گرېتسىيە مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان رىم مەدەنىيىتى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكىگە ئايلانغان بولسا، پارلاق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ نۇرانە روھىيەت ئەنئەنىسىنى قۇرۇپ چىققانىدى. مەن

نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق دەۋرگە ئىگە بۈيۈك رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چۈشكۈنلۈكتىن كېيىنكى بۈگۈنى بولمىش ئىتالىيىگە نەچچە مىڭ يىللىق شانۇ- شەۋكەتلىك ئۇيغۇر تارىخ- مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى سالىمىنى ئېلىپ باردىم ھەم بىر ئايلىق ئۇنتۇلماس زىيارەت ۋە سەپەردىن نۇرغۇن ئوي- تەسىرات بىلەن قايتىپ كەلدىم. گەرچە، بۇ ئوي- تەسىراتلىرىم ئۆزۈمگە تۇشلۇق يېنىك ھېسسىياتلار بىلەن تولغان، ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇلاھىزە ۋە سېلىشتۇرما تەھلىللەردىن يىراق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يەنىلا مەلۇم ئۆزگىچە تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئويدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇشنى ئويلاپ قالدىم. ئاشۇ «ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈك»[1] سىزگىمۇ رىمغا ياكى يەنە بىر روھىي مەنزىلگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس

※ ※ ※

دۇنيا 2006- يىللىق پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولمىش ئىتالىيە توغرىلىق بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىدىغىنىمىز ئۇنچىۋالا ئاز بولماسلىقى مۇمكىن. ئىتالىيە توغرىلىق گەپ ئېچىلسا نۇرغۇنىمىزنىڭ كۆز ئالدىغا رىم ئىمپېرىيىسى، سپارتاك، قۇللار قوزغىلىڭى، ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى، گلادىئاتورلار، رىم پاپاسى، ماركوپولو، دانتى، داۋىنچ، گاللىي، برونو، مىكلانجېلو، رافائېللو، سوفىيە روللان قاتارلىق دۇنياۋى شەخسلەر ۋەياكى ئىتالىيە ئەدەبىيات- سەنئەت قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، ئىنسانىيەت ئەدەبىيات- سەنئەت تارىخىدىكى مەڭگۈ ئۆلمەس ئابىدىلەر ھېسابلىنىدىغان «ئىلاھ كومېدىيىسى»، «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا»، «داۋىد»، «مونالىزا» قاتارلىق بۈيۈك ئەسەرلەر ۋە ياكى سۇ ئۈستى شەھىرى ۋېنتسىيە، ئىتالىيە لەگمىنى، پىسسا، ئىتالىيىنىڭ دۇنياغا داڭلىق ماشىنا، خۇرۇم ئاياغ، سومكا، ياغلىقلىرى، ھېچبولمىغاندا دۇنياغا داڭلىق Ac مىلان پۇتبول كوماندىسى كېلىشى مۇمكىن.

مەلۇم بىر ئەلنى سىرتتىن، كىتابلاردىن بىلىش باشقا گەپ، شۇ ئەل خەلقلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇرۇپ بىلىش- چۈشىنىش نۇرغۇن نەرسىنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتىگە قارىتا سىزگە تېخىمۇ ئۆزگىچە كۆزىتىش بوشلۇقى ئېچىپ بېرىدۇ. سىز نۇرغۇن نەرسە توغرىلىق بىۋاستە چۈشەنچىگە ئىگە بولالايسىز. پىكىر مانا شۇ بىۋاستە ئۇچۇر بىلەن دىدارلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسە تېخىمۇ ئېنىق ۋە يارقىنلىشىدۇ.

بۇ قېتىمقى سەپەرنى، مەن ئىخلاس بىلەن قوشۇمچە ئىشلەپ بېرىۋاتقان ئىتالىيىنىڭ بىر زاۋۇتى زاۋۇت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 95 يىللىق خاتىرە كۈنىگە ئۇلگۇرتۇپ تەشكىللىگەن بولۇپ، مەن جۇڭگودىن ھەمكارلاشقۇچى كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىلەن ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە ھېسابىدا كېتىۋاتاتتىم. ئۇ زاۋۇت توغرىلىق توختىلايمۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق. جان بېقىش ئۈچۈن ئىشلىمەسلىك بولمايدۇ. ئۆز كەسپىم بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق بۇ زاۋۇت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم جان بېقىشنىڭ ۋاستىسىلا ئىدى، خالاس. لېكىن مەيلى قىلىۋاتقان ئىشىمىز پۇل ئۈچۈنلا، جان بېقىش ئۈچۈنلا بولسۇن، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىخلاس بىلەن ئىشلىمەي بولمايتتى. ھەرقانداق بىر ئىشنى مۇھەببەت بىلەن قىلىش، بېجىرىش بىزگە پايدىلىق يول- كۆزنەكلەرنى ئاچسا ئاچاتتىكى، ھەرگىز زىيان سالمايتتى. چۈنكى ھەربىر كەسىپ- سودا ئۆز نۆۋىتىدە كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت تۈركۈملىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ئەڭ ئالدى بىلەن ئوخشىمىغان ئىنسان، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۆز ۋە ئۆزگە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى ئۆگىتەتتى. بۇ مەنىدىن، قىلىۋاتقان بۇ ئىشىمنى تامامەن كەسپىمگە يات دېگىلىمۇ بولمايتتى. يەنە كېلىپ، سودا ماھىيەتتە پىسخىكا تەتقىقاتى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. سودا ساھەسىدىكى جەڭ پىسخىكا ئۇرۇشىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ. خېرىدارنىڭ ھېس- تۇيغۇسى، ئېستېتىك ئېھتىياجى،



قىزىقىشى، تاۋارغا بولغان قىممەت ئۆلچىمى، خىلمۇ خىل سۈپەت، رەڭ، باھا ئالدىدىكى ئۆزىنى ئىپادىلەش شەكلى... دېگەندەك پسىخولوگىيىگە ياتىدىغان سودا ماھارىتى، بازار تەتقىقاتى بىزدە تېخى تۈزۈك شەكىللەنمىدى. ئەمەلىيەتتە، ساتارمەن بىلەن ئالارمەن ئوتتۇرىسىدا پسىخىك جەھەتتە ماسلىشىش، كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىسا سودا شەكىللەنمەيدۇ. ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ ۋە ھەتتا تۇپىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ بىر- بىرىنىڭ سودا رازىلىقىنى ئالغىلى كۈچەۋاتقان مالچى ۋە مال بىدىكى، ماھىيەتتە كۈچلۈك پسىخىك كېلىشىم ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان بولىدۇ. ئىتالىيە تەرەپنىڭ بۇ قېتىملىق ساياھەتنى تەشكىللىشىمۇ سودىدىكى راي ئۇتۇشتىن ئىبارەت پسىخىك ئۇرۇنۇشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. مەيلى قانداق بولسۇن، ئۇ ماڭا ئىتالىيىنى ئىككىنچى قېتىم تېخىمۇ كەڭ نەزەر بىلەن كۆزىتىش پۇرسىتى بەردى. «چياۋ»[2] دېدىمەن ئىچىمدە ۋە زاۋۇت بىزنى ئورۇنلاشتۇرغان تورىنو شەھىرىگە يەنە بىر رەت ھاياجان بىلەن

[1] ئىتالىيە خەرىتىسى ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈككە ئوخشىغاچقا «ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈك» دەپمۇ سۈپەتلىنىدۇ. - مەسئۇل مۇھەررىردىن.

[2] «Ciao» ئىتالىيىچە «سالام»، «خوش» دېگەن مەنىلەردە.

قەدەم باستىم.

تورىنو (Torino) ئىنگلىزچە Turin دەپ ئاتىلاتتى. بۇ شەھەر ئىتالىيە پادىشاھلىقى دەسلەپ قۇرۇلغان مەزگىللەردە، يەنى رىم بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن 1861 - يىللىرى پايتەخت قىلىنغانىكەن. شەھەرنىڭ سانائىتى تەرەققىي قىلغان، قۇرۇلۇش - ئىمارەتلىرى ئۆزگىچە، ئەتراپى تاغ، شەھەر ئىچى بۈككىدە دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغانىدى. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان پو دەرياسى شەھەرگە تېخىمۇ گۈزەل تەبىئىي مۇھىت ئاتا قىلغانىدى. تورىنوغا يەنە دۇنياغا داڭلىق Juvintus پۇتبول كۇلۇبى، FIAT ئاپتوموبىل شىركىتى جايلاشقانىدى. بۇ گۈزەل شەھەر يەنە دۇنيا 2006 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت كاتتا شەرەپكە ئېرىشكەن بولۇپ، نۇرغۇن يېڭى قۇرۇلۇش سېلىنىۋاتاتتى.

ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان زاۋۇت ئورنى تورىنونىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر سانائەت شەھىرى برا (Bra) دا بولۇپ، بىز زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن تورىنودىن براغا قاتنايتتۇق. لېكىن تۇرار جايىمىز كۆپىنچە تورىنودا ئىدى. شۇڭا تورىنونى كۆپرەك ئايلىنىشقا، كۆرۈشكە تىرىشاتتىم. ئۇچرىغانلىكى، ماڭا يېڭى، قىزىق، ئۆزگىچە تۇيۇلغانلىكى نەرسىنى سۈرەتكە تارتىپ خاتىرە قالدۇرۇشقا تىرىشاتتىم. ئىتالىيە ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياۋروپا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك نامايەندىلىرى جۇغلانغان جاي ئىدى. بىنالارنىڭ لايىھىلىنىش ئۇسلۇبى بىر - بىرىدىن ئېسىل، كاتتا ۋە ئۆزگىچە بولۇپ، گېئومېتىرىيىلىك ئۈنۈم ئاساسىدىكى ھەيۋەتلىك ھەممە يەردىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. مەيلى شەھەرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بىنالارنىڭ لايىھىلىنىشى، گۈللەرنىڭ تېرىلىشى، تام - بۇرجەكلەر، چاي چەينەكى، ھەتتا تۇز قۇتىلىرىغىچە جىمى - جىمى نەرسىدىن سەنئەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بەھەيۋەت قەدىمكى رىم بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى، چوڭ چېركاۋلار، ئاشخانا سايمانلىرى، كىيىم - كېچەكلەرگىچە ئىشلىتىش قىممىتى بىلەن گۈزەللىك قىممىتى يۇقىرى دەرىجىدىكى سەنئەتلىك تۈستە بىرىكىپ كەتكەنىدى. ئىتالىيىلىكلەر ھەرقانداق نەرسىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى گۈزەللىك، سەنئەت، ئېستېتىك ھۇزۇر بىلەن باغلاپ چۈشەنگەنىدى. ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئىنسانغا بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن ئەڭ كاتتا سەمەرە ئىكەنلىكىنى بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن قوشۇپ چۈشىنىشكە تىرىشقاندەك قىلاتتى. شەھەرلەردە بىر - بىرىگە ئوخشاش كوچا ياكى بىنادىن بىرەرنى تېپىشمۇ تەسكە توختايتتى. بىزلەر بارلىق شەھەر، ھەتتا كوچىلارنىمۇ ئامالىنىڭ بارىچە

ئوخشاشلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچەۋاتقان بولساق، ئىتالىيىلىكلەر ھەربىر چىمدىم تۇپراق، ھەربىر كوچا دوقمۇشى، كوچا، بىنا، ئىشىك - دېرىزە ئارقىلىقمۇ ئۆزگىچە خاسلىقنى نامايان قىلىشقا تىرىشقانىدى. مەن يىراق خوتەن، قەشقەرنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىنمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاش كوچا - رەستىنى قىينالمايلا تاپالىشىم مۇمكىن. بۇنى شەھەرلىشىش، تەرەققىيات ياكى ھەممىدە بىردەكلىكنى ساقلاش دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەكمۇ؟

برادىكى كۈنلىرىمدە تەلىيىمگە يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئېرىمچىك بايرىمى»غا توغرا كېلىپ قالدىم. ھەرخىل، ھەر ياڭزا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئېرىمچىكلەر ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. ئىتالىيىدىكى يۇرتلاردىن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئېرىمچىكچىلەر ئۆز مىللەتلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئېرىمچىكلىرىنى داڭلايتتى. سېرىقمايلار قىشتا بىزنىڭ ئۈرۈمچى بازارلىرىدا سېتىلىدىغان، قېرىنلارغا قاچىلانغان سېرىقمايلارغا ئوخشايتتى. ئېرىمچىك - سېرىقمايلارنى سېتىۋاتقان ئاياللار خۇددى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر ئانىلارغا ياكى ئۈرۈمچى نەنسەندىكى قازاق ئاياللىرىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. مەن بۇ بايرامدا بىر پارچە ئېرىمچىك پېچىنىنى ئىشتىياق بىلەن يالاپ بالىلار ھارۋىسىدا ئولتۇرغان ئوماق كىچىك قىزچاقنىڭ تولىمۇ ھۇزۇرلانغان چىرايىنى پەقەتلا ئۇنتۇيالمايمەن.



مەن ئىتالىيىنىڭ ھەرقانداق شەھىرىنىڭ بىرەر كوچىسىدا كېتىۋېتىپ، بىر - بىرىگە ئەسلا ئوخشىمايدىغان بىنا، كوچا لايىھىسى قاتارلىقلاردىن ئىنتايىن ئاڭلىق تۈستىكى ئۆزىنى، يەرلىك مەدەنىيەتنى، خاسلىقنى ئىپادىلەشكە بولغان تىرىشچانلىقنى ھېس قىلدىم. ھەتتا دۇنياغا داڭلىق نۇرغۇن زاۋۇت بار برا شەھىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار - قاتار زاۋۇت جايلاشقان ئۇزۇن دەرەخلىك كوچىسىدا يول بويىدىكى پاكار - پاكار تاش تۈۋرۈكلەردىنمۇ ئۆزگىچە مەنىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. بۇ تاش تۈۋرۈكلەر پاكار، ئەمما ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولۇپ، بۈككىدە دەرەخلىك يولدا ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. تاش تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىسىم، يىلنامىلەر يېزىلغان بولۇپ، بىر - بىرىدىن 10 - 20 مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ قويۇلغانىدى. دەسلەپتە مەن بۇ تاش تۈۋرۈكلەرنىڭ نېمىشقا تىكلەپ قويۇلغانلىقىنى قىياس قىلالمىدىم. چۈنكى قەبرە تاشلىرىنىڭ بۇنداق ئادەم مېڭىپ تۇرىدىغان يول بويىغا قويۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. زاۋۇتتىكىلەردىن سوراپ بىلدىمكى، بۇ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مۇشۇ شەھەردىن قۇربان بولغانلارنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن قويۇلغان تاش تۈۋرۈكلەر ئىكەن. تىرىكچىلىك ئەڭ جىددىي رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان زامانىۋى

زاۋۇت- فابرىكلار، تاشيول، ئۇچقانىدەك غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئېسىل ماشىنىلار مۇشۇ شەھەر ھەممە مۇشۇ شەھەر خەلقىنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن جان بەرگەن قەھرىمان ئوغۇل- قىزلىرىنىڭ روھى بىلەن ئۈنسىز رەۋىشتە سۆزلىشىپ تۇراتتى. بۇ خىل سۆزلىشىش بىر تەرەپتىن بۈگۈن ئۈچۈن تېخىمۇ جان تىكىپ كۈرەش قىلىشنى ئەسكەرتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆتمۈشنىڭ شەرىپى ۋە قان- ياشلىق، نومۇسلۇق سەھىپىلىرىنى شۇۋىرلاپ تۇراتتى.

ئىتالىيانلار قېنىدا، گېنىدا باربولغان ئالاھىدە مەغرۇرلۇقنى ھېلىھەم تاشلىمىغان خەلق ئىدى. ئۇلار چوڭچى كېلەتتى. مەن ھەركۈنى ئەتىگەندە بىراغا ماڭغىچە، تورىنونىڭ شەھەر ئىچىدە قايناق بازاردىن بىرىنى كۆرەتتىم. لېكىن كەچتە قايتىپ كېلىپ ھەرقانچە ئىزلىسەممۇ بۇ بازارنى تاپالمايتتىم. تۇرمۇشتىن قاينام- تاشقىنلىق ئىزدەشنى ھاياتلىق ئەنئەنىسى قىلغان بىر خەلقنىڭ پۇشتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەنمۇ ئەركىن، قايناق ھاياتقا تەلپۈنەتتىم. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇ بازارنى نەچچە كۈن ئىزدىدىم. ئاخىرى ئىتالىيىلىك تونۇشۇمدىن سوراپ بىلدىمكى، بۇ بازار پەقەت ئەتىگەندىلا ئېچىلىدىغان بولۇپ، سائەت 11لەرگىچە تارقىلىپ بولىدىكەن. بۇ يەردە ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن، باھاسىمۇ ئەرزانكەن. لېكىن ئۇ ئىتالىيىلىك ناھايىتى كۆرەڭلىك بىلەن: «بىز يەرلىكلەر ئۇ يەرگە ھەرگىز بارمايمىز. ئۇ ئوتتۇرا شەرقلىق ياكى ئافرىقىلىق كۆچمەنلەرنىڭ بارىدىغان يېرى» دېدى. قەدىمكى رىم دەۋرىدىن قالغان قۇلدارلارغا خاس كۆرەڭلىك ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ھىم، دەپ قويدۇم ئىچىمدە ۋە پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بىر ئەتىگىنى ئۇدۇللا شۇ بازارغا ماڭدىم. نېمە دەي ئۇ ئىتالىيانىڭ كۆرەڭلىكىگە. سودا قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىتالىيانلاردىن ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ يەردىن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن ھەرقانداقنى تېپىش، ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. بەزى يايمىلار ئالدىدا قىستىلىشىپ مال تاللاۋاتقان ئاياللارغا قاراپ ئۈرۈمچىدىكى دۆڭكۆۋرۈك خىيالىمدىن كەچتى. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئىللىقلىق چۇلغىۋالدى. شۇنداق، بىز ھاياتنىڭ سۈرۈن جىمجىتلىقىدىن، سوغۇق سۈكۈناتىدىن ئەمەس، جۇشقۇن، قاينام- تاشقىنلىققا چۆمگەن رەڭدارلىقىدىن خۇشاللىق تاپالايدىكەنمىز. تارىم- تەكلىماكاننىڭ ئوت- ئاتەش ھاۋاسىدا تاۋلىنىپ چوڭ بولغان ۋۇجۇد يەنە شۇنداق قىزغىن ئادەمگەرچىلىك، قىزىق- قىزىق ئاش- تاماقلار ئارقىلىقلا راھەتلىنەتتى. بۇ بازاردىكى ئەرزان باھالىق ماللارنىڭ ئارىسىدىن جۇڭگو ماللىرىنى خېلى كۆپ ئۇچرىتىشقا بولاتتى. يايما ئېچىپ تۇرغان ۋېنجۇلۇق بىرەيلەننىمۇ ئۇچرىتىپ قالدىم. دېمەككى، بۇ يەردە كۆچمەنلەر بىر قەدەر كۆپ ئىدى. ھېلىقى ئىتالىيانىڭ چوڭچىلىقىمۇ ماھىيەتتە پۈتكۈل ياۋروپالىقلارنىڭ كۆچمەنلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق پوزىتسىيىسىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ھەممە ئىتالىيانلارنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش پسىخىكىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مېنى ھەممىدىن خۇشال قىلغىنى، يۇرتۇمدىكىدەكلا كۆرۈنگەن مېۋە- چېۋە، كۆكتات بازىرى بولۇپ، بۇ يەردە ھەقىقەتەن جىق ئىدى. ئىتالىيانلار ھوزۇر بىلەن يەيدىغان دېڭىز مەھسۇلاتلىرى مېنى زادىلا ئىسسىق باسمايۋاتاتتى. بىزنى ئورۇنلاشتۇرغان مېھمانخانىنىڭ ياتىقى كىچىك بولۇشىغا قارىماي ئىنتايىن ئەپچىل سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. ئۆزىمىز تاماق ئېتىپ يېيىشكە بولاتتى. كۆكتات، گۈرۈچ- مايلاردىن خالىغانچە ئالدىم. ئەمدى تازا تويۇنۇپ تاماق يەيدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدىم. لېكىن بۇ بازاردىن قوي، كالا گۆشى تاپالمىدىم. مېنىڭ قوي- كالا گۆشى يېگۈم كېلىپلا تۇراتتى. شۇنداق كوچا ئارىلاۋاتقان بىر كۈنى ئەرەبچە خەت يېزىلغان بىر دۇكانغا كۆزۈم چۈشتى- دە، خۇشاللىقتىن دەرھاللا گۆش ئېلىش ئۈچۈن دۇكانغا كىردىم. خۇداغا شۈكۈر، دۇكاندار راستىنلا ئەرەب ئىدى. ئۇنىڭغا گۆش ئالىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، قوي گۆشىنى كۆرسەتتىم. ئۇ يوغان بىر



پارچە گۆشنى سېلىپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، مەن ئەرەبچە بىلمىگەنلىكتىن، ئىتالىيە تىلىدا «پوككو، پوككو» دېدىم ئالدىراپ. تەلەپپۇزۇم ئۇنىڭغا قانداق ئاڭلىنىپ كەتتى، بىلمىدىم، ئۇ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ: «بۇ مۇسۇلمانچە دۇكان، چوشقا گۆشى سېتىلمايدۇ» دەپ چىچاڭشىپ كەتتى. چۆچۈپ كەتتىم. مېنىڭ «پوككو»، يەنى ئازراق دېگىنىم ئۇنىڭغا «پوركو»، يەنى چوشقا گۆشى دەپ ئاڭلىنىپ كەتكەنىدى. «مەنمۇ مۇسۇلمانمەن، مەن پوككو، ئازراق ئالىمەن دېمەكچى» دېدىم ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېنىقراق تەلەپپۇزدا ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ. ئۇمۇ ناھايىتى خىجىل بولدى- دە، ئەپۇ سورىغىنىچە گۆش سېتىپ بەردى. مەن بۇ ئەرەب قاسساپنى ھەممىدە ناھايىتى تەستە تاپقان قوي گۆشىنى خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە تارتىۋېلىپ، ئەرەبلەرنىڭ خوشلاشقاندىكى ئادىتى بويىچە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگىنىمچە

خوشلىشىپ يېنىپ چىقتىم.

مەن تورىنودىكى شەھەرنىڭ سىمۋوللۇق قۇرۇلۇشى دەپ ئاتالغان ئۈستى گۈمبەزگە ئوخشايدىغان ھەيۋەتلىك مۇنار شەكىللىك قۇرۇلۇشنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇۋاتقاندا ئاڭلانغان ئەزان ئاۋازىدىن ھەيران قېلىپ، خاتا ئاڭلاپ قالدىممىكىن دېسەم، ھەقىقەتەن شۇ داڭلىق - كاتتا قۇرۇلۇشنىڭ بىر قەۋىتى مەسچىت ئىكەن.

مەن تورىنو شەھىرىنى ئاساسەن ئايلىنىپ چىقتىمىۇ، ئەمما چوڭ كىتابخانا ئۇچراتمىدىم. كوچا - كوچىلاردا كىچىك - كىچىك كىتاب بوتكىلىرى ناھايىتى جىق ئىدى. بەلكىم ئۇلار كىتابخانىنىڭ چوڭلۇقىدىن كۆرە ئۇچۇرچانلىقى، تۇرمۇشقا يېقىن بولۇشىنى بەكرەك نەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك. بوتكىلاردا كىتابلارنىڭ تۈرلىرىمۇ بەكلا كۆپ ئىدى. رەسسام ھەم لايىھىلىگۈچى ئىنىم بەھرامغا ئاتاپ بىناكارلىق - لايىھىلەش تۈرىدىكى كىتابلاردىن خېلى كۆپ سېتىۋالدىم.

شىنجاڭدا ئىتالىيىنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرى ئالاھىدە كۆپ ئىدى.



شۇڭا مەن ئىتالىيىنىڭ ئۆزىدە ئالتۇن بۇيۇملار ئەرزان دەپ ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ قىممەتلىكى ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتەتتى. مەيلى تورىنو، رىم ياكى فلورېنسىيەدىكى ئالتۇن ساتىدىغان كوچا ياكى ۋېنتسىيەدىكى دۇكانلاردا بولسۇن ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەرنىڭ باھاسى يۇرتىمىزدىكىدىن تولىمۇ قىممەت ئىدى. شۇنىڭغا قاراپ، شىنجاڭ بازارلىرىدىكى ئىتالىيىنىڭ دەپ سېتىلىۋاتقان ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەرنىڭ ئىتالىيەدە ياسالغانلىقىغا گۇمانلىنىپ قالدىم.

مەن ئىتالىيەدە ئۆزلىكىمدىن پەقەت بىرلا ناخشىغا غىڭشىيدىغان بوپقالدىم. ئىختىيارسىز ھالدا بەزى ئاھاڭلارغا تولا غىڭشىش، مەلۇم بىر شېئىر ياكى ناخشا كاللىسىغا كىرىۋېلىش تولا ئادەمدە بولىدىغان ئادەتسىز ئادەت. ئۆزۈم تۇزۇك ناخشا ئېيتالمىساممۇ، تۇرۇپلا ئۆزۈمچە بەزى ناخشىلارغا غىڭشىپ قالاتتىم. شۇ غىڭشىغان ناخشا شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىمگە بەكلا ماس كېلەتتى. ئىتالىيەدە نەگىلا بارماي ئىزچىل قۇلاق تۈۋىمدىلا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ھەم مەن ئىختىيارسىز غىڭشىپ سالدىغان ناخشا شۇ ئىدى:

يۇرتۇمنى سۆيۈپ ھەردەم،
باغرىغا تېڭىپ مەھكەم،
كۆك تىرەپ تۇرار مەزمۇت،
تەڭرىتاغلىرى كۆركەم.
تەڭرىتاغلىرى...

راست، يۇرتۇمنى بەك سېغىنغانىدىم. ئەل سۆيگەن خۇش ئاۋاز ناخشىچىمىز رابىيە مۇھەممەت ئانىنىڭ تاغ سۈيىدەك سۈزۈك ئاۋازىنىڭ تەڭرىتاغلىرىدىن يانغان ساداسى دولقۇنلاپ كېلىپ يۈرىكىمنىڭ بېغىشىغا ئۇرۇلۇپ، نەپسى - ۋۇجۇدۇمنى ئۆزۈممۇ ئىگە بولالمايدىغان پايانسىز بوشلۇقلارغا ئېلىپ كېتەتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەلىيىمىزگە ئىتالىيىنىڭ يەنە بىر شەھىرى ۋېروناغا بېرىش پۇرسىتى كېپقالدى. ۋېرونانىڭ داڭلىق بولۇشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب شېكسپىرنىڭ نۇرغۇن تراگېدىيىسى مۇشۇ شەھەردە يېزىلغانىدى. دۇنياغا داڭلىق «رومېئو بىلەن ژۇلېتتا»دىكى ژۇلېتتانىڭ تۇرغان ئۆيىمۇ داڭلىق ساياھەت ئورنى ئىدى. ئۇنى ژۇلېتتانىڭ ئۆيى دەپ ئاتايتتى. شۇنداق بىر قىز ئۆتكەنمۇ، مەن بۇنى بىلمىدىم. لېكىن ئۇ يەردىكى ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. تراگېدىيەدە ژۇلېتتا ئۆلگەندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭ ئالتۇن ھەيكىلىنى ياسايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، ئۇ يەردە بىر ھەيكەل بار ئىدى. ئۇنىڭ ئالتۇنلۇقىغا ئىشەنچ قىلالمىدىم، ھېچبولمىغاندا تۈچ ئىدى. يەرلىكلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھەيكەلنىڭ ئوڭ كۆكسىنى تۇتقانلار مەڭگۈ بەختلىك بولارمىش. شۇڭا ھەممە ساياھەتچى ھەيكەلنىڭ ئوڭ كۆكسىنى سىلاۋېرىپ شۇ يەر پارقىراپ كەتكەنىدى. يەنە ژۇلېتتانىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا مىليونلىغان ئىسىم ئۈستى - ئۈستىلەپ يېزىقلىق تۇراتتى. ئېيتىلىشىچە، شۇ يەرگە بىر جۈپلەر ئىسمىنى يازسا مەڭگۈ بىرگە بولارمىش. مەن بۇتتىن، ھەيكەلدىن، تامدىن نىجاتلىق تىلەپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدىم. سۈرەتكە چۈشتۈم، ئەمما خىيالىمدا شېكسپىر، دانتېلار بىلەن ئەلشىر نەۋائىي، ئابدۇرەھمان جامىيلار ھامان سېلىشتۇرما ئىدى. شېكسپىرنىڭ تراگېدىيىلىرى ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىسى ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆلمەس غۇرۇر بولدى. دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر شېكسپىرنىڭ قەلىمىدە پۈتۈپ چىققان پېرسوناژلارنىڭ ھەيكىلىدىنمۇ نىجاتلىق، خەيرلىك تىلەپ دۇئا قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئەمما بىز ئەلشىر نەۋائىيدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك سىيما ھەققىدە قانچىلىك بىلىمىز؟ «پەرھاد - شېرىن» شەرق ئەللىرى ئۈچۈن بىر ئورتاق تېما. لېكىن بىز جاھاننىڭ قايسى قەرنە - بۇرجىكىدىن شېرىننىڭ سېغىز ھەيكىلىنى ئىزدەيمىز؟ مەن كۆرگەن ئۆي، ھەيكەلنىڭ ژۇلېتتانىڭ نەق ئۆزىنىڭ

بولۇشى ناتايىن. ئەمما شېكىسپىرگە، ژۇلىيېتاغا بولغان ھۆرمەتنىڭ بۇ ئۆيىنى، ھەيكەلنى روياپقا چىقارغانلىقى راست. مانا ئەمدى كۆرىسىزكى، ژۇلىيېتانىڭ ئۆي، ھەيكىلى شېكىسپىردىن ئىبارەت بۇ گىگانت تالانت ئىگىسىنى ھەممە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر بۇ ئارقىلىق ھەم ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى، ئۆز شەھرىنى نامايان قىلىدۇ. مەن ئاشۇ مىنۇتلاردا بىزدە قانچىلىك ئادەم ئەلىشىر نەۋائىينىڭ خەمسە - داستانلىرىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شاھانە ئەسىرىنى ئوقۇپ چىققاندۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. گەپ - سۆزسىزكى، بىزنىڭ مەن - مەن دېگەن شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنىڭمۇ «قۇتادغۇبىلىك»نى تولۇق چۈشىنىپ ئوقۇپ باقمىغانلىقى راست گەپ ئىدى. بىزدە ئۇلۇغلاش ئېغىزدا بولغانىدى. مەن بۇ يەردە قەدىرلەشنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىسى ئالدىدا چوڭقۇر سۈكۈتتە ئىدىم.

ۋېرونادا نەچچە كۈن تۇرۇش ئېھتىماللىقى بولغاچقا، مەن غىپپىدىلا ۋېنتسىيىگە بېرىپ كەلمەكچى بولدۇم. ۋېرونا بىلەن ۋېنتسىيە ئارىلىقىدا قاتنايدىغان تېز پويىز بىلەن بۇ گۈزەل سۇ ئۈستى شەھرىگە ئۈچ سائەتتىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ۋېنتسىيە 118 ئارال، 117 سۇ يولى، 400 دىن ئارتۇق كۆۋرۈك ئۆزئارا باغلاپ بىر گەۋدە قىلىپ تۇرغان شەھەر ئىدى. كۆۋرۈكلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن داڭلىقى رىئالتو تاش كۆۋرۈكى بولۇپ، ئۇنى «ئۇھسىنىش كۆۋرۈكى» دەپمۇ ئاتايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمدە جىنايەتچىلەر ئۆلۈمگە ئېلىپ مېڭىلغاندا مۇشۇ كۆۋرۈكتىن چوقۇم ئۆتىدىكەن ھەمدە بۇ گۈزەل شەھەر، چىرايلىق دۇنياغا قىيماسلىق بىلەن قاراپ تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكىگە ئاچچىق ئۇھ تارتىدىكەن. ھېلىھەم بۇ يەردە ساياھەتچىلەر كەم تېپىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىنى ساياھەت قىلىش ئۈچۈن تىقما - تىقماق بولۇپ تۇرۇشاتتى.

مەن پويىزدىن چۈشۈپلا ۋېنتسىيىنىڭ ساياھەت قوللانمىسىدىن بىرنى سېتىۋالدىم ھەمدە بوتكىچى بوۋايدىن سورىۋالغىنىم بويىچە ئەڭ تېز ھەمدە ئەڭ ئۈنۈملۈك ساياھەت يولۇمنى باشلىدىم. ۋېنتسىيىدە باي - كەمبەغەل ھەرقانداق ساياھەتچىدىكى بىر ئورتاقلىق شۇكى، كېمىگە چىقمىسا جەزمەن پىيادە مېڭىشى كېرەك ئىدى. چوڭ شەھەرلەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرىنىدە چارچىغان مېڭە بۇ شەھەرنىڭ يېنىك چايقىلىپ تۇرغان كۆپكۆك سۈيىدە، تېپتىنچ جىمجىتلىقىدا راستتىنلا ئارام تېپىپ قالاتتى. شۇڭىمۇ ھەريىلى ۋېنتسىيىگە ساياھەتكە كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى... دۇكانلار بىلەن قورشالغان ئەگرى - بۈگرى كوچىلارنى، چوڭ - كىچىك كۆۋرۈكلەرنى



تاماشا قىلىپ يۈرۈپ بىرچاغدا سان ماركو مەيدانىغا يېتىپ كەلدىم. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا ۋېنتسىيە تېخى بىر پارچە دېڭىز ساھىلى بىلەن دېڭىزدىن چىقىپ قالغان قۇم ئارالدىن ئىبارەت ئىكەن. سان ماركو كېمىسىنى ھەيدەپ لىئاتو ئارىلىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا كەلگەندە بورانغا يولۇقۇپ كېمە قۇمغا پېتىپ قالغان. سان ماركو ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندا خىزىر ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەنە شۇ ئاراللار ئارىسىدا بۇ سۇ ئۈستى شەھرىنى قۇرغان، دەپ بايان قىلىنىدۇ. ۋېنتسىيىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي يادروسى بولغان بۇ تىك تۆت بۇلۇڭلۇق مەيدان ئەنە شۇ رىۋايەتتىكى شەخس سان ماركونىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ جاي ناپالېئون تەرىپىدىن «دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل مېھمانخانا ئۆيى» دەپ شۆھرەتلەنگەنىدى. كەڭ كەتكەن مەيداندا مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كۆك كەپتەر بۇقۇلداپ دانلاپ يۈرەتتى. ئۇ ئىنساندىن ئۈركۈپ قاچىدىغان كەپتەر ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ مۈرە، يەلكىسىگە، بېشىغا قونۇپ خىرامان ئۇنلەپ دوستانىلىك بىلەن بۇقۇلداپ تۇرىدىغان كەپتەرلەر ئىدى. ئىنسان بىلەن تەبىئەت، جانىدارلار ئارىسىدىكى زەخمەتسىز دوستلۇقنىڭ مېھرى قەلبلەرنى غەرەزسىز، پاكىز سۆيگۈ بىلەن تولدۇرۇپ تۇراتتى. داڭلىق سان ماركو چېركاۋى ئالدىدا بىھساب ئادەم ئۆچىرەتتە ئىدى. ۋاقتىنىڭ زىچلىقى تۈپەيلى ئاشۇ كۆك كەپتەرلەرگە كۆزۈم قىيمىغان ھالدا خوش دېگىنىمچە قانال بويلاپ كەتتىم.

ۋېنتسىيىدىكى قاتناش قورالىرىنىڭ ئىچىدە سۇ ئۈستى ئاپتوبۇسى دەپ ئاتىلىدىغان Vaporetto ماركىلىق كېمە ھەممىدىن قولايلىق بولۇپ، 3.5 ياۋروغا بىلەت ئېلىپ كېمىنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتىم. سۇ يالاپ تۇرغان ئۆيلەر، جىمجىت مۇھىت، رەت - رەت كوچىلار كىشىگە ھەم سىر ھەم گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايتتى. كېمىدە ماڭغاچ ھەرخىل ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇشلارنى، كۆۋرۈكلەرنى، رەڭگارەڭ ئۆيلەرنى ھەم چىرايلىق لايىھىلەنگەن دېرىزىلەرنى كۆرگەچ پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدىم. دۇنياغا داڭلىق مۇشۇك سىياقىدىكى نىقابتىن بىرنى خاتىرە ئۈچۈن سېتىۋالدىم - دە، خۇشھال ھالدا ۋېروناغا قايتتىم.

ۋېرونادىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا رىمغا سەپەر قىلدۇق. رىم ھەققىدىكى كىتابىي بىلىم، چۈشەنچىلىرىم مېنى تەبىئىيلا رىم

ھەققىدىكى تېخىمۇ مول تەسەۋۋۇرلار قايىنمىغا سۆرەيتتى.

«دۇنيانىڭ پايتەختى» دەپ نام ئالغان رىم شەھىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 753 - يىلى رىمنىڭ تۇنجى پادىشاھى رومۇلۇس (Romulus) تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان بولۇپ، بۇ پادىشاھ ھەققىدە بۇ ئەلدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىدى: رومۇلۇس قوشكېزەك ئىنىسى بىلەن ئىككىسى ۋەھشىي تاغىسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ سېۋەتكە سېلىنىپ تۆۋېرى دەرياسىغا تاشلىۋېتىلىدۇ. سېۋەت لەيلەپ - لەيلەپ دەريا قىرغىقىغا چىقىپ قالغاندا، بىر ئانا بۆرە باللارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى ئۆز سۈتىدە ئېمىتىپ چوڭ قىلىدۇ. باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن تاغىسى ئامورسىنى ئۆلتۈرۈپ قىساس ئالىدۇ ھەمدە رىم شەھىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. شۇڭا ئىككى ئوغۇل بالىنى ئېمىتىۋاتقان بىر ئانا بۆرىنىڭ ھەيكىلى رىم شەھىرىنىڭ شەھەر بەلگىسى سۈپىتىدە تىكلەنگەنىكەن.



مەن بۆرىنى تۇتېم قىلغان خەلقنىڭ پەرزەنتى. زور قىرغىنىدىن ئېشىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى ئوغۇل بۆرىنىڭ باشپاناھلىقىدا ئەر يېتىپ، ئەل - ئۇلۇس بولۇپ زورىيىپ خاقانلىق تىكلىگەن رىۋايەتنى بىزدە ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بۆرە ساداقەتكە، جەڭگىۋارلىققا، ئەقىل - پاراسەتكە، نىجاتلىققا تىمسال. رىم خەلقىنىڭ نەزىرىدە بولسا بۆرە مىللىي قۇتقۇزغۇچى نىجاتكارغا تىمسال سۈپىتىدە شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

رىم ماڭا ناھايىتى قايناق، قىزغىن تەسىر بەردى. زەڭگەر ئاسمان، تاش ياتقۇزۇلغان ۋەزمىن، قەدىمكى يول، يول ئۈستىدىكى قەدىمكى ھەيكەل، خارابىلەر... ھەممە يەردىن بىر خىل قەدىمكى شەھەرلەرگە خاس سۈرلۈك گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى. ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىس جۇمھۇر، باش مىنىستىر، پارلامېنت بىناسى، ھەرقايسى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ باش ئورگانلىرى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىتالىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىلىرى رىمدا تەسىس قىلىنغانىدى. يەنە ئۇنىۋېرسىتېت، تېخنىكوملار، چېركاۋلار، مۇزېي، كۇتۇپخانىلار بۇ قەدىمكى شەھەرگە خىلىلا تەمكىن سۈلكەت بېغىشلىغانىدى. يەنە كېلىپ رىم دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر بىناكارلىق لايىھىلەش ئۇستىلىرى، نەپىس سەنئەت پېشىۋالىرى ئۆمۈر بويى تەلپۈنۈپ ياشىغان سەنئەتلىك شەھەر بولۇپ، شۇنىڭغا يارىشا شەھەرنىڭ جىمى نەرسىسىدىن گۈزەللىك ھەم سەنئەت پۇراپ تۇراتتى. رىم فونتانىنىڭ كۆپلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەنمۇ داڭلىق ئىدى. ھەرخىل قىياپەت، تۈرلۈك ئۆزگىچە سەنئەتلىك ھەيكەللەرنىڭ تېنىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدىن شىرقىراپ چۈشۈۋاتقان ياقۇتتەك سۈزۈك سۇلار كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئاشۇ فونتانلار ئىچىدە ترېۋىي فونتانى ئەڭ داڭلىق بولۇپ، سۈپسۈزۈك سۇ كۆلچىكى تەڭگىلەرگە لىق توشۇپ كەتكەنىدى. ساياھەتچىلەر كۆلچەككە تەڭگە تاشلىسا، رىمغا قايتا كېلىش نېسىپ بولارمىش.


رىمغا كېلىپ تۇنجى كۈنى بىز جۇڭگودىن كەلگەنلەر بىرلىكتە ئايلاندۇق. يەنى ئېسىل جابدۇقلۇق ئات ھارۋىسىدىن نەچچىنى كىرا قىلىپ رىمنىڭ شەھەر ئىچىنى، ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتۇق. ئات بۇ زامانىۋى، داڭلىق شەھەرنىڭ ھۆسنىگە داغ چۈشۈرمىگەنىدى، بەلكى قەدىمكى قەھرىمانلىق ئەنئەنىسى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بۇ ئەل، بۇ شەھەرگە باشقىچە سۈلكەت بېغىشلىغانىدى.

بىز چۈشكەن مېھمانخانا «ھايۋانات سوقۇشتۇرۇش مەيدانى» (Colosseo) نىڭ قېشىغا جايلاشقان Forum Hotel نامىدىكى ناھايىتى قەدىمكى مېھمانخانا ئىدى. مېھمانخانا خىزمەتكارلىرىمۇ ياشانغان ئادەملەر ئىدى. راست، مەن ئىتالىيىدە ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقىغان بىر ئىش شۇ بولدىكى، ئىتالىيە ئالىقاچان قېرىلار جەمئىيىتىگە كىرىپ بولغانىدى. نۇرغۇن ئاشخانىدا مۇكچەيگەن قېرى ئەرلەرنىڭ تاماق توشۇپ يۈرگىنىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئايال خىزمەتكارلار ئاز ئۇچرايتتى. ھەتتا بەزى قېرى خىزمەتكارلارنىڭ قولىقى ئاڭلىمايدىغانىدەكمۇ قىلاتتى. ئاز تۇغۇش، ھەتتا تۇغماسلىق، مۇقىم ئۆي تۇتماسلىق قاتارلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ ياشلار قاتلىمىنى بارا - بارا تارايتىۋەتكەن، قېرىلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك بولغان يۈكنى ئېغىرلىتىۋەتكەنىدى. بۇ ھال كىشىگە يەنە يىللار ئۆتكەنسېرى غەرب جەمئىيىتىدىكى ياشلار ۋە ئۈسمۈرلەرنىڭ نوپۇسى شىددەت بىلەن ئازىيىپ، ئىككى - ئۈچ ياشانغان ئادەمنى بىر ئادەم بېقىشقا توغرا كېلىدىغاندەك ياكى شۇ بىر ئادەمنىمۇ تاپماق تەس بولىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

مېھمانخانىدىن چىقىپ «دوئېل مەيدانى»غا قاراپ ماڭدىم. «دوئېل مەيدانى»نىڭ ئىچى - سىرتى ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولغانىدى. رىم ئىمپېرىيىسىگە تەۋە ۋەكىللىك قۇرۇلۇش ھېسابلانغان «دوئېل مەيدانى»نى مىلادى 72 - يىللىرى 15 مىڭ ئۇستا بىلەن بېھساب قۇل سەككىز يىل ئىشلەپ پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئاڭلاشلارچە، ئۇنىڭ لايىھىلىگۈچىسى گاۋدىنچىئو ئىمارەت پۈتكەندىن كېيىن تىرىك پېتى يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋانلارغا يەم قىلىپ بېرىلگەنىكەن. بۇ مەيداندا تارىختا گلادىئاتور نامىدا بويۇن - قوللىرىغا زەنجىر - ئىشكەل سېلىنغان مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان قۇلنىڭ بىر - بىرى بىلەن شەپقەتسىزلەرچە ئېلىشىپ قىرغىن قىلىنغىنىنى ھېچكىم ئېنىق دەپ

بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. ھەئە، بۇ مەيدانغا بىھېساب بىگۇناھ، ئاجىز پۇقرانىڭ قېنى چېچىلغان: بۇ يەردە سانسىز بىچارە قۇل ئىنسان قىلىپىدىن چىققان رەھىمسىز قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەھشىيلەرچە كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن ئەزىز جېنىدىن، ئىسسىق تېنىدىن جۇدا بولغان: رەھىمسىز قۇللۇق تۈزۈم ئىنسانىي ئىنسان بىلەن، ھەتتا يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىشقا، ئۆلتۈرۈشنى بىلىپ تۇرۇپ ياۋۇز ئىنسان ئۈچۈن جان ئويۇنى ئويناپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغانىدى. ئاقسۆڭەكلەر، قۇلدارلار، كېنەز-سىناتلارنىڭ[1] نەزىرىدە يۇقىرى تەبىقە تۆركۈمىدىن باشقىلار ئىنسان ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە، ئۇرۇشقا، خورلاشقا، سېتىشقا، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىشكىمۇ بولاتتى. سپارتاك رىم ئاقسۆڭەك - قۇلدارلىرىنىڭ مانا شۇ ئىنساننى مەنسىتمەيدىغان، ئىنساني قەدىر - قىممەتنى دەپسەندە قىلىدىغان ھاكاۋۇر مەنمەنچىلىكى، ئىنسانىي شەپقەتسىزلەرچە خارلاشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان قانخور ياۋۇزلۇقى ئۈچۈن ئېزىلگەن بارچە قۇللارنى كۆرەشكە چاقىرغان ۋە رىم ئاقسۆڭەك - قۇلدارلىرىنى قاتتىق پاراكەندە قىلغان، رىم تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ قۇللار قوزغىلىڭىنى قوزغاپ ئىنسانىي ھۆرلۈك، كىشىلىك ئىززەت، قەدىر - قىممەت ئۈچۈن قان كېچىپ كۆرەش قىلغانىدى. ئۇمۇ بەلكىم مۇشۇ دوئېل مەيدانىدا نۇرغۇن بىگۇناھ قۇلنى ئۆلتۈرۈش بەدىلىگە ھۆرلۈككە ئېرىشكەن بولغىيتتى، ھەمدە يالغۇز بېشىنىڭ ئەمىنلىكىنىڭ ھېچ نەرسە ئەمەسلىكىنى، بارلىق ئېزىلگەن، خورلانغان قۇللارنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ھۆرلۈكى ئىشقا ئاشقاندىلا ئاندىن بۇنىڭ شادلىنىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بولغىيتتى. گەرچە ئۇ باشلىغان بۈيۈك ئىنقىلاب مۇئەييەن سەۋەب ۋە كۈچ سېلىشتۇرمىسى تۈپەيلىدىن مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنسانىي باراۋەرلىك ئۈچۈن تىغ كۆتۈرۈپ قوزغالغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئىنتايىن ئۇلۇغ روھ ئىدى. ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىغا نەرە تارتىپ كىرىپ ئېزىلىۋاتقان ھەربىر قۇل ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلىشى، ھەتتا نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك رىم قوشۇنى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىسىمۇ باش ئەگمەي ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە قانخور ئىستىبدات تۈزۈم بىلەن جەڭ قىلىشى، ئەسىر - ئەسىرلەردىن بېرى دۇنيادىكى ھەرقانداق ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىش روھىغا چاقىرىق بوپقالدى.

«دوئېل مەيدانى»غا سەپسالدىم. مەيدان ئاستىدا مىليونلىغان بىگۇناھ پۇقرانىڭ چىرىگەن ئۇستىخىنى چېچىلىپ ياتقاندەك، قۇللارنىڭ قارامتۇل قېنى تاش تاملاردىن، ئورۇندۇقلاردىن، تۈۋرۈك - سېپىللاردىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقاندەك بىلىندى. ياللىراپ تۇرغان قىلىچ - نەيزە جان ھەلەكچىلىكىدە قورقۇپ ھاسىراپ يۈگۈرۈۋاتقان قۇلنىڭ بەدىنىگە غاسسىدە سانجىلدى. تاش ئورۇندۇقلارغا ياسداق سېلىنچا سېلىپ، سۆلەتلىك ياسىنىپ ئولتۇرغان ئاقسۆڭەك بايلار ۋە ئۇلارنىڭ ياسانچۇق خېنىملىرىنىڭ، قۇلدارلارنىڭ ھۇششەرە، تەنتەنە سادالىرى پەلەككە يەتكەنىدى. ئۇلار قاننىڭ ئېقىشىدىن قانخومار مەستخۇشلۇق بىلەن ھۇزۇرلىنىپ كۈلمەكتە ئىدى. بىر قۇل يەنە بىر قۇلغا يىغلاپ تۇرۇپ تىغ سانجىيتتى، ئۆزىنىڭمۇ يەنە بىر - ئىككى مىنۇتتىن كېيىن شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلىدىغىنىنى. ئۆز ئۆلۈمىنىڭ مۇشۇ مەيداندىكى بىر توپ قانخومارنى خۇشلۇقتىن كىرىلدۇرىدىغانلىقىنى قايغۇ ئىچىدە ئەسلەيتتى. تۇۋا، ئىنسان بولۇش نېمىدېگەن شەرەپ ھەم نېمىدېگەن ئازابلىق - ھە؟! بىرى يەنە بىرىنى قىيناشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان جەمئىيەت قانچىلىك راۋاج تاپسۇن؟ بىرى يەنە بىرىنى مەنسىتمەيدىغان، ھەتتا خالىغانچە ئېزىپ ئوينايدىغان ياۋۇز تۈزۈمدە قانچىلىك ئۈمىد، ئادالەت، كېلەچەك بولسۇن؟



مانا ھازىر بۇ قان - ياشلىق تارىخنىڭ شاھىتى بولمىش قۇرۇلۇش خارابىسى ئالدىدا نۇرغۇن ئىتالىيانىنىڭ گلادىئاتورلاردەك ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كىيىشىۋېلىپ، ساياھەتچىلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ پۇل تېپىپ يۈرگىنىنى كۆرىسىز. مەن خاتىرە بوپقالسۇن دەپ بىرى بىلەن سۈرەتكە چۈشسەم نەچچىسى كېلىۋالدى. «ئەمدى پۇل يوق» دېسەم، «بولدى، پۇل ئالمايلى» دېگىنىچە سۈرەتكە چۈشۈشكە تەمشەلدى. رەھمەت ئېيتىپ قويۇپ كېتىۋەردىم. مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى گۈللۈكلەرنى، ئويمانلىقلارنى، قەدىمكى تاش پەلەمپەيلەرنى، خارابىلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كۆچۈرۈۋېتىپ، بىر مومايىنىڭ نۇرغۇن تاشلاندۇق مۈشۈكنى بېقىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ مۈشۈكلەر ئالاھىدە چوڭ، سۆرلۈك بولۇپ، قېرى موماي، خارابە قالدۇقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئىنتايىن ۋەھىملىك بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ دەرھال ئارقامغا ياندىم.

ئەمدى ۋېنىسىيە مەيدانىغا قاراپ ماڭدىم. بۇ مەيداندىكى چىرايلىق ئاق مەرمەر تاشتىن ياسالغان قۇرۇلۇش تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر سۇپا بولۇپ، ئىتالىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەپ ياسالغانىدى. سۇپىنىڭ مەركىزىدە پادىشاھنىڭ ئاتلىق مىس ھەيكىلى تىكلەنگەن بولۇپ، قەھرىمانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئىككى يېنىغا يېقىلغان مەشئەل يىلبويى ئۆچمەيدىكەن. تولۇق ھەربىي فورمىدىكى قاراۋۇللار بۇ يەرنى كېچە - كۈندۈز قوغدايدىكەن. بۇ سۇپىدا تۇرۇپ ئىتالىيىنىڭ مەنزىرىسىنى خېلى تولۇق كۆزەتكىلى بولاتتى. مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بۈيۈك پەيلاسوپ، ئاسترونوم برونونى ئەسلىدىم. ئۇ ئۇلۇغ ئاسترونوم كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز» تەلىماتىدا ئىزچىل چىڭ تۇرالىغان، سەككىز يىللىق زىندان ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈپمۇ ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن ۋاز كەچمەي مۇتەئەسسىپ دىنىي جەمئىيەت بىلەن مۇرەسسەسىز كۆرەش

[1] سىنات: قەدىمكى رىم قۇللۇق تۈزۈمى ئاستىدىكى ئاقساقاللارنى كۆرسىتىدۇ.

قىلالىغانىدى. بۇ ئۇلۇغ، قەيسەر ئىلىم ـ پەن جەڭچىسى پاپا كلېمون VIII تەرىپىدىن 1600 ـ يىلى 17 ـ فېۋرالدا رىمنىڭ گۈللۈك مەيدانىدا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى. ئۇ ھۆكۈم ئېلان قىلغۇچىلارغا قاراپ: «سىلەرنىڭ مېنىڭ ھۆكۈمنامەمنى ئوقۇشۇڭلار مېنىڭ ھۆكۈمنامىنى ئاڭلىشىمدىنمۇ قورقۇنچلۇق بولدى» دەپ ئاچچىق كىنايە قىلغانىدى. بىز ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن مۇشتۇمزور زوراۋانلىق، ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق، ئىلىمگە قارشى زومىگەرلىك پەيدا قىلغان ئېچىنىشلىق تراگېدىيىنىڭ پەن ئاسمىنىدىكى مەشئۇم ـ قاباھەتلىك سايىسىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئۇنىڭ «چەكسىزلىك، ئالەم ۋە دۇنيالار توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدىكى بەشىنچى قىسىم سۆزلەشمىنىڭ بىر قىسمى بولغان «ھەقىقەت ئالدىدا يېرىم قەدەممۇ چېكىنمە» ناملىق ئۇلۇغ نۇتقى ھېلىھەم كىشىلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھەققانىيەت خىتابى بولۇپ ياڭراپ تۇراتتى. «ئالغا، قەدىردانىم فىلوتېئو، ـ دەپ يازغانىدى ئۇ ھاياجان بىلەن. ـ ھەرقانداق نەرسىمۇ سېنى سەن تەشۋىق قىلىۋاتقان ئاشۇ ئاجايىپ تەلىماتىڭدىن ۋاز كەچتۈرمىسۇن. مەيلى ئۇ نادانلارنىڭ قوپال قارغىشلىرى بولسۇن، مەيلى ئۇ بوپتىلا دەپ ھەممىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ئولتۇرىدىغان چاكىنا ئادەملەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى بولسۇن، مەيلى ئۇ ئەقىدىپەرەسلەر ۋە ئەمەلدار ـ مەنسەپدارلارنىڭ قەھر ـ غەزىپى بولسۇن، مەيلى ئۇ شايكا بولۇشۇۋالغان جېلىگۈر ـ لۈكچەكلەرنىڭ بىشەملىكى بولسۇن، مەيلى ئۇ جامائەت پىكرىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشى بولسۇن، مەيلى ئۇ يالغانچى ۋە ئىچى يامان كۆرەلمەسلەرنىڭ تۆھمەتلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سېنىڭ قەلبىڭدىكى ئالىجاناب ئۇبرازىڭغا داغ تەگكۈزەلمەيدۇ... قەيسەرلىك بىلەن قەتئىي داۋاملاشتۇر. ئاخىرىغىچە چىڭ تۇر! ئاشۇ كەم ئەقىل ـ نادان، كاتتا ھوقۇققا ئىگە بولۇۋالغان ئالىي سوت خىلمۇ خىل سۇيىقەستلەر بىلەن ساڭا زىيانكەشلىك قىلسىمۇ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ گۈزەل ئارزۇلىرىڭغا، خىلمۇ خىل ئەسەرلىرىڭنىڭ غەلىبىسىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنسىمۇ مەيۈسلەنمە، چېكىنمە!»[1]

رىمنىڭ ئاۋات كوچىسىدا كېتىۋېتىپ بىر ئەسكى بۇلۇڭدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پۇل تىلەپ ئولتۇرغان ئايال تىلەمچىنى كۆرۈپ قالدىم. بېشىغا ياغلىق چېگىۋالغان، گۈللۈك كۆڭلەك ئۈستىگە كەمزۇل كىيىۋالغان بۇ ئايالنىڭ تۇرقى ئۇيغۇر تىلەمچىلىرىگە ئاجايىپ ئوخشايتتى. بەلكىم تۈركىيلىك ياكى ئالبانىيلىك كۆچمەندۇ؟ ئىتالىيىدە تىلەمچىلەر خېلى كۆپ ئۇچراپ تۇراتتى. بۇلار ئاساسلىقى كۆچمەنلەر بولۇپ، ياۋروپاغا نىسبەتەن ئىقتىسادى ئانچە ياخشى بولمايۋاتقان، يەنە كېلىپ باي ـ نامراتلىق پەرقى بىرقەدەر چوڭ

ئىتالىيىدە ئۇلارنىڭ ئېغىر كۈنگە قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ساياھەت نۇقتىلىرىدا شارپا سېتىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا جۇڭگولۇق ئاياللار ئىدى. ئېغىر، قارا ئىش قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئافرىقىلىق، ئوتتۇرا شەرقلىق ياكى ئاسىيالىق كۆچمەنلەر بولۇپ چىقاتتى. چاچلىرى سارغۇچ، كۆك كۆز ئوماق بىر قىزنىڭ يالاڭئاياق يېتى قولىنى سۇنۇپ «سولدى، سولدى» (پۇل دېگەن مەنىدە) دېگىنىچە ئالدىمغا كېلىشى يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى. ئاھ، خۇدا، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.



ئىتالىيانلار، بولۇپمۇ ئەرلەر ئانچە ئەدەبلىك ئەمەس ئىدى، مەيلى ئاشخانىدا بولسۇن، كوچىدا بولسۇن ئالاھىدە يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشەتتى (ئەلۋەتتە ھەممىسى ئەمەس)، يەنە كېلىپ قوپال سۆزلەرنى ئىشلىتەتتى. كوچىلاردا تولا ئادەم، ھەتتا قىزلارمۇ تاماكىنى توغرىسىغا چىشلىگىنىچە يۈرقىرىتىپ ئىس پۈركۈپ كېتىۋېرەتتى. نەتىجىدە بىر چىرايلىق شەھەر تاماكا قالدۇقلىرى بىلەن تولۇپ كېتەتتى. رىمدا ھەتتا بىر دوقمۇشتىلا خەقلەرنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ ـ سېتىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن تىۋۋا دەپ قالدىم. بۇلاردىن مەن بۈيۈك رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چۈشكۈن دەۋرىنى توختىماي داۋاملىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. ئەخلاق، قانۇن ئېڭىسىز بىر دۆلەت، بىر مىللەت قانداقمۇ پۇت تىرەپ تۇرالىسۇن؟ يەنە كېلىپ ئىتالىيانلار بەزى تەرەپلەردە بەكلا ھورۇن خەق بولۇپ، تىۋۋا، بۇلار قانداقسىگە بۈيۈك رىم ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان بولغىيتتى، دەپقالدىم ھەمدە ئۆزۈمگە رىم ئىمپېرىيىسى ئىتالىيانلارنىڭ مۇشۇنداق ھورۇن، ئەدەبسىز، قانۇن ئېڭىنىڭ تايىنى يوقلۇقىدىن چۈشكۈنلىشىپ كېتىپتىكەندە، دەپ ئويلاپ كەتتىم. بەلكىم بۇ ئويلىغانلىرىم راست شۇنداقتۇ ياكى قىسمەنلىكتۇ، ئىشقىلىپ مەن ئۇلار ھەققىدە دەماللىققا شۇنداق ئويغا كېپقالغانىدىم.

ئايرىم بىر كۈنى ۋاتىكانغا بېرىپ كەلدىم. ۋاتىكان دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت بولۇپ، رىمنىڭ ئىچىگە جايلاشقانىدى. ۋاتىكان ئەمەلىيەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ چېركاۋ بولۇپ، سان پېتىر چېركاۋى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئەڭ دەسلەپتە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتى سان پېتىرنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە سېلىنغانىكەن، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سېلىنىشقا باشلاپ 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە مەشھۇر سەنئەتكارلاردىن مىكلانجېلو، رافائېللو، بېئىرنىن قاتارلىقلارنىڭ ھەمكارلىقىدا پۈتكەنىكەن. بىرلا ۋاقىتتا ئالتە تۈمەن ئادەم سىغدۇرالايدىغان بۇ غايەت چوڭ چېركاۋ ئەمەلىيەتتە غەرب سەنئىتىنىڭ مۇجەسسەمى ئىدى. رىملىقلار چېركاۋنى مۇزېي ياكى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان سەنئەت بۇيۇمى، دەپ بىلەتتى. چېركاۋدىكى ھەربىر بۇلۇڭ، تورۇس، بۇرجەك، ھەيكەل، رەسىم ـ ھەممىلا يەر بىرگۈزەل ئەسەر ئىدى. ۋاتىكان بىر چېركاۋغا نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ھېسابلىناتتى، ئەمما ئايرىم بىر دۆلەت ھېسابىدا تولىمۇ كىچىكلىك قىلاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، رىم پاپاسىنىڭ باشچىلىقىدا ئۆز

[1] «دۇنيادىكى مەشھۇر ئالىملارنىڭ نۇتۇقلىرىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىل ئۆكتەبىر نەشرى 14 ـ بەت.

ئالدىغا قانۇنى، بانكىسى، ئايرىم پوچتىخانىلىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىتالىيىدە نەچچە ئون مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق مەبلىغى بولۇپ، ئىتالىيىنىڭ ئومۇمىي بايلىقىدا خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدىكەن.

رىمدا ئاڭلىغىنىمدىن كۆرگىنىم جىق بولدى. گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغىلى بولمايتتى. نۇرغۇن نەرسە دىلىمدا تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل ئەسلىمە پېتى قالدى. بىز رىمدىن قايتقاچ فلورېنسىيە(Firenze)، مىلان(Milan) لارنى كۆرگەچ ئۆتتۇق. فلورېنسىيە ياۋروپا ئەدەبىيات- سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ بۆشۈكى ئىدى. ئەينى چاغدىكى مەشھۇر ئەدەب- سەنئەتكارلارنىڭ نۇرغۇن داڭلىق ئەسىرى بۇ يەردە ھېلىھەم مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ شۆھرىتى «سەنئەت جەننىتى» دەپ نامى بار ئىدى. بۇ يەردە قەدىمكى جايلار، نەپىس سەنئەت مۇزېيلىرى، چېركاۋلار بىقىياس جىق ئىدى. تۇرۇش ۋاقتىمىز ئاران بىر كۈنلا بولغاچقا، مەشھۇر دومو چېركاۋىنى، سىگنورىيە مەيدانىنى ئايلىنىپلا مىلانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. مىلان كىشىلەرگە ئىتالىيىنىڭ ياخشى تەربىيە كۆرگەن، يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى تۇرىدىغان جايدەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ يەردىن دۇنيادىكى ئەڭ يېڭى ــ مودا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. ئۇ تېپىك پۇلپەزلەر، مودا قوغلىشىدىغانلار ياشايدىغان بىر شەھەر ئىدى. كاتتا نەپىسلىك ئىچىدىكى ھەشەمەت شەھەرنى ۋاللىدىتىپ چاقنىتىپ تۇراتتى.


بىز جۇڭگودىن كەلگەن بەشىمىز بىزنى ئىتالىيىگە تەكلىپ قىلغان زاۋۇتنىڭ ئەر- ئايال دىرېكتورى ماناسىرولار بىلەن گۈزەل سان رېموغا يېتىپ كەلدۇق. سان رېمو مەن ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەڭ گۈزەل يەر ئىدى. كۆپكۆك دېڭىز، گۈزەل دېڭىز ساھىلى، بۈككىدە دەل- دەرەخ، گۈل- گىياھ بىلەن قاپلانغان شەھەر... ماناسىرولارنىڭ بۇ يەردە تولىمۇ چىرايلىق كاتتا داچىسى بولۇپ، بىزنى شۇ داچىغا ئورۇنلاشتۇردى. بەش قەۋەتلىك بۇ داچا بەئەينى مېھمانخانىغىلا ئوخشايتتى. ئاجايىپلا چوڭ ھەم كاتتا ئىدى. بىز ئاخشىمى سان رېمو شەھرىگە قوشنا كېلىدىغان فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى موناكو دۆلىتى(بەگلىكى)نىڭ پايتەختى مونتى كارلو شەھرىگە تاماق يېگىلى باردۇق. بۇ ئەڭ كىچىك دۆلەت، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئەڭ باي، داڭلىق ئەربابلار يىغىلغان دۆلەتمىش. ھەقىقەتەن بۇ يەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ھەممە ھەممە نەرسىنىڭ ئېسىللىقىغا گەپ كەتمەيتتى. ئۇ يەنە دۇنيادىكى داڭلىق قىمار شەھىرىنىڭ بىرىمىش. بىز شۇ يەردىكى بىر داڭلىق رېستوراندا غىزالاندۇق. ھېسابات قىلىۋاتقاندا، مىڭ نەچچە يۈز ياۋرو بولغانلىقىنى بىلدىم. ھەممە نەرسە ھەقىقەتەن قىممەت ئىدى. بىز جۇڭگودىن كەلگەنلەرنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالغاچقا زاۋۇت خوجايىنلىرىنىڭ بىزنى ئاخىرقى قېتىم ئىستىراھەت قىلدۇرۇپ ئۇزاتقىنى ئىدى. تاماقتىن كېيىن مونتى كارلوغا كەلگەنلىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كاسىنوغا، يەنى قىمارخانىغا كىردۇق. مەن قىمار، لاتارىيە بېلەتى



دېگەنلەرگە قىزىقمايتتىم. باشقىلار قىزىقچىلىقتا پۇلنى تەڭگىگە ئالماشتۇرۇپ، قىمار ماشىنىسى ئالدىدا قالدى. مەن جاھاننىڭ ھارام دۇنياسىغا تەۋەككۈلچىلىك قىلىۋاتقان بۇ بىغەم، ھالال- ھارام تۇيغۇسى يوقىغان بەندىلەرنى بىر قۇر ئارىلاپ چىقتىم. پۇلى جىقلار خۇددى تېلېۋىزورلاردا كۆرگەندەك بىر ئۈستەلگە ئولىشىۋالغانىدى. بۇ يەردە سۈرەتكە تارتىشقا يول قويۇلمايتتى. قايتىپ كەلسەم، ھەمراھلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پۇللىرىنى تۈگىتىدى دەپ قاپتۇ. ئۇلار ئويۇن ئۈچۈن ھەممىسى ئەللىك ياۋرولۇقتىنلا تەڭگە ئالغانىكەن، بىرىنىڭ چىلىكىدە ئون نەچچە ياۋرولا قاپتۇ. ھەممىسى تەلىيىڭنى سىناپ باق، دەپ دەيدەيگە سالغىلى تۇرۇشتى. بوپتىلا، دەپ ئۈچتىن تەڭگە تىقىپ ئويناۋاتسام تۇيۇقسىزلا شاراق- شۇرۇق قىلىپ شۇنچىلىك جىق تەڭگە چۈشتىكى، ۋاي خۇدايىم دېگىنىمچە ئارقامغا داجىپ كەتتىم. يەنە ئوينىساممۇ، تەڭگىنى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ چىقىپ كەتسەممۇ بولاتتى. تەڭگىنىڭ ئىگىسىگە بىر قىسىم تەڭگىلەرنى بېرىپ، ئاشقانلىرىنى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ يېنىپ چىقتىم. تۇيۇقسىزلا كاتتا بايىغا ئايلىنىش تەمەسىدە يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ ئولتۇرغان تالاي- تالاي پۇل مالىينى زار- زار يىغلىتىپ قاقىدىم قىلىۋېتىدىغان بۇ ئامەت خەزىنىسىنىڭ قانداقلارچە ھارام بايلىق تەمەسىدىن يىراق مەندەك بىر بەندىنى يوقلاپ قالغىنى ھەقىقەتەن قىزىق ئىش ئىدى.

ھەممىمىز خۇشھال ھالدا قايتتۇقيۇ، داچىغا كىرىپ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بىزنى ساقلاپ تۇرغىنىنى بايقىدۇق. داچا چوڭ بولغىنى بىلەن ئاران بىرلا تازىلىق خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن كېلىپ تازىلىق قىلىپلا كېتىدىكەندۇق. بىز ھەممىمىز مونتى كارلوغا كەتكەندە داچىدا ھېچكىم قالمىغانىدى. قايتىپ كېلىپ بايقىدۇقكى، داچىغا ئوغرى كىرىپتۇ. داچىنىڭ چوڭ ئىشىكى چىڭ تاقالغان بىلەن چوڭ بالكوننىڭ ئەينەك ئىشىكى چېقىلغان، تۆمۈر رېشاتكا بۇزۇلغانىدى. ھەممىمىز ئەنسىزلىكتە قالدۇق. ئوغرى كىرگەن ئۆي ئاجايىپ سۈرلۈك بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىتالىيە بولغاچقا، خۇددى كىنولاردىكىدەك قارا قول پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى ھازىرلا كېلىپ ھەممىمىزنى تۇتقۇن قىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ھەممىمىز پاتپاراق بولدۇق. مەن دەرھال ئېسىمگە كېلىپ: تولا مىدىرلىمايلى، نەق مەيدانىنى قالايمىقان قىلىۋەتمەيلى، ئاۋۋال ساقچى كەلسۇن، دېدىم. ماناسىرو ئەپەندىم ساقچىغا تېلېفون قىلدى. ئىككى ساقچى ھايال بولمايلا يېتىپ كەلدى. مەن ئۇلارنى چوقۇم ئالاھىدە تەكشۈرۈش قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇلاردا جىددىيلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇلار: ئاۋۋال قاراڭلار، نېمەڭلار يىتىپتۇ، - دېدى. ياتاقلىرىمىزغا كىرىپ نەرسە- كېرەكلىرىمىزنى بىر قۇردىن تەكشۈرۈپ كۆردۇق. خۇداغا شۈكرىكى، مېنىڭ ھېچقانداق نەرسەم يىتمىگەنىدى، بىرنەچچەيلەننىڭ چامادانلىرىدىكى نەق پۇللىرى، بەزى نەرسىلىرى، ماناسىرو خانىمنىڭ بىر نەچچە زىبۇ- زىننەت بۇيۇمى يىتكەنىدى. ساقچى يىتكەن نەرسىلەرنى خاتىرىلىۋالدى- دە، بىر نىمىلەرنى يېزىپ بېرىپ كېتىپ قالدى. ئىتالىيىدە بۇنداق ئىشلار يۈز بەرسە ساقچىلارنىڭ قىلىدىغىنى

سۇغۇرتا شىركىتىگە ئىسپات يېزىپ بېرىش بولىدىكەن. قالغىنىنى سۇغۇرتا شىركىتى بېجىرىمىش. ئوغرىنى بەربىر تاپالماسمىش، ئەگەر ئادەم ئۆلسە ئاندىن ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى مۇمكىنمىش...ھەيران قالدىم. ئەگەردە بىر قانۇن جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش، جىنايەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئاكتىپ پوزىتسىيىدە تۇرمىسا بۇ ئەل - خەلق قانداقمۇ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلالىسۇن؟ ئىتالىيىدە يۈرۈش جەريانىدا بايقىدىمكى، ئىتالىيىدە ئوغرى، بۇلاڭچى ھەقىقەتەن جىق ئىدى. ھەتتا دىققەت قىلمىسا كۆپكۆندۈزى سومكا - پورتمانلارنى بۇلاپ قاچىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى.



ئەتىسى تاغ ئۈستىدىكى گولف توپ مەيدانىغا بېرىپ گولف توپ ئويناپ، شەھەرنى بىر - ئىككى كۈن چۆرگىلىۋېتىپ تورىنوغا قايتىپ كەلدۇق. جۇڭگوغا قايتىدىغانىغا بىر كۈن قالغاندا، يەنە بىر ئايال دىرېكتور رافا بىز جۇڭگودىن كەلگەنلەرنى ھەممىدە ماناسىيرو ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. مەن ئالدىنقى يىلى كەلگەندىمۇ رافانىڭ ئۆيىگە كەلگەن، ئۇنىڭ ئىككى كىچىك بالىسى مەن ئالغاچ كەلگەن سوۋغىنى كۆرۈپ خۇشال بوپكەتكەنىدى.

بىز تاماق تەييار بولغىچە تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. مەن ماناسىيرونىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئاپىسىغا ناھايىتى ئەركىلەپ گەپ قىلىشىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم. گەرچە ئۇلار 30 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئاپىسىغا خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئەركىلەپ گەپ قىلىشىۋاتاتتى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاپىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ گېپىنى ئاڭلايتتى ياكى گېپىگە جاۋاب بېرەتتى. ئىتالىيىلىكلەردىن ئاڭلىشىمچە، ئوغۇللار ئاپىسىنىڭ ئالدىدا مەڭگۇ كىچىك بالىكەن، ھەتتا ئاپىسىنىڭ كىر يۇيۇپ بېرىشى، تاماق ئېتىپ بېرىشىدىن ئايرىلالمىغان چوڭ ئەرلەر ئۈچۈن مەخسۇس Mammista، Mammone دېگەندەك ئاتالمىلارمۇ بولىدىكەن. لېكىن ئۇلار ئاپىسىغا تايانغان بىلەن ئاپىسىنى قەۋەتلا ھۆرمەتلەيدىكەن. مەسىلەن: ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بوپكەتكەن، بىزدىكى ئۆسمۈر - بالىلارنىڭ يۈرەك تارىنى چەككەن «ماركونىڭ ئاپىسىنى ئىزدىشى» دېگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە قونچاق فىلىمىدىمۇ ئىتالىيىلىك ئوغۇلچاق ماركونىڭ ئارگېنتىناغا خىزمەت قىلغىلى كەتكەن ئاپىسىنى ئىزدەش يولىدىكى ئاجايىپ جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرى سۆزلىنىدۇ. ماركونىڭ ھەر قېتىم ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىقتىن چۆل - جەزىرە، يوللاردا يىقىلىپ قالغاندا «ئاپا، ئاپا» دەپ يىغلاپ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىسام كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بولىدۇ. ئۆز ئانىسىنى ئىززەتلەشنى بىلمىگەن ئادەم باشقا قىزلارنى ھۆرمەتلەشنى، ئاسراش، سۆيۈشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئىتالىيىلىكلەرنىڭ رومانتىك سەنئەت تۇيغۇسىنىڭ ئانا بىلەن زىچ باغلىنىشى بار ئىدى. بۇ باغلىنىش تەسۋىري سەنئەتلەردىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ ياشاش، تۇرمۇش ئادەتلىرىگىچە چوڭقۇر ئىزچىللىقنى ۋە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ كەينىدە لاۋۇلداپ تۇرغان سەنئەت گۈلخىنى يورۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى. بىز ئەنە شۇ يەردىن «مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم» - مونالىزانىڭ مەڭگۈلۈك تېپىشماققا ئايلانغان ئاجايىپ سېھىرلىك تەبەسسۇمىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ھېس قىلماقچى بولاتتۇق. مونالىزانىڭ بوش ھىمىرلىگەن لەۋلىرىدە مەڭگۈلۈككە قېتىپ قالغان سېھىرلىك تەبەسسۇم بىلەن ئىتالىيىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل، قويۇق سەنئەت، نەپىسلىك ۋە رومانتىك ھېس - ھاياجان ئۇرغۇپ تۇرغان دۆلەت، شەھەرلەر بىرلىشىپ كىشىگە ئىپادىلەپ بېرىش تەس بولغان گۈزەل تۇيغۇلارنى ئاتا قىلاتتى. مەن ئاشۇ گۈزەل تۇيغۇنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر سۆز ئىزدەپ جىق قىينالدىم. خىيالىم تورىنو، رىم، فلورېنسىيە، ۋېنتسىيىلەرنى، «گلادىئاتورلار مەيدانى» ۋە سپارتاك، دانتې، گالىلېي، برونو، داۋىنچ... يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن ئۇلۇغ سىيمانى بويلاپ سەير قىلاتتى. كۆك كەپتەرلەرگە ئوخشاش ئەزگۈ خىياللار تەپەككۇرۇمدىن قانات قېقىپ چىقىپ كېتەتتىيۇ، قايتىپ كەلمەيتتى. راست، گۈزەللىك ئالدىدا مەن ئىسمىنى يىغالمايۋاتاتتىم، زېھنىمنى باشقۇرالماي قالغاندىم. بېشىمنى سىلكىپ ئۆزۈمگە كەلدىمدە، ئىختىيارسىزلا «Ciao Bella Italia! - خەير - خوش. گۈزەل ئىتالىيە!» دەۋەتتىم. ئىتالىيە تەسىراتلىرىم ئىتالىيانلارنىڭ مۇشۇ سۆزى بىلەن راستىنلا خېلى جايىدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ قالدىغاندەك ئىدى...

2006 - يىل ئۆكتەبىر، بېيجىڭ

---

ئاپتور: جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پسىخولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى(M3)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت بويىچە ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ. كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن مۇشتەرى بولالمىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 - نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 - 2850601، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم



# ھېكايەت ھاسىلاتلىرى

تۇرسۇنمۇھەممەت توختى

«تەدرىجىي تەرەققىيات» نەزەرىيىسىنىڭ داڭلىق پېشىۋاسى، ئەنگلىيىلىك داروين كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئۆزىنىڭ بىرئون «ئەخمەقانە ئىش» قىلغانلىقىنى يازغانىكەن:

19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا داروين جاھان كېزىپ يۈرگەن مەزگىلىدە ئافرىقىدىكى بىر ئىپتىدائىي قەبىلىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەر كىيىم كىيمەيدىكەن، تاغ ئۆڭكۈرلىرىنى ماكان تۇتۇپ، ياۋا ئوت-چۆپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىپ ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. داروين ئۇ يەردە نەچچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ يەيدىغانغا يېمەكلىك تاپالمىغان چاغلىرىدا قوۋمىدىكى قېرى-چۆرى ۋە ئاجىز-مېيىپلارنى بۆلۈشۈپ يەيدىغانلىقىنى بايقاپتۇ ۋە ناھايىتى رەھىمسىزلىك ھېس قىپتۇ. ئۇ ئۇلاردىن نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار: «ئەمگەك كۈچىدىن قالغان كېرەكسىز ئادەملەرنى ساقلاشنىڭ نېمە ھاجىتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. داروين قاتتىق ئېچىنىپتۇ ۋە: دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەر ھازىر مەدەنىيەت دەۋرىگە كىردى، ئەمما بۇ يەردىكى كىشىلەر يەنىلا ياۋايىلارچە ياشاۋېتىپتۇ. مەن چوقۇم ئۇلارنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇنىڭ بىلەن داروين يۇقىرى باھا بىلەن شۇ يەردىكى بىر بوۋاقنى سېتىۋېلىپ ئەنگلىيىگە ئەكېتىپتۇ. ئۇ ئافرىقا قانداشلىقىدىكى بۇ بالىنى زامانىۋى شەھەرنىڭ تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىدا تەربىيىلەپ، بىر «مەدەنىيەتلىك كىشى» قىلىپ چىقماقچى، ئاندىن بۇ «مەدەنىيەتلىك كىشى» ئارقىلىق ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ئادەم ئادەمنى يەيدىغان ئىپتىدائىي ھالەتنى ئۆزگەرتمەكچى بوپتۇ. 16 يىلدىن كېيىن بۇ بالا «مەدەنىيەتلىك ياش» بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىپتۇ. داروين تونۇشلىرى ئارقىلىق بۇ بالىنى ئافرىقىغا ئەۋەتىۋېتىپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن داروين ئافرىقىغا - 17 يىل ئىلگىرىكى ھېلىقى ئىپتىدائىي قەبىلىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ. بىراق ھېلىقى «مەدەنىيەتلىك ياش»نى تاپالماپتۇ. شۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقى ياشنى يەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. داروين قاتتىق ھەيران بولۇپ: «شۇنداق ياخشى ئادەمنى نېمىشقا يەۋەتتىڭلار» دەپ سوراپتۇ. «ئۇ، ھېچ ئىش قىلالمىسا، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىسە، ئۇنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار.

## نادانلىق — ياۋۇزلۇق

بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن بىر ئادەمنىڭ كۈچى چەكلىك بولىدۇ. ئۇ مەيلى قانچىلىك دانا بولسۇن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ؛ كىشىلەر ئويغانمىغان چاغدا، ئۇ ئۆزى ئىلغار ۋە مەدەنىي دەپ قارىغان ئىدىيە بىلەن باشقىلارغا قوماندانلىق قىلسا، يەقەت ئۆزىگە بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ۋە ئازاب تېپىۋالىدۇ. داروۋىن «تەدرىجىي تەرەققىيات» نىڭ ئۇلۇغ نەزەرىيىچىسى بولسىمۇ، ئۇ ئەڭ ئەقىللىق «تەدرىجىي تەرەققىيات» قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان. يەنى ئادەم ئادەمنى يېيدىغان ئىپتىدائىي قەبىلىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە باشلاپ كىرىش ئەسلا رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ياۋايىلىقتىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ مەدەنىيەتلىك ھالەتكە ئۆتۈش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلىك جەريان بولۇپ، ھەرگىز بىر ياكى بىر نەچچە «مەدەنىيەتلىك كىشى»لەر تايىنىپلا يېڭى دەۋر قۇرغىلى بولمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى مانا مۇشۇنداق. بۇ قانۇنىيەتنى باشقا ئىشلارغا تەتبىقلىغىلى بولماسمۇ؟» [1]

ھېكايەتتىكى «مەدەنىيەتلىك ياش»نىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە تەققاس رېئال ۋە تارىخىي مەسىلىلەر ئىچىمدە بىر قاتار ۋەزمىن سوئالنى پەيدا قىلىپ، تەپەككۇر دەرىخىمنى سىلكىشكە باشلىدى. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قاراڭغۇلۇق، روھىي جەھەتتىكى مەھكۇملۇق ۋە قۇللۇق تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق، ياۋايىلىق، بىكىنمىلىك، قالاقلىق، قاراقورساقلىق، قاششاقلىق، نامراتلىق، موھتاجلىق،ئەسەبىيلىك، خۇنۇكلۇك... دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئىبارىلەر بەتبەشىرە ئەرۋاھلار سىياقىغا كىرىۋالغاندەك ۋۇجۇدۇمنى شۈركەندۈرۈۋەتتى. بولۇپمۇ جاھالەت ۋە جاھالەتچىلىك ھەققىدىكى پىكىرلەر تۇيغۇلىرىمنى تېخىمۇ تەبىئىي ھالدا رېئاللىققا باشلايتتى. ئادەملەرنىڭ ئادەم يېيىشتىن ئىبارەت ۋەھشىيانە قىلمىشى ئاڭسىز تەبىئىي جەريانمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ھالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ماھىيەتلىك ھادىسە بولۇپ، بۇ خىل ھادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ماھىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېپىش، چۈشىنىش بىزنى تەقەززا قىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۇ ھەقتە يۈزەكى بولسىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرۈشنى زۆرۈر تاپتىم.

## بىرىنچى ھاسىلات:

تەتقىقاتچىلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىدىن«كونا تاش قورال دەۋرى»، «يېڭى تاش قورال دەۋرى»، «تۆمۈر قوراللار دەۋرى»(ھازىرقى دەۋرنى يالتىراق دەۋرى دەپ قاراشماقتا)... قاتارلىق دەۋرلەرگە، مەدەنىيلىشىش دەرىجىسىگە ئاساسەن «ياۋايىلىق دەۋرى»، «نادانلىق دەۋرى»، «مەدەنىيەت دەۋرى»قاتارلىق دەۋرلەرگە، جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن «ئىپتىدائىي جەمئىيەت»، «قۇللۇق جەمئىيەت»، «فېئوداللىق جەمئىيەت»، «كاپىتالىستىك جەمئىيەت»، «سوتسىيالىستىك جەمئىيەت»... دېگەندەك دەۋر - جەمئىيەتلەرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىپ كەلدى. ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، تىل - ئالاقە ئېھتىياجى تۈپەيلى باشلانغان ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيلىشىش دەۋرى تالاي باسقۇچتىن ھالقىپ، بۈگۈن يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۇچۇر، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى رايون ۋە قوۋملارنىڭ ئويغىنىشى، مەدەنىيلىشىش دەرىجىسى تولىمۇ تەكشىسىز

بولدى. يەنە كېلىپ، تەرەققىيات، يۈكسىلىش ھېچبىر ئەل - قوۋمدا ھە دېسىلا قارشى ئېلىنىۋەرمىدى. ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، كونىلىق بىلەن يېڭىلىق، مەرىپەت بىلەن جاھالەت... ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىختىلاپلار بولۇپ تۇردى. ھەتتا مەدەنىيەتكە قارشى جاھالەتچىلىك ھەرىكەتلىرى ئەڭ كەسكىن تۈردە يۈز بېرىپ تۇردى. «جاھالەتچىلىك - مەدەنىيەتكە، يېڭىلىققا، ئىلىم - پەنگە قارشى تۇرۇش، كونىلىق، قالاقلىقنى ياقلاش خاھىشىدۇر.» [2] ۋەھالەنكى، يىرگىنچىلىك جاھالەتمۇ ئىنچىل تۈردە ئۆزىنى ئەڭ مۇنەۋۋەر قاتارىدا ساناپ كەلدى ۋە مەدەنىيەت بىلەن ئىنچىل سۈركىلىپ، توقۇنۇش - زىددىيەت ئىچىدە تەرەققىي قىلدى. تارىخقا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، جاھالەت تراگېدىيىلىرى پەيدا قىلغان ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمىزدا شۇنچە كۆپ نامايان بولىدۇ. كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇتەئەسسىپ دىنىي جەمئىيەتنىڭ قاتتىق قارشىلىقى ۋە تەقىب قىلىشىغا ئۇچرىشى، برونونىڭ بۇ خىل تەلىماتنى كەڭ تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشى، ھاۋانىڭ تەركىبىنى ئېنىقلاپ چىققان فرانسۇز خىمىيە ئالىمى لاۋئىسېرنىڭ كاللىسىنىڭ كېسىلىشى، مۇتەئەسسىپ دىنىي جەمئىيەتنىڭ گالىلېينى بېسىم بىلەن باش ئەگدۈرۈپ «يەر شارىنىڭ چۆرگىلىمەيدىغان»لىقىنى «تەن ئالدۇرۇش»ى ؛ ئۇلۇغ پەيلاسوپ سوقرات، تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى مەنسۇر ھەللاج، بىر ئۆمۈر سەرگەردانلىق دەشتىگە تاشلىنىپ، ئېيتقۇسىز رىيازەتلەرنى چەككەن سوپىستىك ئىسيانكار شائىر مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ دارغا ئېسىلىشى: ئىنسانىيەت دۇنياسىغا كەمدىن - كەم نېسىپ بولىدىغان ئەپلاتوندەك ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ جاھالەت ھامىيلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى؛ ئۆمرىدە 160پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان ، «شەرقنىڭ ئارستوتېلى» دەپ شۆھرەتلەنگەن فارابىيدەك بۈيۈك كامالەت ئىگىسى، ئۇلۇغبېكتەك ئۇلۇغ ئاسترونوم، ئابدۇقادىر داموللامدەك كەم كۆرۈلىدىغان مەدەنىيەت ئىسلاھاتچىسى، تەپەككۇر ساھىبلىرىنىڭ قەست بىلەن قەتل قىلىنىشى... قاتارلىقلار جاھالەتلىك دەۋرلەرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاچچىق يالدامىلىرى، مەدەنىيەتكە قىلغان مەسخىرىلىرىدۇر.

بىز ئۆز تارىخىمىزنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئىككى مىڭ يىلدەك داۋام قىلغان يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسى؛ ئەجادچان، تەپەككۇرغا باي ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىپەك يولىنى ئېچىش، باشقىلارنى تاڭ قالدۇرغىدەك كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى يارىتىشى، شۇنداقلا مەدەنىيەت يارىتىش بىلەن شۆھرەت قازانغانلىقى، قويۇق مىللىي خاسلىق، گۈللەنگەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت، پەلسەپىۋى تەپەككۇر جەھەتتىكى چاقناشلىرى ئارقىلىق شەرق ۋە غەربنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلانغانلىقىدەك سەلتەنەت ئىزنالىرىدىن پەخىرلىك تۇيغۇغا چۆمۈلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياۋروپادا پەن - تېخنىكا ۋە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى، دېڭىز - ئوكيان قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى مەزگىللىرىدىكى شەرقنىڭ ئىدىيىۋى چۈشكۈنلۈككە يۈزلىنىشى نەتىجىسىدە يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىپ، پارلاق ۋە يارقىن مەدەنىيەت ئىزنالىرىمىزنىڭ قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى، شۇنىڭغا ماس ھالدا

بىكىنمىچىلىك، قاششاقلىق، روھىي جەھەتتىكى مەھكۇملۇققا ئوخشاش ئەبجەر ئامىللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بايقاپ يېتەلەيمىز. ھەقىقەتەنمۇ ئىدىيىۋى تەپەككۇردىكى چېكىنىش مەدەنىيەتنىڭ چۈشكۈنلۈكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى-دە، مەدەنىيەت مەركىزى ئەس بىھوشلۇقتا قالغان شەرقتىن ئەقلىيلىككە كۆچۈۋاتقان غەربكە كۆچتى. سەئىدىيە خانلىقى (1514-1678) يىمىرىلىپ، ئاپاق خوجىنىڭ «خان»لىققا ئولتۇرۇشى، خوجىلار دەۋرىنىڭ باشلىنىپ، سوپى-ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكىنىڭ يامراپ كېتىشى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر جاھالەت دەۋرىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى خەلقىمىزنىڭ بەش ئەسىرلىك روھىي ھالىتىنى «تۆگە قۇشى روھى»• غا تەققاسلاپ: «مېنىڭچە، يىپەك يولى خارابلاشقانلىق، بىكىنمە ئىگىلىك، گادايلىق ۋە نامراتلىق تۈپەيلى ھاسىل بولغان مەنىۋى ئىللەت خەلقىمىزدىكى پۈتكۈل ئاجىزلىق، ئۈمىدسىزلىق ۋە كېلىشمەسلىكلەرنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. بۇ دەۋردە بىكىنمىچىلىك، تەبىئىي ئىگىلىك، دىنىي مەزھەب كۆرەشلىرى، نادانلىق، نامراتلىق، جاھاندىن بىخەۋەرسىزلىك، ئۆز-ئۆزىنى ئۇنتۇش، يوقىتىش، بۇزۇش قورقۇنچلۇق ھالەتكە كۆتۈرۈلدى. ئەنە شۇ ھالەتتە بەش ئەسىر ئۆتتى!»[3] «خەلقىمىز بۇ بەش ئەسىر مابەينىدە ئىككى قېتىم ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئېغىر بوھرانىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ بىرى، ئاپاق خوجا ئەۋجىگە كۆتۈرگەن خوجا-ئىشانچىلىقنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقى بىلەن دالاي لاما — جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئالدىدىكى ساتقۇنلۇقلىرى تۈپەيلى يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى ۋە مەدەنىيەت قاششاقلىقىدىن ئىبارەت. يەنە بىرى، ئۇچىغا چىققان سول ئىدىيىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى قىرقىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نوقۇل ياۋروپا پەلسەپىسى، تارىخى، ئەدەبىياتىنى دەسسىتىشتە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىدىن ئىبارەت»[4] دەپ يازىدۇ ھەمدە تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى «شانلىق ئۆتمۈش، پاجىئەلىك چۈكمىش ۋە نۇرانە كەلگۈسى»[5] دىن ئىبارەت ئۈچ ھۆكۈمگە يىغىنچاقلايدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەت نەزەرىيىۋى تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تارىخ ۋە تارىخىي ساۋاقلاردىن ئاقىلانە خۇلاسە چىقىرالىغاندىلا، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، ئورنى ۋە كەملىكىنى بىلىش، بايقاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇنداقلا كەلگۈسىنى توغرا مۆلچەرلەپ پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. دانىشمەنلەر: «ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىشنى بىلمەيدىغان ئادەملەر خاتالىق يولىدا قايتا-قايتا ماڭىدۇ» دەپ ئەسكەرتىدۇ. دەرۋەقە، بىزمۇ ئاشۇ جاھالەتلىك دەۋر قالدۇرۇپ كەتكەن ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆتمۈش ئاساسىدا كېلەچەككە ئاقىلانە نەزەر ئاغدۇرمايدىغان بولساق، روھىيىتىمىزدىكى غاپىللىق، ئاجىزلىقلارنى يوقىتالىشىمىز، پارلاق كەلگۈسى يارىتالىشىمىز تەسكە توختايدۇ.

جاھالەت ئىلىم-پەندىن، ساغلام ئاڭ، دۇنيا قاراشتىن مەھرۇم بولغان بىكىك روھىي ھالەت بولۇپ، جاھالەتلىك روھ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى روھىي كىشەنلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، ئەرۋاھقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. جاھالەت ئۆزلىكنى مۇكەممەللىككە ئېرىشتۈرۈدىغان تۇيغۇلاردىن مەھرۇم قىلىپلا قالماي، ئەكسىچە، ئەقىل ۋە مەرىپەتنى چەتكە قېقىپ، ئىلغارلىقنى باسىدۇ. ئادەمنى ئادەمىيلىك خىسلەتلەردىن ياتلاشتۇرۇپ، ھەممىگە شۈكۈر-قانائەت قىلىدىغان، قىسمەتلەرنى پېشانىسىدىن كۆرۈپلا بولدى قىلىدىغان، ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلمەيدىغان رايىش بەندىگە، مۆمىن قۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئادەمىيلىك خىسلەتنىڭ ئورنىغا ھايۋانىيلىق تەبىئەت ئالمىشىشقا باشلايدۇ. جاھالەت ھەققىدىكى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ•• ئالدىنقى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئالتە شەھەر ئۇيغۇرلىرى ھەققىدىكى زىيارەت خاتىرىسىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەرگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى:

«مەدەنىيەت قۇياشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قېلىپ جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز ياتقۇچىلار كىملەر، ئۇلار قەيەردە؟ ئۇلار چىندا، ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرىدۇر. دۇنيادا ئۇلاردىنمۇ تۆۋەن قالغان يەنە بىر خەلق بولمىسا كېرەك»[6]. «بۇ يەردە ئىلىم ۋە مائارىپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىلەرمۇ يوق. يەرلىك خەلق كۆزىنىچە قارا ئىش قىلىدۇ، دۆتلۈك، دەرۋىشلىك، قەلەندەرلىك، دىۋانىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقىنى تەقدىر-پېشانىگە يۈكلىگەن، دەپ قارايدۇ... روھانىيلىرى بەك نادان، خەلقنى جاھالەتكە باشلايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى خۇراپاتلىق بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى ھەمىشە دۇنيادىن بېزدۈرۈش يولىدا ھەرىكەت قىلىدۇ... ئۇلار بالا تۇغۇلسا ئىگە، بالا تۇغۇشنى ئانىغا، ئانىنى خۇداغا تاپشۇرىدۇ. بالىنى چىن ئىنسان قىلماق، ئىلمىي، پىكرىي، ئادەمىيلىك جەھەتتىن تەربىيە قىلماق قاتارلىق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئېسىگە كىرىپ چىقمايدۇ»[7]. «دىن ئوقۇتقۇچىلىرىدە بىرىنچى يەرز ھېسابلىنىدىغان ئوقۇ-ئوقۇتۇش ھەققىدىكى بېرۋاسىزلىقلارنى يېزىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ لازىملىقى ھەققىدە بۇ خەققە جىق سۆزلىگەن بولسامۇ، تاشقا ياغقان يامغۇردەك قىلچە تەسىر قىلمىدى. گەپ چۈشەندۈرۈش تەس كەلگەچكە، ئۆزۈمنىڭ قىلىش ئۈچۈن كوچىدا بىر مەكتەپ ئېچىپ بالىلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدىم. لېكىن

---

• ئالىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ناملىق ماقالىسىدىن كېيىن مەزكۇر ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ تەكلىپى بىلەن يازغان ۋە شۇ ژۇرنالنىڭ 1993-يىل 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» (مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما) ناملىق ماقالىسىدا «تۆگە قۇشى روھى» ھەققىدە توختىلىپ: «تۆگە قۇشى مۈشكۈلچىلىككە دۇچ كەلگەندە جەزىرە-توقاي ئارىلاپ، دوڭغاقلاپ قېچىپ، بېشىنى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا تىقىۋالىدىغان غەلىتە مەخلۇق. تىنچ كۈنلەردە قانات قېقىپ مەيدە كۆرسىتىدىغان ماختانچاق؛ قىياپىتى ياكى بۈركۈت ياكى تۆگىگە ئوخشىمايدىغان ھايۋاندۇر. ‹تۆگە قۇشى روھى› غا يىغىنچاقلاشتۇرۇلغان مەنىۋى ئىللەت بىر ەر شەخسكە قارىتىلغان ئەمەس، ئۇ ھەممىمىزنىڭ - بىر قانچە ئەۋلاد سەللىلىك ئەجدادلىرىدىن شىلەپىلىك ئەۋلادلىرىغىچە ئورتاق يۇقۇملانغان مەنىۋى قىياپەت قىسمىتى» دەپ يازغان.

•• نوشىرۋان يائۇشېف (1880-1917) تاتار ئالىمى. ئۇ 1914-يىلى ئاۋغۇستتىن 1917-يىلى مايغىچە ئالتە شەھەردە زىيارەتتە بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاقارتىش، ئويغىتىش، مەدەنىيەت تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان ھەم چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەرگە تويۇنغان. ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، روھىي ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» ناملىق تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى زور بولغان زىيارەت خاتىرىسىنى يېزىپ «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. بۇ ئەسەر «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2005-يىل 1-، 2-، 3-، 4-، 5-، 6- (پۈتۈن يىللىق) سانلىرىدا ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان.

ئەللىرىنىڭ ئورتاق تراگېدىيىلىك ھالى بوپقالدى. بىزنىڭ تېخى نەچچە ئون يىل ئىلگىرىكى ھالىمىز شۇ قەدەر خارابلاشقانىدىكى، خۇراپاتلىق، جاھالەتنىڭ قات ـ قات زەنجىرىگە يەتكىچە قامىلىپ كەتكەن خەلقىمىز مەرىپەت، تەرەققىيپەرۋەر، ھەتتا ئۆزىنىڭ كىم، قايسى مىللەت، قانداق خەلق ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ئالدىدىكى مەھكۇملۇق، تەرەققىيپەرۋەرلىكى بېكىكلىك، ھاكىمىيەتتىكى مۇستەبىتلىك، قارابىسلىق خەلقىمىزنى كىشى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدىكى خار ـ زەبۇنلۇققا مۇپتىلا قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ روھى زەئىپلىكى بىلەن ياندىشىدىغان ئېچىنىشلىق ماددىي نامراتلىق، قالاق ئىكىلىك، ۋەيرانە ئۆي ـ مەھەللە كۆرۈنۈشلىرى بىرلىشىپ، بۇ زېمىننى بىدجايىكى مەرىپەت، روھ ئۆچكەن، ھەممە يېرىنى زۇلمەت قاپلاپ كەتكەن خۇراپات زىندانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان سەرخىل سىياسىيون، سەزگۈر يۇرت بېشى، دانا مۇتەپەككۇر ـ ئالىملىرىنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن خەلقىمىز ھاياتىنىڭ قىممىتى، مەۋجۇدلۇقىنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي، نەچچە ئەسىرلەپ جۇۋاز كالىسىدەك مەقسەت ـ نىشانسىز ھالدا جاھالەتنى ئىبارەت بىر مەركەزنى چۆرگىلەۋېرىپ ھالسىز، جانسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ھالبۇكى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پۈتكۈل شەرق ئەللىرىدە باشلانغان مەنىۋى ئويغىنىش ھەرىكىتى مەرىپەتنى، يۈكسىلىشنى ئىستەيدىغان، جاھالەتنى جاق تويغان مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىمىزنىڭ روھىنى سىلكىشكە باشلىدى. ئۇلار جاھان كۆردى، دۇنيانى كۆزەتتى، ئاندىن ئۆز خەلقىنىڭ بىچارە گەۋدىسىگە كۆز يۈگۈرتتى ۋە دەھشەت ئېغىر كرىزىس تۇيغۇسىدا مەنىۋى ئويغىنىش ـ ئويغىتىش ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئابدۇقادىر داموللام دەل ئاشۇ جاھالەتلىك دەۋردە تۇغۇلغان، ياشىغان ھەممە پۈتكۈل ھاياتىنى جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئاتىغان، مىللەتنى مەرىپەت، ئىسلاھات ئارقىلىق قۇتۇلدۇرمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان، چەت ئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كالللىسىنى زامانىۋى ئاڭ بىلەن سۇغۇرغان ئابىدە خاراكتېرلىك مەرىپەتپەرۋەر زات، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئالىم، تالانتلىق شائىر، ئۆتكۈر پىكىرلىك تەپەككۇر ساھىبى شۇنداقلا جەدىتىزم ئىدىيىسىنىڭ بايراقدارى ئىدى(جەدىتلىك ـ دىنىدا ئىسلاھ ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان، يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەسلەك[14]). تاتار خەلقىنىڭ بۈيۈك تارىخ ئالىمى زاكىر قادىرىي ئېيتقانىدەك:«ئابدۇقادىر داموللام ئىسلام دۇنياسىدا ئاز تېپىلىدىغان مۇتەپەككۇر ۋە ئىسلاھاتچى، كۆرەشچان، بۈيۈك ئالىم»[15] ئىدى. ئۇ، خەلقنى جاھالەتتىن، خارۇ ـ زارلىق ئىچىدىكى ئېغىر كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى يېڭىچە مائارىپ ئارقىلىق ئەقلىي، مەنىۋى ئويغىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش دەپ قاراپ، تۆرلۈك بېسىم ۋە قارشىلىقنى يېڭىپ، قەشقەردە يېڭىچە مائارىپنى ھەم مەرىپەت ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان، «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى؛ جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرى؛ سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، ئېرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى... دوزاخ ئىشىكىنى پېچەتلەيدىغان نەرسە پەقەت ئىلىم... ئىلىم ئارقىلىقلا دۈشمەنىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى تۇپىغا مىلىگىلى بولىدۇ. ئىلىمنىڭ ھۆسنى ھەرىكەتنى ئىسلاھ قىلىشتۇر...»[16] دېگەنىدەك ئىنتايىن جۇشقۇن، جانلىق، ھېكمەتكە باي ئىدىيە ـ قاراش، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق خەلققە ئويغىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدۇرغانىدى.

ئابدۇقادىر داموللام بىر مىللەتنى ئويغىتىش،قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىدىيە ـ ئەقىدىسىنى پاكلاش، روھىيىتىدىكى جاھالەت يۇقۇندىلىرىنى تازىلاش، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇ ھەمدە مائارىپ، مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىدۇ. ئىپتىدائىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، زور تىرىشچانلىق بىلەن «مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس»، «ھېساب ئىلمى»، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «نېگىزلىك ئەقىدىلەر»، «باشلامچى ئوقۇشلۇق»، «لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس»، «گۈزەللەر تەربىيىسى»، «ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت»كە ئوخشاش بىر قاتار دەرسلىك كىتابنى تۈزىدۇ. 120 كۇپلېتتىن تەشكىل تاپقان «مۇخەممەس»ناملىق نادىر داستانى، پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر بىلەن سۇغۇرۇلغان، 20 ـ ئەسىردىكى «قۇتادغۇبىلىك» دەپ تەرىپلەنگەن «مىفتاھۇل ئەدەب» ناملىق ئىككى قىسىملىق كىتابنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئەينى جاھالەتلىك دەۋردە ئۆز ئىلمى ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىسى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب ـ تۈرك ئەللىرىدە شۆھرەت قازانغان دەۋر سەركىسى، خەلقىنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى ئويغىتىپ، ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا خەۋپكە پىسەنت قىلماي چۇقان سالغان تاڭ ئەلچىسى: ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى، ئادەمىيلىكنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئېڭى ئويغاق، تەپەككۇرى ساز خىزىر سۈپەت زات ئىدى. خەلقىمىز ئەسلىدە مۇرۇۋۋەتلىك مۇتەپەككۇرلارغا، ئارىفلارغا تولىمۇ موھتاج ئىدى. كۆزنىڭ قارىچۇقىنى ئاسرىغاندىنمۇ بەكرەك ئاسرىشىمىزغا تېگىشلىك بۇ زاتنىڭ تەقدىرى نېمە بولدى؟ مىڭ ئەپسۇسكى، ئۇنى جاھالەتلىك دەۋر قوينىغا سىغدۇرمىدى. ئۇ، قەست بىلەن تاز مەزىنىنىڭ قولىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلدى! زالالەت ئىلكىدە قالغان ئەقلى كور جاھالەت مەلئۇنلىرى مەرىپەت ـ مەدەنىيەت تەرغىباتچىسى، مەدەنىيەتلىك ئىنسانىنى يېدى. مەيلى ئۇ قەستنى كىم پىلانلىمسۇن، جاھالەتتىن ئىبارەت بۇ قارا قول ئۇنى ئەزىز جېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇنىلا ئەمەس، مەرىپەتكە تەشنا بىر ئەلنى ئەڭ سەرخىل مەرىپەت ئىگىسىدىن ئايرىپ تاشلىۋەتتى.

جاھالەتلىك رېئاللىقنىڭ سەۋەب، يىلتىزىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي:

«ئەي بېغەم ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر!»[17]

دەپ يېزىپ، جاھالەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇدىن تېزراق ئويغىنىشقا چىللىسا:

«بەنگ ماگىسلاق كۆز ئېچىپ (كايىر)،(جەدىت)دەپ قارغىشلار،
بۇ ھاماقەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ ياناركەن.
ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبۇ ـ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتاركەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ،سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭاركەن.
ئىلىم ـ پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ ـ خەتەر،
ھالىمىز قولدىن پەتەر، قانداق چىداپ تۇراركەن؟!»[18]

دەپ يېزىپ ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىدىن تۇغۇلغان ئەلەملىك پىغاننى،مۇتەھەم

جاھالەتپەرەسلەرنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىغا بولغان ئىسيانكار ساداسىنى، مەرىپەتكە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكى ھەققىدىكى تەشەببۇسىنى يارقىن مىسرالىرىغا سىڭدۈرگەنىدى. شائىر يەنە مىللەتتىكى ئىللەتلەرنى ئاپەت دەپ قاراپ ھەم بۇ خىل ئىللەتلەردىن ئېچى سىقىلىپ:

«جاھالەت سەمىرىسىدىن بىزگە بىر كۈن كۈيۈپ جايا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ؟ بۇگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسىبىرىدە سايا باردۇر.
تەئاۋۇنۇ ـ تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېڭى باشنى كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىقىتقانىمىز باردۇر.
بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېيى كىلسە بىرىپ شۇرەتلىرىن ئاچقانىمىز باردۇر.
ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە يوق قوتۇر ئېشەك، ياياق قالغانىمىز باردۇر.
قىزىلكۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋەيا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ باغلىسا بەلنى تۈمەن بوھتانىمىز باردۇر.»[6]

دەپ يازغان. شائىر جەڭگىۋار شېئىرلىرىدا جاھالەتكە، زوراۋانلىققا قارشى چۇقان ـ سادالار ياڭراتقان، خەلقىمىزنىڭ خار ـ زەبۇن، نادان ۋە قاششاق روھىي ھالىتىگە قارىتا ئېچى سىقىلىشلىرىنى ئىپادە قىلىپ ھەسرەت يۇتقان، رەھىمسىز رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدا قەلەم ۋە ئەلەم كۈرىشى ئېلىپ بارغانىدى. ۋەھالەنكى، بۇ ئوت يۈرەك پەخىرلىك ئوغلان خائىنلارنىڭ چېقىمى بىلەن قىلىچتا چېپىلدى.

ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، ئۇلۇغ مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نامى ئۆلمەس ئوغلى مەمتىلى ئەپەندى رەھىمسىزلەرچە ئوتتا كۆيدۈرۈلدى. ۋەتەنپەرۋەر ئوت يۈرەك شائىر، ئازادلىق كۈيچىسى لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ خائىنلارنىڭ چېقىمى بىلەن جادۇدا تۇغرالدى. پۈتكۈل ئەسلى ـ ۋەسلى بىلەن مىللەت ـ قوۋمىنىڭ سائادىتىنى ئىزدىگەن ئەلنىڭ سەركىسى ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ مەردۇ ـ مەردانە ئوغلانلار ئىرپان بۇلاقلىرىمىزنىڭ كۆزى ئەمەسمىدى؟! ئۆزىدىن نۇر ۋە ھارارەت چىقىرىش بەدىلىگە يەرۇ ـ زېمىننى ۋە ئەل ـ ئاۋامنىڭ زۇلمەت باسقان قەلبىنى يورۇتىدىغان چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋېتىش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ مەدەنىيەت ئېگىلىرىنى يەۋېتىش قانداق پاجىئە ئېلىپ كېلىدۇ؟ جاۋاب شۇكى، يورۇقلۇقنى خالىمايدىغان ۋەياكى ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغان كىشىلەر تۈن قوينىدا ناھايىتى ـ ناھايىتى ئۇزاققىچە قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ خارلىقتا قالىدۇ.

يېپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى بەش ئەسىرلىك تارىخنى قىسمەن تەرەپتىن يۈزەكى بولسىمۇ خۇلاسىلەپ كۆرىدىغان بولساق، «16 ـ ئەسىردە سىياسىي جەھەتتىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرەشلىرى خوجىلار يېغىلىقىغا يەنى شۇ مەزگىللەردە قەشقەردە يۈز بەرگەن ‹ئاق تاغلىق›لار بىلەن ‹قارا تاغلىق›لار ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي نىزاغا يول ئېچىپ بەرگەن. بۇنداق نىزا پۈتكۈل مىللەتنى بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى لاگېرغا بۆلۈۋەتكەن»[20] بولۇپ، بۇ خىل ئىجتىمائىي تەپرىقىچىلىك، ئۆششاق مەزھەبلەرگە بۆلۈنۈش، ئىچكى نىزالارنىڭ كۈچىيىشى، دىنىي تەرەپبازلىق، تەركىدۇنياچىلىق، خوجىلارنىڭ تىنىمسىز پاراكەندىچىلىك سېلىشى... تۈپەيلى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى چاك ـ چېكىدىن سۆكۈلۈشكە باشلىدى. ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرەشلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان پۇقرانىڭ كاللىسى كېسىلىپ، ئىسسىق قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى ئالمىشىپ تۇرغان مۇستەبىت ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ ياۋۇز گۇماشتا كۈچلىرى خەلققە ئېغىر دەرىجىدە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كەلدى. 1825 ـ يىلىدىن 1868 ـ يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئالتە شەھەردە قوقان

يېغىلىقى، ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى دېگەندەك ئالتە قېتىملىق كۆلىمى بىرقەدەر زور بولغان توپىلاڭ ۋە يېغىلىقلار يۈز بېرىپ، ئاۋام خەلق مىللىي زۇلۇم ۋە خوجا ـ ئىشانلار دىنىي ئەسەبىيلىكىنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدە قاتتىق تالان ـ تاراجغا ئۇچرىغان. خوجا ـ ئىشان كۈچلىرى بىگۇناھ پۇقرالارنى ۋەھشىي تۈردە قىرغىن قىلىپ «كاللا مۇنارى ياساش»، كېسىلگەن باشنى قەپەسكە سېلىپ دەرەخكە ئېسىپ، سازايى قىلىش قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەھىمسىز ۋاسىتىلەر ئارقىلىق خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئېغىر جاھالەت، زۇلۇم، نادانلىق، نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە قالدۇرۇپ، ماددىي ـ مەنىۋى جەھەتتىن ئىنتايىن قالاق، چۈشكۈن ھالەتكە چۈشۈرۈۋەتكەن. مەسىلەن: 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن ۋەلىخان تۆرە «ئالتە ياشتىن يۇقىرى بارلىق ئەرلەرنى باشلىرىغا سەللە ئوراشقا ۋە كۈنىگە بەش قېتىم مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر قىلغان، تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلدىڭ، دەپ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تۇرغان. ئۇنىڭ مۇشۇ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە، قىزىل دەرياسى بويىدا خەنزۇلارنىڭ ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىدىن بىنا بولغان ئادەم بېشى مۇنارى بارغانسېرى ئېگىزلەۋەرگەن. ‹گۇناھكار›لارنىڭ باشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن چېپىۋېتىش ـ ۋەلىخان تۆرە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئەرمەك ئىدى. ھالبۇكى، بۇنداق پۇرسەت ئۇنىڭغا ھەمىشە تەييار تۇراتتى. بۇ مۇستەبىتنىڭ ئالدىدا بىرەر ئورۇنسىز ھەرىكەت ياكى سۆز قىلىپ قويغان ھەتتا ئەسنىگەن بەختسىز ئادەم ئۆزىنى ئەمدى تۈگەشتىم، دەپ ھېسابلىسا بولىۋېرەتتى»[21]. بۇ خىل ۋەھشىيلىكتىن ئاۋامنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەنمۇ ياكى بۇرمىلانغان دىنىي ئېتىقاد ۋۇجۇدىنى چىرماپ، ئەقلىنى كور قىلغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئاۋام خەلق ئاتالمىش «پەيغەمبەر پۇشتى»لىرىنىڭ پېشىگە باش ئۇرۇپ، ساختا دىنىي چۈشەنچە، بىدئەتلىك، زاھىدلىق، تەركىدۇنيالىق يولىغا قاراپ كېتىۋەرگەن؛ قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبى، ئىستىبدات، قانخور ھاكىم كۈچلەر زوراۋانلىقىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئەقلىي نەزەر بىلەن ئويلىنىپ كۆرمىگەن ياكى ئويلانسىمۇ ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇلغان. سىياسىي سېھىرگەر ياڭ زېڭشىن بولسا ئاۋامنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈپ قېلىشىدىن، ئاڭقاۋ خەلقنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، باستۇرۇپ، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. جاللات شىڭ شىسەي بولسا «ئىلغارلىق»نىقابىنى كىيىۋېلىپ، «تورنى كەڭ تاشلاپ بېلىق تۇتۇش» ھىيلىسىنى قوللىنىپ، بىر كېچىدىلا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ سەرخىل زىيالىيلىرىنى، ئۆز ۋاقتىدىكى مىللىي ئېگىلىكنىڭ ئۇمۇرتقىسى بولغان داڭدار سودىگەر ـ بايلارنى(مەسئۇل مۇھەررىردىن)تۇتۇپ، قىيناپ، ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىۋەتكەن. «مەدەنىيەتلىك ياش»لارنى ئاساسەن يەۋەتكەن.

ئىچكى زەئىپلىك ۋە تاشقى جەھەتتىن توختاۋسىز كېلىۋاتقان ۋەيرانچىلىق نەتىجىسىدە نامراتلىق ئاۋام خەلقنىڭ يىلىك ـ يىلىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. نەچچە ئەسىرلىك بېكىنمە ھالەت خەلقنىڭ ئاڭ ـ تەپەككۇرىنى تولىمۇ ئاددىي، ئىپتىدائىي، تۇرغۇن، چۈشكۈن قىلىۋەتتى. ھەتتا خەلقىمىز ئۆزىنىڭ قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئۇستاز تارىخچى موللا مۇسا سايرامىي تولىمۇ كۆڭۈلسىز بۇ تارىخ ھەققىدە ھەسرەت بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن بولسا، بۇ خىل روھىي تراگېدىيىدىن ھەسرەت يۇتقان ئاتاقلىق تارىخچى ۋە تونۇلغان جامائەت ئەربابى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف(1888 ـ 1951) تۇنجى قېتىم ئۆزىگە « ئۇيغۇر بالىسى»دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلىتىپ، مىللىي ئويغىنىشنىڭ

تەخىرسىزلىكنى جاكارلىدى. مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قان-ياش بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ بەش ئەسىرلىك تارىخنى «زۇلمەتلىك بەش ئەسىر» دەپ ئاتىدى. دوكتور، ياش ئالىم ئەسەد سۇلايمان ئەتراپلىق ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا: «ناۋادا XVII - XVIII ئەسىرلەرنى خوجا-ئىشانلارنىڭ تىنىمسىز پاراكەندىچىلىك ۋە سورۇقچىلىق دەۋرى، XIX ئەسىرنى جاھاندىن خالىي، جاھالەت ئەسىرى دەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا خەلق پەقەت ئىسسىق جېنى بىلەن كىرىپ كەلگەن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى خۇددى فېئودال مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن ئېيتقاندەك: ‹ئىستىغپار ھۇجرىسى› مەزگىلى دېيىشكە بولىدۇ»[22] دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. مانا بىز ھازىر كونا ئەسىر ھەققىدە ئەتراپلىق خۇلاسە چىقىرىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا بىلىم ئىگىلىكى ۋە ئۇچۇر دەۋرىنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرىگە تولغان 21-ئەسىرگە كىرىپ كەلدۇق. ئەمدىكى مەسىلە، ئىلگىرىكى ئاچچىق ساۋاقلارنى ئىلمىي يەكۈنلەپ، يېڭى ئەسىرنىڭ ئۇلىنى پۇختا قۇرۇپ چىقىشنىڭ تەخىرسىزلىكنى چوڭقۇر تونۇپ، دەۋرگە خاس روھىي كەيپىياتنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى «بىر مىللەت ئومۇمىي ئويغىنىش دەۋرىدە بىر كۈن كېچىكىپ ئويغانسا، بىر يىل ئارقىدا قېلىشى تەبىئىي!»[23]

يۇقىرىقى پىكىر-بايانلار ئاساسىدا ۋە جاھالەت ئەھلىنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ كۆرەيلى:

**1. ئىلىم-مەرىپەت، پەن-تېخنىكا، نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ.** ئەقلى ئىنتايىن ئاددىي، يىراقنى كۆرمەيدۇ، تەپەككۇرى بېكىك، قەلبى گويا «دۈم كۆمتۈرۈپ قويغان قازان» دەك قاراڭغۇ بولىدۇ. ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار تەشەببۇسلار، ئىلغارلىقنى ياقلىغۇچى مەرىپەتچى زىيالىيلارنى چەتكە قاقىدۇ. مەرىپەت ساھىبلىرى، تەپەككۇر چولپانلىرىنى خەتەرلىك، زەھەرلىك ھېسابلاپ تىغ ئۇچىنى شۇلارغا قارىتىدۇ. ھەتتا بۇنداق ئادەملەرنى كۆزدىن يوقاتمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ. ھەرقانچە قالاق، ئىپتىدائىي، يىرگىنىشلىك ھال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزى ئادەتلەنگەن تەپەككۇر، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىلا مۇقەددەس دەپ تۇرۇۋالىدۇ. يېڭىلىق، زامانىۋىلىقتىن قورقىدۇ، ئۆزىنى ئېپقاچىدۇ. نەقىل: ئابدۇقادىر داموللام بىر قېتىملىق نۇتقىدا مۇنداق بىر نەقىلنى مىسال قىلىپ ئۆتكەن: «بىر تالىپ ئىگىسى يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر ئۆچكىنىڭ تىرەجەپ ماڭماي تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ: ‹ھەي ئۆچكە، سېنى ھەرقانچە يامان يەرگە ئاپارسا قاساپنىڭ ئالدىغا ئاپىرىدۇ. (يېڭىچە) مەكتەپكە ئاپارمىغاندىكىن نېمە قورقىسەن› دەپتۇ»[24]. مانا بۇ جاھالەت. بۇ تالىپنىڭ نەزىرىدە ئۆلسە مەيلىكى، قاششاقلىق، نادانلىق، جاھالەتتىن يوقاپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**2. خۇراپاتلىقنىڭ زەنجىر-كىشەنلىكە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.** ھەرقانداق بىر ھەقىقەت ۋە بىر نەزەرىيە-مەپكۇرىنى ئوڭايلا بۇرمىلاپ چۈشىنىۋالىدۇ ۋە ھەتتا مەلۇم بىر نەرسىلەرگە ئەسەبىيلىك بىلەن قارىغۇلارچە ئەگىشىدۇ. «پىر»، «خوجا»، «ئىشان»، «موللام»، «ئەۋلىيا ئەزەم» ۋە ياكى پالان-پۇستان مۆتىۋەرزات، چولپانلارغا، مازارلارغا چوقۇنىدۇ ھەمدە شۇلاردىن نىجاتلىق ئىزدەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ نامرات، پېقىر، قۇللۇقىنى تەقدىر-پېشانىگە پۈتۈلگەن قىسمەت، دەپلا قاراپ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشمايدۇ. ئىلىم-پەن ئارقىلىق سائادەت تېپىشنى «ھارام»، «شەيتاننىڭ ئىشى» دەپ بىلىپ ، يالغۇز دۇئاگۇيلۇق ئارقىلىقلا روھىي تەسەللىگە ئېرىشىشكە ئۇرۇنىدۇ. خۇراپاتلىق، جاھالەت ئۇرۇقىنى تېرىغۇچى سوپى-ئىشانلار بولسا، خەلقنىڭ ئاڭقاۋ-نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئالداش ئارقىلىق ئەس-ھوشسىز ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن خۇددى جادۇگەر موماي مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شۈمۈرگەندەك گۆشىنى شىلىپ، يىلىكىنى شورايدۇ. دېمەك، خۇراپاتلىق ئىنساننى ئەڭ ئەقەللىي ياشاش ھوقۇقى ۋە پىكىر قىلىش ئېڭىدىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان، مەنىۋىيەتنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، ئىنساننى جاھالەتكە باشلايدىغان روھىي كۈشەندىدۇر. نەقىل: نوشىرۋان يائۇشېۋ قەشقەر ھەققىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق بىر ئىشنى تىلغا ئالىدۇ: « شەھەرگە يېقىن يەردە قەدىمدىن قالغان بىر قالماق بۇتخانىسى بار ئىكەن. ئالتە شەھەر خەلقلىرى بۇنى ‹مەككىدىن ئۇچۇپ كەلگەن مۇقەددەس جاي› دەپ بىلىپ پۈتۈنلەي غاجاپ تۈگىتىشىپتۇ. لايدىن ياسالغان بۇ ئۆي يېيىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن، ئورنىدىكى توپىسىنىمۇ قېزىپ ئىشلەتكىلى تۇرۇپتۇ»[25]. خۇراپات دېگەن مانا شۇ.

**3. تۇرمۇشقا، ھاياتقا بولغان ئەقىدە - ئېتىقادى نائېنىق، چۈشكۈن، ھەتتا ساختا بولىدۇ.** ھاياتتا نېمىلەرگە ئەقىدە باغلاش، نېمىدىن ئۈمىد كۈتۈش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. ھەتتا شۇ ھەقتە ئويلىنىپ، ئىزدىنىپ كۆرگۈدەك ئۆزلۈك روھى بولمايدۇ. جالالىدىن رۇمىي قاتارلىق مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ يارىتىلمىسىغا تامامىي كامالەت پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۆزلۈك روھى دەل ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئەزگۈ ھېس-تۇيغۇلارنى تونۇش، ئاشكارىلاشقا قارىتىلغان. ئۆزلۈك روھىنى يوقاتقان ئىنسان چوقۇمكى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كامالەت-پاراسەتلەرنى ھېس قىلالمايدۇ. ئوڭايلا باشقىلارغا چوقۇنۇپ، قۇل مىجەز زەيپانە ئىنسانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ھال بىۋاستە ھالدا ئۇنىڭ ئەقىدە-ئېتىقادىنىڭ غۇۋا، ساختىلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېتىقادنىڭ ھەممىسىلا ئىنساننى سائادەتكە يېقىن قىلمايدۇ. ئېتىقادتا ئىككى يۈز بار. بىرى، سائادەتكە يېقىن، يەنە بىرى ھالاكەتكە ھەمتاۋاق. ئۆزلۈك روھىنى يوقاتقان ئىنسان ئۆزىنىڭ كىم، قانداق ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ھاياتلىققا قانداق مەنا-ماھىيەت يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلالمايلا قالماستىن، كىملەرنىڭدۇ يالغان شوئار، ساختا خورىغا ئەگىشىپ كېتىپ قالىدۇ-دە، ئېتىقادسىز ئېغىر كۈلپەتلەرگە قالىدۇ. مىسالەن: ئافاق خوجا دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، مەزھەبچىلىك يوللىرى ئارقىلىق «ئاق تاغلىقلار» ۋە «قارا تاغلىقلار» ماجىرالىرىنى پەيدا قىلىپ، خەلققە كۈلپەت ياغدۇرغان، لاساغا بېرىپ دالاي V نىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ بۇتقا باش ئۇرغان، دالاي لامانىڭ پەشلىرىنى سۆيۈپ، ئېتەكلىرىگە تاۋاپ قىلىپ دالاينىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، جۇڭغار خانى قونتەيجىگە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىلخاننىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ، قونتەيجىنىڭ ھەربىي ياردىمىدە جەنۇبقا قوشۇن تارتىپ، ئۇيغۇر سەركەردىلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، گۈللەنگەن سەئىدىيە خانلىقىنى يىمىرىپ «خان» لىققا چىققان ئىسلامىيەت ئاسىيسى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايىدا 30 غا يېقىن مازار تىكلەپ، مازارغا تاۋاپ قىلىشنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويغان. مەدەنىيەت-مائارىپ، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت، تېبابەتچىلىك، مەتبەئەچىلىك، تەرجىمە... قاتارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەرنى مەنئىي قىلىپ، «قۇرئان» ۋە «ھەپتىيەك» تىن باشقا بارلىق كىتابلارنى كۆيدۈرگۈزگەندى. بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى «كاپىر»، «مۇرتەد» دەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ھەتتا ئىسمائىلخاننىڭ قىزى بۇۋى زەينەپ شائىر زەلىلىينىڭ شېئىرلىرىنى يادلىغان گۇناھى

ئۇچۇن ئافاق خوجىنىڭ ئايالى جاللات خېنىم پاشا تەرىپىدىن قايناق ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن[26]. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان ئافاق خوجىغا خەلقىمىز 300يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت باش ئۇرۇپ ئېتىقاد قىلىپ كەلدى. مانا بۇ ئېتىقاد كرىزىسى! مانا بۇ، ئىنساننى سائادەتكە ئەمەس، زالالەتكە باشلايدىغان ساختا ئېتىقاد، ئادەم يەيدىغان جاھالەت!

**4. ۋاقىت كرىزىسى ئېغىر سۇس، تەكرار تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن بولىدۇ.** قۇياشنىڭ ھەركۈنلۈك بالقىشى ۋە پېتىشىدىن، ئىنساننىڭ تىرىكچىلىكىدىن بىرەر مەنا ئىزدەپ كۆرۈشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. ئۆز جىسمىدىكى كۈچ ۋە ئەقلىدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمەيدۇ. ھورۇنلۇق ـ ئىزىلەڭگۈلۈك، خامۇشلۇق، لايغەزەللىك، بىكارچىلىققا كۆنۈپ كەتكەن. بىكارچىلىقتىن نومۇس ھېس قىلمايدۇ. ئۆمۈرنىڭ بىھۇدە ـ ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىزتىراپلىق كرىزىس تۇيغۇسىغا پاتمايدۇ. كۈننىڭ ئىشقىلىپ ئۆتكىنىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. ھاياتتىن كېلىدىغان مەنا بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ. كىشىگە خۇددى تۆرۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا مەجبۇرىي ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئادەم قانچە كۆپ نەرسىنى بىلگەنسېرى، ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇغانسېرى كرىزىس ئېغىر شۇنچە كۈچىيىپ، ۋاقىتنى مىنۇت، سېكۇنتلاپ ھېسابلايدىغان بوپكېتىدۇ. بىلىشىمچە، بىل. گېيتسنىڭ بىر مىنۇتى400 ئامېرىكا دوللىرىغا يارايدىكەن. «ئادۋوكاتلىق قىلىپ سائىتىگە 400 دوللار تاپالايدىغان بىر پۇلدار بالىلىرىغا تەربىيە قىلغاندا: ‹ساڭا مۇشۇ گەپلەرنى قىلمەن، دەپ بىر مۇنچە ۋاقتىم ئىسراپ بولدى. ساڭا گەپ قىلغان مۇشۇ ۋاقىتتا باشقىلار ئۈچۈن شۇنچە ئېغىز گەپ قىلسام، قانچە پۇلغا ئېرىشىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟› دەيدىكەن»[27]. دېمەك، كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە ۋاقىتنىڭ «ھايات»، «جان»، «بايلىق»، «مەنە»، «قىممەت»ئىكەنلىكىنى ئېنىقمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ئەپسۇس، ۋاقىت ئېغىر سۇس، خاراموشلۇققا يەتكىچە پاتقان، مەۋجۇدلۇق ھەققىدىكى ئوي ـ تۇيغۇلاردىن مەھرۇم كىشىلەر پەقەت ئەجەل قىستاپ كەلگەن مىنۇتلاردىلا ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى غىل ـ پال تونۇغاندەك بولىدى! ئەمما« جان ھەلقۇمغا يەتكەندە ياسىن ئوقۇش»كىمگە، قانچىلىك پايدا بەرسۇن؟ مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەر بىر مىنۇتىمىز ئېلىپ كېلىدىغان ئېغىر بەدەل ـ يوقىتىشلارنى كىم بىزگە تارتىشىپ بەرسۇن؟ بىز ھەربىر قەدىمىمىزدە زور كېچىكىش ھېس قىلماقتىمىز. كېچىكىشكە تولغان بۇنداق ھايات قىسمەتلىرىنى قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن جاھالەت، نادانلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنداق ئىكەن، بىز نېمە ئۈچۈن لاغايلاپ يۈرىمىز؟ ئەرزىمەس ئىشلارنىڭ جېدىلىگە چۈشۈپ كېتىمىز؟ ئۆزىمىزنىڭ ھەققىي مەۋجۇدلۇق ماھىيىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تىرىشمايمىز؟ ۋاقىت بىزنى ئالدىغا سېلىۋالغان، ۋەھالەنكى، بىز ۋاقىتقا ئارقىمىزنى قىلىۋالغان. بۇ نېمانچە چوڭ بىغەم قاراملىق ـ ھە؟!

بۈگۈنكى كۈندە بىرەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئۇلارنىڭ ۋاقىت ئېغى ئارقىلىق ئۆلچىنىدىغان بولدى. ۋاقىتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئۈچۈر دەۋرىدە ۋاقىتنى قەدىرلىمەسلىك جاھالەتنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسىدۇر.

**5. ناباب شۈكۈرچان كېلىدۇ.** تاپسىمۇ ـ تاپمىسىمۇ، ئېرىشسىمۇ ـ يوقاتسىمۇ ھەممىسىگە شۈكۈرلا قىلىدۇ. رېئاللىقتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ مەنە ـ ماھىيىتىنى ئويدان تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بەزى نەرسىلەرگە نارازىلىق بىلەن قاراش كۆتۈرۈشنى بىلمەيدۇ. خارزەبۇنلۇققا، نادانلىققا، چۈشكۈنلۈككىمۇ شۈكۈر دەپ كۆنۈپ كېتىۋېرىدۇ. نەتىجىدە نامراتلىق، قاششاقلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقاندەك، خارلارنىڭ خار تۇرمۇشقا رازى بولۇشى ئۇلارنى ئېنىقمۇ پەس،چۈشكۈن،رەسۋا قىلىۋېتىدۇ.

**6. بېكىنمىچىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك كېلىدۇ.** بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدۇ. يىراقنى، ئىشلارنىڭ تەگ ـ ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان سەگەك تۇيغۇنلۇق بولمايدۇ. يېڭىلىقنى ئالدىراپ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۆزى ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىگە مەھكەم يېپىشىۋالىدۇ.«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»سۈيىنى ئىچىۋېرىشكە رازىكى، يېڭى ئېقىنلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرمەيدۇ. بېكىنمە ئىدىيە، بېكىنمە تۇرمۇش، بىرتەرەپلىمە جاھىللىق ئادەمنى سادda،قالاق ۋە قاششاق روھىي كەيپىياتقا غەرق قىلىپ، تەرەققىياتتىن مەھرۇم قالدۇرۇۋېتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**7. مەنىۋى ئىللەت ـ كېسەللىكلەر بىلەن بۇلغانغان بولىدۇ.** يەنى بۇزۇقچىلىق، قىمارۋازلىق،ئىسراپچىلىق،ھەشەمەتچىلىك، سۇخەنچىلىك، چېقىمچىلىق، ئىغۋاگەرچىلىك، تەمەخورلۇق، غەيۋەت ـ شىكايەت، قۇرۇق پاراڭ سېتىش، پىتنە ـ پاسات قىلىش دېگەندەك شەخسكىمۇ، ئىجتىمائىي توپنىڭ مەنىۋى ھاۋاسىغىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان مەرەز قىلىق ـ ئادەتلەر بىلەن يۇقۇملانغان بولىدۇ.

**8. كەيپ ـساپا ۋە ئىچىملىك ـ چېكىملىككە بېرىلىشتەك چۈشكۈن روھ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ.** مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە نىسبەتەن بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئەدەپ كېتىشى تەبىئىي ھالدا شۇ مىللەتنى ھالاكەت گىردابىغا سۆرەپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز-ئۆزىنى ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك يامان ئادەت بولۇپ، مىللەتنى ماددىي جەھەتتىن نامراتلاشتۇرۇپ، مەنىۋى جەھەتتىن زەئىپلەشتۈرۈپ كاردىن چىقىرىدۇ. نامرات، قالاق ئەلدە ئىقتىسادچىللىق ئورنىغا ئەكسىچە ھەشەمەتچىلىك، تۇرمۇش جەھەتتىكى پاراكەندىچىلىك، ۋاقىت، زېھىن جەھەتتىكى ئىسراپچىلىق ئامىللىرى باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. «ھەشەمەتچىلىك ئومۇمەن نامرات جەمئىيەتنىڭ ساختا دەبدەبىسى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ»[28]. جالالىددىن رۇمىي مەي ھەققىدە مۇنداق مىسرالارنى قالدۇرىدۇ:

لېۋىڭ شارابىدىن ئىچىپ يېقىۋ-يەي،  
جاملار قولىمىزدا ئايلىنار تىنماي.  
ئاخىر بىز مېنىڭ تېگىگە يېتتۇق،  
بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقتى ئاخىر مەي.

شۇنداق، يامان تۇرمۇش، ئادەت ـ قارىشى بېھىساب كىشىنىڭ بېشىغا چىقتى، ھېلىھەم بىزنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە ۋەيرانچىلىققا سۆرەپ تۇرماقتا. كىشىلەر كەيپ ـ ساپاغا بېرىلمەكتە، ئەمما كەيپ ـ ساپا قايتىپ كېلىپ شۇ كىشىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل مىللەتنى ئاستا ـ ئاستا غاجاپ يېمەكتە. جاھالەت ھېلىھەم مەدەنىيەتنى، مەدەنىيەت ھەقدارلىرىنى يېمەكتە.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، جاھالەت پەقەت ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە ياكى يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى كۆلپەتلىك بەش ئەسىرلىك تارىخقىلا مەنسۇپ نەرسە بولماستىن، بەلكى ھەرقايسى دەۋردە ئوخشىمىغان تۈس، شەكىل، دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان مەھكۇم روھىي ھالەتتۇر. مەدەنىيەتلا بولىدىكەن، جاھالەتمۇ بولىدۇ. جاھالەتلا بولىدىكەن، مەدەنىيەت بىلەن جاھالەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەڭگۈ توختىماي داۋاملىشىدۇ. ئەمما كىشىنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغىنى، جاھالەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ شەپقەتسىز تىركىشىشىدە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ سەرخىل كۈچلىرى، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانلار ئەڭ ئالدى بىلەن

ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇلدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ، جاھالەت ئوخشىمىغان دەۋردە ئوخشاش بولمىغان تۈستە ئىپادىلەنگەچكە، ئۇنىڭ مەدەنىيەتكە، مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنى ھەرىكەتچان نۇقتىسىدىن كۆزىتىشىمىزگە، جاھالەتنىڭ بۈگۈنكى ئىپادىلىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىلىق باش قاتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئاساسىدا ئەسلىي تېمىغا قايتساق، ھېكايەتتىكى «مەدەنىيەتلىك ياش»نىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ۋە ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ياۋايىلىق، جاھالەت ئامىللىرى قۇترىغان زاماندا ئىلغار پىكىر، ئىلغار ئىدىيە چەتكە قېقىلىدۇ. ئېڭى ئويغاق، زاماننىڭ سەركىلىرىنىڭ ياشىمىقى تەسكە توختايدۇ، ھەتتا جاھالەتنىڭ يەمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، مەرىپەت تەرغىباتچىلىرىنىڭ ئويلايدىغان، كۈرەش قىلىدىغىنى پۈتكۈل ئەل-ئاۋامنىڭ نىجادىيىتى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھالاكىتى بىۋاستە ھالدا ئومۇمىي توپنىڭ جاھالەتتە يەنە نەچچە ئون يىللاپ ، ھەتتا ئەسىر-ئەسىرلەپ جان تالىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ-دە، ئەڭ ئاخىرىدا زىيان تارتىدىغىنى بىر ئادەم ئەمەس، پۈتۈن بىر توپ-قوۋم بولىدۇ. ھېكايەتتىكى ئىپتىدائىي قەبىلە ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك ياشنى يەۋېتىشى پەقەت شەخسنىڭ ھالاكىتى بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى بىر پۈتۈن قەبىلىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالاكىتى ۋە تراگېدىيىسىدۇر.

## ئىككىنچى ھاسىلات:

ئەسلىدە ئۇلار قېرى-چۆرى، ئاجىز-مېيىپ، ئىشقا كېرەككە كەلمەيدىغانلارنى يەۋېتەتتى. ئەمما بۇ قېتىم مەدەنىيەتلىك ئەلدە تەربىيىلەنگەن، ئەقلى بېجىرىم، يەنە كېلىپ، شۇ قەبىلە ئەھلىنىڭ نادان-قالاق، ياۋايى ھالىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بۈيۈك مەقسەتنى دىلىغا پۈككەن «مەدەنىيەتلىك ياش»نى يەۋەتتى. كۆرۈلۈپ تۇرۇپتىكى، مەرىپەتنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن مەرىپەتنى قوللايدىغان مۇھىت، ئادەملەر توپى بولۇشى كېرەك. كىشىلەر تېخى ئويغانمىغان، ياۋايىلىق، قارانادانلىقتا ياشاۋاتقان چاغدا ئۆزى ئىلغار دەپ قارىغان ئىدىيە بىلەن باشقىلارغا قوماندانلىق قىلىش ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەس. توغرا، نادانلارنى شۇ پېتى تاشلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئۆز قوۋمىنىڭ جاھالەت-زاللەتكە جىمجىت سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ۋىجدانلىق بەندىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەمما ھەرقانداق بىر ئاڭقاۋ ئەلنى ئۆزگەرتىشكىمۇ مۇئەييەن جەريان كېرەك. ئويغىنىش بىر-ئىككى كۈن ياكى بىرەر يىلدىلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى نەچچە ئەسىرلەپ ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان ئىش. يەنە كېلىپ، خەلقنى ئويغىتىشتا مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتلىك بولۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەرقانچە بۈيۈك ھەقىقەتمۇ غاپىللارنىڭ قۇلىقىغا چىۋىننىڭ غىڭشىشىچىلىكمۇ ئاڭلانمايدۇ. مەدەنىيەت - مەرىپەتنى تارقىتىش ئۈچۈن جاھالەتنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تۇرۇپ، ئۇلارغا تۈيدۈرمايلا مەدەنىيەتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، توغرا يولغا ئەگەشتۈرۈش كېرەك. نادان ئەلگە ھە دېسىلا بۈيۈك- ئۇلۇغ گەپلەر بىلەن قوماندانلىق قىلىمەن، دېيىش ئېغىر بەدەللەرگە ئېلىپ بارىدۇ.

ھېكايەتتىكى «مەدەنىيەتلىك ياش»نى قەبىلىدىكىلەر «قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن»دەپ قارىدى-دە، ئىرەنشىمەيلا يەۋەتتى. دېمەككى، ئۇ ئۆزى ئۆزگەرتىش كويىدا بولغان بۇ ئەل-قوۋمنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ياشاش ئۇسۇلىنى چۈشەنمىگەن، ھەتتا ئۇلار بىلەن ماسلىشىپ تۇرۇپ ئاندىن ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن. دارۋىن«ماسلاشقانلار ئامان قالىدۇ»دەپ بىر نەزەرىيىۋى يەكۈننى ئوتتۇرىغا چىقارغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزى 16يىل تەربىيىلىگەن بۇ «مەدەنىيەتلىك ياش»قا «ماسلىشىش»نىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىتەلمىگەن. يەنى ئۇ قەبىلە ئەھلىنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھاياتلىق مەنتىقىسى، ياشاش ئۇسۇلىنى چۈشىنەلمىدى، ئۇنىڭغا كۆنەلمىدى. مەدەنىي ياشاش غايىسى ئىپتىدائىي جاڭگالدا كارغا كەلمەي قالدى-دە، بىر قېتىملىق يەمگە ئايلىنىپ كەتتى. بىز بۇنىڭدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، بىر ئەلنى ئويغىتىش، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەدەنىيەتنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى مەدەنىيەت تەرغىباتچىسى ئىنتايىن پاراسەتلىك، قۇۋۇ، ھەتتا ھىيلىگەر، جاھالەتنىڭ يىرگىنىشلىك زۇلۇم-زۇقۇمدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى ئېپقاچالايدىغان، ئۆزىنى ساختا نىقابلار بىلەن پۈركىۋالالايدىغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى جاھالەت بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن زور ئىستراتېگىيىلىك ئاڭ تەلەپ قىلىدىغان كۈرەش جەريانى. بەلكىم «مەدەنىيەتلىك ياش»نىڭمۇ ئادەم يېيىشكە توغرا كېلەر. ئۇ مۇشۇ خىلدىكى جاھالەتنىڭ جاپاسىغا چىداپ تۇرۇپ، ئاستا-ئاستا مەدەنىيەت تارقىتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، بەلكىم توغرا بولار ئىدى. ئامان قالار ئىدى. گاھىدا ئۇستاتلىق قىلىپ بولسىمۇ بىر ئاقىلنىڭ ئامان قېلىشى بىر ئەل-قوۋمنى نەچچە يۈز يىللىق كۈلپەت-نادامەتتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. گاھىدا لايىقىدا بولمىغان ئورۇنسىز باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق شۇ ئەزىمەتنىڭ ئۆلۈمى بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، ھەتتا ئۇنى يۆلەك، تىرەك بىلىۋاتقان بىر ئەل - ئۇلۇسنىڭ تەقدىرىنىمۇ نەچچە ئەسىرلەپ كۈلپەتكە پاتۇرىۋېتىدۇ. پاراسەت بىلەن بىرلەشمىگەن مەدەنىيەت ئوڭايلا جاھالەتنىڭ يەمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ-دە، جاھالەت ئەھلى تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ.

مەدەنىيەتنى، ئالىجاناب مەدەنىيلىكنى دەپسەندە قىلىۋاتقان جاھالەت بەندىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىخۇد، ھاماقەتلىكى بىلەن مەدەنىيەتنى ۋە ئۇنىڭ ئاكتىپ تەرغىباتچىلىرىنى يوقىتىپ، قىيناپ، خارلاشتىن ھۇزۇرلىنىشقا ئامراق كېلىدۇ. ئەمما نادانلىقنىڭ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يېرى شۇيەردىكى، ئۇلار ئۆز ھالاكىتىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، ھەقىقىي قۇللۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئېتىقاد ۋە غۇرۇر تۇيغۇسى شۇ قەدەر سۇسلاپ كەتكەن، ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاش ھەققىدىكى پىلان، چارە-تەدبىر، ئاڭ - تۇيغۇ ئويغانمىغان بولىدۇ. دېمەك، ھېكايەتتىكى ياۋايىلار توپى «مەدەنىيەتلىك ياش»نى يەۋەتكىنى بىلەن مەدەنىي دۇنيانىڭ رەھىمسىز خىرىسى ياۋايىلار توپىنى ئۈن-تىنسىز ھالاكەت جىلغىسىغا غەرق قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، جاھالەت ئەھلىنىڭ ئۆزى قارنىغىچە پېتىپ تۇرغان سېسىق پاتقاقنى سۈزۈك بۇلاق بىلىپ، ئېغىناپ يېتىۋېرىشى ۋە ئۇلارنى ھىدايەتكە يېتەكلىگۈچى سەرخىل كۈچلەرنى قەدىرسىز بىلىپ، خورلاپ-خارلىشى ئىنتايىن ئېغىر تراگېدىيە ۋە ئادەم يەيدىغان ۋەھشىيلىكتىنمۇ ئۆتە ئېپلاس ئاڭقاۋلۇق. ئاقىللارنىڭ مەلۇم بىر قوۋم-توپنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالماستىنلا ، ئۇلارغا تېخى ماس كەلمەيدىغان بۈيۈك مەپكۇرىلارنى ئۆگىتىش، تېڭىشى ئوخشاشلا پەمسىزلىك، قارامىلىق. ھەممە نەرسىنىڭ ۋاقتى، ئورنى بولىدۇ. «مەدەنىيەتلىك ياش»نى 16يىل تەربىيىلىگەن دارۋىننىڭ تەلىماتى بويىچە بولغاندا، ھەممە نەرسە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ ئوخشاش بولمىغان مۇھىت ۋە زاماندا جىددىي لازىم قىلىدىغان ئېھتىياجمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا دارۋىن يولۇققان ئىپتىدائىي قەبىلە زادى نېمىگە ئەڭ جىددىي ئېھتىياجلىق؟

## ئۈچىنچى ھاسىلات:

ئىنسان تەبىئىتى تۇغۇلۇشىدىنلا ۋەھشىي ئەمەس، ۋەھشىيلىك مۇئەييەن ياشاش مۇھىتى، ئىجتىمائىي شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ھەم مەلۇم بىر مۇھىت ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ياكى ئاستا - ئاستا يوقايدۇ. ئىپتىدائىي قەبىلە ئەزالىرى نېمە ئۈچۈن «كارغا كەلمەيدىغان»لارنى يەۋېتىدۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلارنىڭ تېخى قورسىقى تويمىغان، ئۇلاردا ماددىي موھتاجلىق تېخى تۈگىمىگەن. بەلكىم يەيدىغانغا يېتەرلىك ئوزۇق بولىدىغان بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەددى - جەمەتىگە رەھىمسىزلىك بىلەن چىش بىلەپ يۈرمەس ئىدى. موھتاجلىق، بولۇپمۇ ئېغىر ماددىي ئاچارچىلىققا ياندىشقان ئاڭ قەھەتچىلىكى كىشىلەرنى پەس، ياۋۇز، رەھىمسىز، قانخور، ئىپلاس قىلىۋېتىدۇ. كىشىلەرنى ئاڭ جەھەتتىن ئويغىتىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش، پوكانىنىڭ دەردى - غېمىدە قالغان ئەس - ھوشىنى ئازاد قىلىش كېرەك. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام». دارۋىن بىر ئۇلۇغ ئالىم، يەنە كېلىپ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى»نىڭ ئاساسچىسى تۇرۇقلۇق، ئالدى بىلەن ئىشنى ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش، ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە ياۋۇزلۇق، قانخورلۇقتىن ئىبارەت ئەڭ ئىپتىدائىي رەھىمسىز تەبىئىتىنى ئاستا - ئاستا ھېس قىلدۇرۇش، ئۆزگەرتىشتىن باشلىماي، ھەدېسىلا ەرىپەت، مەدەنىيەتكە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھەتتا 16يىل تەربىيىلىگەن ر بالنى تېخىچە ئىپتىدائىي ياۋۇزلۇق ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقان بىر وپ ياۋايى ئىنسانغا تۇتۇپ بەرگىنى نېمىسى؟! بۇ ئىشتا، دارۋىن ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويدىمۇ - قانداق؟ دېمەك، ئىشنىڭ نەتىجىسى توغرا مۆلچەرلەنمىسە بەزىدە ياخشى كۆڭۈل - ئەزگۈ نىيەتمۇ يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قورساق تويغۇزۇشنىڭ غېمىدىلا يېتىپ يۈرۈۋاتقان بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئىلىم - پەن ۋە ھۈنەر - تېخنىكا ئۆگىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكى ھەققىدە ھەرقانچە تەسىرلىك دۇردانە پىكىرلەرنى قىلغان بىلەنمۇ بۇنداق ۋەزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ. چۈنكى ئۇنى ئەڭ تەقەززا قىلىۋاتقان نەرسە موھتاجلىق. بىر قاچا تاماققا زار بولۇپ ئۆتىۋاتقان، بۈگۈننى ئەتىگە ئۇلاشتۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرگەن، نامراتلىقنىڭ دەردى سۆڭەك - سۆڭىكىدىن ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ئاڭ تەپەككۇرى تەبىئىي ھالدا جان بېقىش، جان ساقلاشتىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تىرىكچىلىك دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالغان بولىدۇ. ئادەمنىڭ قورساقتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ۋە ئاساسىي ئېھتىياجى قانائەت ھاسىل قىلغان چاغدىلا ئاندىن باشقا ئىشلارنى ئويلاش پۇرسىتى تۇغۇلىدۇ. يېڭى - يېڭى خىياللار تۇغۇلۇشقا، مەنىۋىيەت ھەققىدە، لەززەت، مەنە ھەققىدە ئىزدىنىشكە چۈشىدۇ. ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەھۋالى يۈكسەلگەن بىر جەمئىيەتتىكى ئادەتتىكى نامراتلىقتىن تىرىشىش، پەم - پاراسەتكە تايىنىش يوللىرى ئارقىلىق بىر ئامالىنى قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتىش مۇمكىن. لېكىن ھېچقانداق ئىگىلىك، تۇرمۇش، جاھاندارچىلىق قۇرۇلمىسى ئەسلا شەكىللەنمىگەن، ھەممە بۇلۇڭ - قەرنىلىرىنى ئومۇمىي ئورتاق قاششاقلىق، ياۋايىلىق، نامراتلىق، كۈلپەت چىرماپ تۇرغان بىر ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ قاپقارا نامراتلىقىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى ئالدىنقىسى يالغۇز ھالدىكى مەلۇم بىر شەخس ياكى ئايرىم ساندىكى كىشىلەرنىڭ نامراتلىقى، جاھالىتى. يەنى، يۈكسىلىش ئىچىدىكى بىر جەمئىيەتنىڭ ئايرىم ئەزالىرىنىڭ موھتاجلىقى، بۇ خىل موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىمكانىيەت، پۇرسەت، يوللىرى كۆپ بولىدۇ. ئەمما كېيىنكىسى مىللەت، توپ خاراكتېرلىك ئورتاق ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك بولۇپ، بۇ خىل قورقۇنچلۇق قاباھەتتىن قۇتۇلۇش ئوڭايلا ئەمەس، ھەتتا كۆپ ھالدا مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئىنساننىڭ قورساق غېمى تۈگىمەي تۇرۇپ، مەنىۋىيەت يۈكسىلىشىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، نامراتلىق، موھتاجلىق، ھەتتا قورساقمۇ تويمىغىدەك ئاچارچىلىق ئىنساننىڭ ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرىدىن بولغان روھ، غۇرۇر، نومۇس تۇيغۇلىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ - دە، ئادەم ئادەمنى يەيدىغان يىرگىنىشلىك قىلمىشلار ئادەتتىكى ئىش بوپقالىدۇ. مۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا ئالدى بىلەن بۇ قوۋمنىڭ ماددىي ئاچارچىلىقىنى تۈگەتمەي، قورسىقىنى تويدۇرماي تۇرۇپ مەرىپەت، بىلىم، تېخنىكا ۋە ھەتتا پالان - پۇستان گەپلەر ئۈستىدە ئېغىز ئېچىپ يۈرۈش ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك سوغۇق، ئەھمىيەتسىز ۋە ھەتتا سەت ئاڭلىنىشى تۇرغانلا گەپ. بىر ئەلدە مۇئەييەن ئىگىلىك، ئىقتىساد شەكىللەنمەي تۇرۇپ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت، سەھىيە، سانائەت ئىشلىرى گۈللەپ - ياشناش، بۇ قوۋم كىشىلىرىنى ھەققىي مەنىدىكى سائادەتكە يېتەكلەش مۇمكىن ئەمەس. دارۋىن بۇ نۇقتىغا سەل قارىغان بولسا كېرەك.

## تۆتىنچى ھاسىلات:

ئادەمنىڭ كاللىسى ئېچىلمىغان بوز يەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنى قانچە ئاچسا شۇنچە ئېچىلىدۇ. قانچە قازسا شۇنچە قېزىلىدۇ. مەسىلە، ئۇنى قانداق ئېچىش ۋە قانداق قېزىشتا. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ كاللىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلار كاللىسىنى قانداق ئىشقا سېلىشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا قالتىس مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان. ئىشەك ئۆلگۈچىكىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىپ تۇرغاچقىلا چىرىمەيدۇ. غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدار بىلەن پۈتۈلگەن مېڭىنى ئىشلىتىپ تۇرمىسا«دات» باسىدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى دەۋر رىقابىتى«ئەقىل رىقابىتى»دەپ ئاتالماقتا. ئادىمىيلىك ساپا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەسلىدە ئۇ مىللەت ئەقىللىق، بۇ مىللەت دۆت ياكى پالانى توغما دانا، پازىل، يەنە بىرى توغما كالۋا، جاھىل بوپقالىدىغان ئىش ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس. چۈنكى ئىنساننىڭ يارىتىلىشى باپباراۋەر، ئوخشاش. بۇيەردىكى پەرقنى مۇھىت، شارائىت، تەربىيە، ئىزدىنىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بىز نەقىل كەلتۈرۈۋاتقان «مەدەنىيەتلىك ياش» ئاشۇ ئىپتىدائىي قەبىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولسا، ئۇمۇ مۇقەررەر ھالدا ئاشۇلاردەك ياۋايى ئاڭغا، ئادەم يەيدىغان ياۋۇز، رەھىمسىز، ئىپلاس تەبىئەتكە ئىگە بولغان بولاتتى. لېكىن ئۇ ئەنگلىيىدەك تەرەققىي تاپقان ئەلدە تەربىيىلىنىۋىدى «مەدەنىيەتلىك ياش»بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بىز بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىمىزكى، ئادەمنىڭ يېتىلىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدە پەقەت شەخسىي تىرىشچانلىقلا كۇپايە قىلمايدۇ، مۇھىمى ئۇنىڭ ھەرتەرەپلىمە تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكان بېرىدىغان ئاكتىپ مۇھىت بولۇشى كېرەك. يېتەرلىك ئاكتىپ ئامىل ئېھتىياجلىق شارائىت ماسلىشىپ كەلگەندە، ئىنساننىڭ يېتىلىشى شۇنچە ئوڭۇشلۇق، ئەتراپلىق بولىدۇ. خۇددى سۇ، ھاۋا، قۇياش نۇرى يېتەرلىك بولغان، تۇپرىقى مۇنبەت يەرگە كۆچەت قويۇپ ئىشلىسە، تۈرلۈك - تۈمەن ئاپەتكە يولۇقمىسا، ئاشلىقتىن شۇنچە ياخشى مول ھوسۇل ئالغىلى بولغىنىغا ئوخشاش.

قىسقىسى، نادانلىق، جاھالەت بىر ئاپەت، يەنە كېلىپ ھەرقانداق بىر زاماندا، ھەرقانداق بىر ئادەمدە ئۆزگىچە تۈس - يوسۇندا

كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان «ئۇرۇقى قۇرۇماس»لىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ زىيىنىنى مۆلچەرلىمەك تەس. شۇڭا، ھەربىر ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان نادانلىق، جاھالەت ئامىللىرىغا سەگەكلىك بىلەن جەڭ ئېلان قىلىشى كېرەك. بولمىسا ئۇ يەنە سانسىز «مەدەنىيەتلىك ياش»، سەرخىل تالانت ئىگىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يەۋېتىشى، يەنە قانچىلاپ قوۋم-مىللەتنى ئەسىر-ئەسىرلەپ خار-زەبۇنلۇق گىردابىغا نىقتاپ تىقىۋېتىشى مۇمكىن. ھوشيار بولايلى، ئادەم ئادەمنى يېمىگەي، جاھالەت مەدەنىيەتنىڭ بېشىغا دەسسەپ ئويۇنمىغاي!

2006-يىل دېكابىر، قورغاس

## سىتاتا مەنبەلىرى

[1] مىجى: «دارۋىننىڭ ئەخمەقانە ئىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2004-يىل 5-سان، ئەقلىمە ئابدۇللا تەرجىمىسى.

[2] ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل ئاۋغۇست نەشرى 387-بەت.

[3] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1993-يىل 2-سان: يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان « يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ناملىق كىتاب، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»2001-يىل ئىيۇل نەشرى 113-، 114-بەتلەر.

[4] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1995-يىل5-، 6-(قوشما)سان.

[5] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1993-يىل 1-سان: يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان«يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل ئىيۇل نەشرى.

[6] نوشىرۋان يائۇشېۋ(روسىيە): «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى 2005-يىل 2-سان، ئابلىز ئۆرخۇن«شۇرا» ژۇرنىلىدىن نەشرگە تەييارلىغان.

[7]، [8]، [9]، [10]، [11]، [12] «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2005-يىل (پۈتۈن يىللىق) 1-،2-، 3-،4-،5-،6-سانلىرى.

[13] ئەسەد سۇلايمان: «20-ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 2-، 3-(قوشما) سان.

[14] ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل ئاۋغۇست نەشرى 390-بەت.

[15] باتۇر روزى: «ئابدۇقادىر داموللا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل ماي نەشرى 24-بەت.

[16] يۇقىرىقى كىتاب 17-، 35-بەتلەر.

[17] ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي: «ئويغان»، «تارىم» ژۇرنىلى 1987-يىل 8-سان.

[18] ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي: «غەزەپ ۋە زار»، «تارىم» ژۇرنىلى 1987-يىل 8-سان.

[19] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1989-يىل 6-سان («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يېزىلغان.-مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما): يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل ئىيۇل نەشرى.

[20] كوروپاتكىن(روسىيە): «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996-يىل دېكابىر نەشرى 62-بەت.

[21] يۇقىرىقى كىتاب 230-بەت.

[22] ئەسەد سۇلايمان: «20-ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى1998-يىل2-، 3-(قوشما)سان.

[23] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۆمۈر تەلقىنلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997-يىل 1-سان؛ يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل ئىيۇل نەشرى 413-بەت.

[24] باتۇر روزى: «ئابدۇقادىر داموللا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل ماي نەشرى 57-بەت.

[25] نوشىرۋان يائۇشېۋ: «مىراس»ژۇرنىلى 2005-يىل 2-سان.

[26] ئابلەت سەمەت، رېشىت ئابلەت: «ئافاق خوجىغا ئائىت بايان»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1996-يىل 4-سان، «قونتەيجى ۋە ئافاق خوجا» ناملىق ماقالىسىغا ئاساسەن ئېلىندى.

[27] چېن دەن: «جۇڭگودا كىملەر ياختى تۇرمۇش كەچۈرىدۇ»، «تەرمىلەر»ژۇرنىلى 2004-يىل 3-سان.

[28] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993-يىل 1-سان؛ يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل ئىيۇل نەشرى.

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خىمىيە ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى(M3)

**بۇ سان 2006-يىل 10-دېكابىردا تىزىشقا يوللاندى، 2007-يىل 30-يانۋاردا باسمىدىن چىقتى.**

**تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن (M3)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)، نازارەتچى: زۇنۇن باقى(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى).**



# چولپانلىرىمىز نېمىشقا ئاغزىنى يۇمايدۇ؟

تېلېۋىزورنى شۇنداقلا ئاچىدىغان بولسىڭىز، ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈملىرى، ئۆگىنىش بۆلۈملىرى، يېزا ئىگىلىك بۆلۈملىرى ۋە تېبىي داۋالاش ساھەسىدىكى ئېلانلارنىڭ ھەممىسىدە چولپانلىرىمىزنىڭ «چاقناپ كەتكەن»لىكىنى بايقىۋېلىشىڭىز ئانچە تەس ئەمەس. ھامىلىدار بولالماسلىقنى داۋالايدىغان دوختۇرخانىلارنىڭ ئېلانلىرىدىن ئېشەك يىلىمى قان تولۇقلاش مەلھىمىنىڭ ئېلانلىرىغىچە، ئورۇقلىتىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېلانلىرىدىن تارتىپ بۆرەكنى جانلاندۇرۇپ، باھنى كۆچەيتىدىغان چۈمۈلە كومىلچى ئېلانلىرىغىچە، خاتىرە كومپيۇتېرى، كۆز ئاسراش ئۈسكۈنىسىنىڭ ئېلانلىرىدىن تارتىپ، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇتلارنىڭ ئېلانلىرىغىچە ھەممىسىدە دېگۈدەك چولپانلىرىمىزنىڭ «راست، شۇنداق، خۇدا ھەققى»دەپ گۇۋاھلىق بېرىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇمۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەمەس. ئاشكارىلىنىشىچە، زاۋۇتلار مۇشۇنداق ئېلانلارنىڭ كۈچى بىلەن نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدىكەن. بۇنىڭغا يارىشا نەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا نەچچە مىليون يۈەنلەپ پۇل چولپانلىرىمىزنىڭ چۆنتىكىگە موككىدە چۈشىدىكەن. شۇنچە ئاسانلا مۇنداق قوش پايدىغا ئېرىشىدىغان ئىش بولسا، كىممۇ ئاغزىنى يۇمۇشنى خالايدۇ دەيسىز؟


كارخانىلارنىڭ چولپانلىرىمىز ئارقىلىق ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىشىنىڭ خاتاسى يوق. ئەمما، چولپانلار گۇۋاھلىق بېرىشتە چوقۇم سەممىي بولۇشى، مەنپەئەتنى دەپ قارىغۇلارچە قەسەم قىلىۋەرمەسلىكى، ساختا ھېكايە ـ كۆرۈنۈشلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇ يىل 15 ـ مارت، يەنى «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنى»ئاخبارات ۋاستىلىرى خەلققە ئېغىر زىيان كەلتۈرگەن نۇرغۇنلىغان ساختا ھاراق، ساختا دورا، ساختا ئۇرۇق، ساختا ئائىلە ئېلېكتر سايمىنىنى ھەتتا ئالدامچى دوختۇرخانا ۋە ئالدامچى جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنى ئاشكارىلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بەزى چولپانلىرىمىز قوڭىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالدى. مەسىلەن: ئالايلۇق، يېقىندا مەلۇم بىر ئايال كىنو چولپىنى «ھەممە كېسەلگە شىپا بولىدىغان» بىر خىل دورا ئېلانىغا چىقىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان. ئەسلىدە بۇ دورا شىرادا ئىشلەنگەن بولماستىن بەلكى خۇمدا ئىشلەنگەن بولسىمۇ، شۇنداقلا يەنە دورىنىڭ ياسىلىش رېتسېپىنىڭمۇ شىراك بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ئەمما ئېلاندا پۈتۈنلەي مۇشۇنداق دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىستېمالچىلار شۇ زاۋۇت ۋە ئايال كىنو چولپىنى ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇنغان. بىراق سوت مەھكىمىسى زاۋۇتنى ئالدامچىلىق قىلغان، دەپ ھۆكۈم چىقارغان بولسىمۇ، ئايال كىنو چولپىنىغا ھېچقانداق جازا ھۆكۈم قىلمىغان. يەنە بىر كىنو چولپىنىمۇ ھامىلىدار بولالماسلىقنى داۋالايدىغان بىر دوختۇرخانا ئۈچۈن ئېلانغا چىقىپ بەرگەن. نەتىجىدە، بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئالدامچىلىق قىلغانلىقى ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ، جازالانغان. لېكىن ھېلىقى چولپىنىمىز يەنىلا ھېچقانداق جازاغا ئۇچرىمىغان.

نېمە ئۈچۈن چولپانلارنىڭ جازالانمايدىغانلىقى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار چولپانلارنىڭ شۇ زاۋۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان. ئۇنداقتا، ئاۋام پۇقرالارمۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەنمەي تۇرۇپ باشقىلارغا كاپالەت بېرىپ، ئومۇمنى ۋە شەخسنى زىيانغا ئۇچراتسا، ئەجەبا ئۇلارمۇ قانۇن سىرتىدا قالارمۇ؟ بۇنداق گۇۋاھلىق شەكلىدىكى ئېلانلارنىڭ خاراكتېرى چولپانلاردەك داڭلىق كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە خەلققە نىسبەتەن كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشنى بەلگىلەيدۇ. نۆۋەتتە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەر گۇۋاھلىق شەكلىدىكى ئېلانلاردا، ئېلانغا چىققۇچىنىڭ چوقۇم مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. ناۋادا سىز ئاخبارات ۋاستىلىرىدا مەلۇم دورىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگەن بولسىڭىز، ئۇنداقتا، ئۆزىڭىزنىڭ بۇ دورىنى قايسى ۋاقىتتا، قانچىلىك مىقداردا يېگەنلىكىڭىز، ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەمەلىي پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويالىسىڭىز ياخشى بولىدۇ، ناۋادا دېگەنلىرىڭىز يالغان بولۇپ قالسا دەرھال سوراققا تارتىلىپ جازالىنىسىز. بۇنداق بولغاندا كىممۇ قالايمىقان جۆيلۈشكە پېتىنالىسۇن؟

---

لىۋ مىڭچۈەن قەلىمىدىكى بۇ ماقالە «ياشلار تەرىمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 8 ـ سانىغا بېسىلغان. **توختىھاجى يۇنۇس** تەرجىمىسى. تەرجىمان: كوناشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى(M1)

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ



«يىغلىما ئىنسان»، «ئاخىرقى ئاقسۆڭەك»، «يات گۈلەڭگىلەر»، «سەرسان ھېسسىياتلار»، «خام سۈت ئەمگەن بەندىلەر»، «گۈللالە»، «مۇھەببەت ئۆزى سۆزلەيدۇ» ناملىق رومانلار، «قۇياش ھەممىگە شاھىت» (خەنزۇچە)، «ئالتۇن كۈل»، «قىزىل ئاسمان» ناملىق پوۋېستلار توپلاملىرى، «پەردە»، «يادىكار» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى، يازغۇچى، ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتچىسى ئەيزەت ئاسىم ئەپەندى

— ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

يازغۇچى، ئەدەبىي تەرجىمان، ژۇرنالىست ئەكبەر غولام ئەپەندى

ـ ئادىل ئىسمائىل فوتوسى




《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅

主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008－6498

国内统一刊号：CN65－1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号

邮　　编：830001　电话：（0991）2856942

印　　刷：《新疆日报》印务中心

发　　行：乌鲁木齐市邮局

订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2007 ـ يىل 1 ـ سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب

ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)

باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە تارقىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 ـ نومۇرلۇق قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58－22 باھاسى: 5 يۈەن